
# غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت



ئابدۇقېيۇم خوجا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


ئابدۇقەييۇم خوجا

# غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ۋەلى، ئەنۋەر داۋۇت،
رەيھانگۇل قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مۇتەللىپ
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ پېيچىن

غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت
ئابدۇقېيۇم خوجا
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.5، قىستۇرما ۋارىقى: 6
1995 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1995 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2060
ISBN7—228—02695—0/K·280
باھاسى: 7.20 يۈەن



يولۋاس سۈرەتلىك ئالتۇن قاداق
(ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ئالغۇي قەدىمكى
قەبرىلەردىن تېپىلغان)



ئالتۇن كىيىملىك شاھزادىنىڭ ئەسلىگە
كەلتۈرۈلگەن كىيىملىرى
(قازاقىستاندىكى «ئېسىك قەدىمكى قەبرىسى»
دىن تېپىلغان)




جۈپ يولۋاس
سۈرەتلىك
ئالتۇن قاداق

(ئۈرۈمچى ئەترا
پىدىكى ئالغۇي
قەدىمكى قەبرىلەرد
دىن تېپىلغان)



ئايال جەسىتى (چەرچەن
ناھىيىسى زاغۇنلۇق قەدىمكى
قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان)



رەڭدار ساپال قاچا
(نەنسەن كان رايونىغا تەۋە
ئالغۇي جىلغىسىدىكى قەدىمكى
قەبرىلەردىن تېپىلغان)




ئەر جەسىتى
(چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق قەدىمكى
قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان)



ئالتۇن كەمەر توقىسى
(قاراشەھەردىن تېپىلغان)



لايدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى
(1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن
تېپىلغان)




ئاتلىق ئەسكەر ھەيكىلى
(لايدىن ياسالغان، 1972 ـ يىلى تۇرپان
ئاستانىدىن تېپىلغان)



رەڭدار يۇڭ توقۇلما
(لوپنۇردىكى قەدىمكى قەبرىدىن
تېپىلغان)

ئامۇت ۋە ياڭاق
(تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى
قەبرىلەردىن تېپىلغان)





چاپخا جىلغىسىدىكى تاش
دۆۋىلىك قەدىمكى قەبرىلەر



قەدىمكى جەسەت (ئايال)
(لوپنۇر رايونى كۆنچى دەريا
بويلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن
تېپىلغان)






تاش ئوق ئۇچى (باشاق)
(1959 ـ يىلى تۇرپان ئاستا
نىدىكى قەدىمكى ئىزدىن تېپىلـ
غان)

قەدىمكى جەسەت (ئايال)
(لوپنۇر رايونى كۆنچى دەريا
بويلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر
دىن تېپىلغان)

تاش كومزەك
(موڭغۇلكۈرە ناھىيە شوتىدىكى
قەدىمكى قەبرىدىن تىپىلغان)





تۇچ بويۇن ئاسقۇ
(كۈنەستىكى قەدىمكى قەبرىدىن تىپىلغان)

## سۆز بېشى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئو-
لوگىيىسىنى سىستېمىلىق يورۇتۇپ بېرىش — يۇرتىمىزنىڭ
ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان
چوڭ تېما.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى (1904 — 1930 - يىللار) چەت
ئەل ئارخېئولوگلىرى ۋە ئېلىمىزنىڭ پېشقەدەم ئارخېئولوگى
خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى قاتارلىقلار قۇمۇل، تۇرپان، لوپنۇر
قاتارلىق جايلاردىن ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتىگە ئائىت
قەدىمكى ئىزلارنى ۋە قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ تاپقان.
يەر ئۈستىدىن بىر بۆلۈك تاش قورال، رەڭلىك ساپاللارنىمۇ
يىغىۋالغان. بەزى مۇھىم نۇقتىلاردا سىناق تەرىقىسىدە كىچىك
كۆلەملىك قېزىشلارنىمۇ ئېلىپ بارغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1956 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى
قېتىملىق «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە كۇرسى» ئېچىلىپ، ئۇيغۇر،
قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن بىر تۈركۈم
كەسپىي خادىملار تەربىيىلەندى. بۇ كۇرسقا بېيجىڭدىن پرو-

مەشھۇر شيا نەي ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگلار كېلىپ دەرس ئۆتكەندىن باشقا، جۇاڭ مىڭ ئەپەندى (هازىر دۆلەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) قاتارلىق كىشىلەر كۇرسانتلارنى تۇرپانغا پراكتىكىغا ئاپىرىپ، دالا تەكشۈرۈش، قېزىپ تەكشۈرۈش، خەرىتە سىزىش - ئۆلچەش مەشغۇلاتلىرىنى ئۆتكۈزگەن. بۇ كۇرستا ئوقۇغان كۇرسانتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى هازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلار ئەترىتىدە كەسپىي تايانچىلارغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىۋەتتى.

60 - يىللاردا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس ئارخېئولوگىيە، تارىخ كەسپىنى ئوقۇغان بىر تۈركۈم يېڭى كۈچلەر ئاپتونوم رايونىمىزغا تەقسىم قىلىندى. ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بىلەن بىللە ھەر خىل قېزىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. تاكى 80 - يىللارغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تارماق ئەترىتىدىكى خادىملار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت بىرمۇنچە ئورۇن ۋە يادىكارلىقلارنى تاپتى؛ بەزى قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈردى ۋە تەكشۈرمەكتە؛ تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى رەتلىنىپ، تەتقىق قى

لىنىدى، بىرمۇنچە ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى، قېزىش
دوكلاتلىرى ۋە مەخسۇس تېمىلاردىكى ماقالىلەر ئېلان قى-
لىنىدى. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى
بوشلۇقى قىسمەن تولۇقلاندى.
مەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيەئەترىتى
بىلەن كۆپ قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئارخېئو-
لوگىيىلىك قېزىشلارغا قاتناشتىم. ئۇزۇن يىللىق دالا خىزمەت-
لىرىدە ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى،
خېلى كۆپ تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىنى يازدىم، رەتلىدىم، ما-
تېرىياللارنى توپلىدىم. كۆپچىلىكنى يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي
جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن بىر قەدەر سىستېمىلىق چۈشەن-
چىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھازىرچە بار بولغان نەچچە ئون
يىللىق ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ ئەسەرنى تەييارلىدىم. ئەسەر
ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى
ئىككىنچى بۆلۈم ئىگىلەيدۇ. بۇ بۆلۈمدە يۇرتىمىزنىڭ ئىپتى-
دائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتى «يەنى ئالتاي مەدەنىيىتى» (تار-
ماقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، «تىيانشان مەدەنىيىتى»(ئاساسەن
ئالتە تارماقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، «تارىم مەدەنىيىتى» (ئاسا-
سەن تۆت تارماقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق مەدەنىيەت
يىغىندىلىرىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق تونۇشتۇردۇم. ھەر بىر
تارماق مەدەنىيەتنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنىڭغا تەۋە بىرقانچە
قەدىمكى ئىز، قەدىمكى قەبرىلەر ئىچىدىن بىر - ئىككى ئالا-
ھىدە نۇقتىنى يىغىنچاقلاپ تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەندىم
(چۈنكى، بۇ ھەقتە بەزى تەپسىلىي دوكلاتلار ئىلگىرى مەتبۇ-
ئاتلاردا تونۇشتۇرۇلغان). پايدىلىنىشقا قولايلىق بولسۇن
ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك خەرىتە، فوتو سۈرەتلەرنىڭ بىر
قىسمىنى قوشۇمچە قىلدىم. بۇ ئەسەردە، ئومۇمەن ھازىر قو-
لىمىزدا بار نەق ماتېرىياللار ئۈستىدە تونۇشتۇرۇش، تەھلىل،

مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلپ پەقەت يۇرلەمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىنىڭ بىر قىسمى دېيىشكىلا بولىدۇ.

سەۋىيەم چەكلىك بولغاچقا، خاتالىقلاردىن خالىي بولۇشۇم قىيىن، كەسپداشلارنىڭ تۈزىتىشىگە، تولۇقلىشىغا موھتاجمەن.

## مۇندەرىجە

ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرى .......................... 1
كونا تاش قوراللار (پالېئولىت) دەۋرى ............. 1
يېڭى تاش قوراللار (نېئولىت) دەۋرى .............. 4
ئالتاي مەدەنىيىتى ...................................... 9
تىيانشان مەدەنىيىتى .................................. 12
قارىم مەدەنىيىتى ...................................... 41
ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئىپتىدائىي سەنئەت ............ 78
ئىپتىدائىي ئېتىقاد ...................................... 78
ئىپتىدائىي سەنئەت ...................................... 87
شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارى-
خىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ............ 110
چارۋىچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تارىخىغا ئائىت ئارخېئو-
لوگىيىلىك مەلۇماتلار ........................... 111
دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئو-
لوگىيىلىك مەلۇماتلار ........................... 128
قىيا تاش رەسىملىرى ................................ 159
كۆجاي قىياتاش رەسىملىرى ........................ 159
پەنجىرتاغ قىياتاش رەسىملىرى ....................... 160
توغراق بۇلاق قىياتاش رەسىملىرى .................. 196
قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرى، مەدەنىيەت ئىگىلىرى
ۋە تارىخىي باغلىنىشلىرى ھەققىدىكى قاراشلار ... 204

**ئىلى ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ......... 211**
ئاق تۆپە قەدىمكى ئىزى ......... 217
چوڭ تېپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر، قەدىمكى
مىس كان ئىزى ۋە ئۇلاردىن تېپىلغان
يادىكارلىقلار ......... 219
نۇراساي جاغىسىدىكى قەدىمكى مىس كان ئىزى ... 232
تاش ھەيكەل (بالبال)، سىنتاش ۋە ئۇنىڭغا مۇناس-
ۋەتلىك تاش پاسىللىق قەبرىلەر ......... 235
قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى ......... 250
قەدىمكى تۈرك (تۇرقۇن) يېزىقى چېكىلگەن قەبرە
تېشى ......... 253
ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان
نېستورىيان دىنىي يادىكارلىقلىرى ......... 256
غۇلجا ناھىيىسىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى ...... 262
قەدىمكى شەھەر ئالمالىق ......... 264
تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ......... 274
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلانغان جايى —
ئۇلاستاي ......... 283
خانتەڭرى باغرىدىكى خاتىرە تاش ......... 284
**ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئىشلەتكەن يېزىقلىرى ......... 292**
ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ......... 292
ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ......... 319
قەدىمكى تۈرك (تۇرقۇن) يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ... 328
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ......... 333
قاراخانىلار سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە
ئائىت ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى
نادىر ئۆلگىلەر ......... 346

# ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرى

## كونا تاش قوراللار (پالېئولىت) دەۋرى

ئىپتىدائىي جەمئىيەت — ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلغان باسقۇچ. هازىرقى زامان پەن تەتقىقا-تىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى 2 – 3 مىلىيون يىلدەك ۋاقىتنى بىسىپ ئۆتكەن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە، ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئەمگىكى تاش قورال ياساشتىن باشلانغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئىنسانلار توپ - توپ بولۇشۇپ، ئەمگەك ۋە هەرىكەت قى-لىشاتتى. ئۇلار ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن قولغا كەلتۈرگەن غەنىيمەتلىرىنى تەڭ تەقسىم قىلىشاتتى؛ نىكاھلىنىش شەكلى — ئىپتىدائىي توپ نىكاھلىنىش بولۇپ، كېيىنكى باسقۇچلارغا كەلگەندە قانداش ئائىلىگە، يەنى بوغۇنلار بويىچە ئايرىلى-دىغان نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئائىلىگە قەدەم باسقانىدى. ئەمگەك ئادەمنى تەدرىجىي تاكامۇللاشتۇردى. ئىن-سانلار ئوتنى تاپتى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلدى. ئوتنىڭ تېپىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى چوڭ سەكرەش بولۇش بىلەن بىللە، ئاخىرقى هېسابتا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشى ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇهىم قورال بولغانىدى.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تا يېقىنقى يىللارغىچە كونا

تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلمىغانىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە، پامىر ئېتەكلىرىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا تەۋە بولغان قەدىمكى ئىز تېپىلدى. بۇ ئىزلار تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يەنى دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتر ئېگىزلىكتىكى تىزناپ يېزىسى جىرغال مەھەللىسى تەۋەسىدە تېپىلدى.

ئەسلىدە، تاشقورغاندىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا كۆچمە جىنسلاردىن ھاسىل بولغان بالداقلىق ئېگىزلىك شەكىللەنگەن. قەدىمكى ئىز دەل ئاشۇ ئېگىزلىكنىڭ ئوچىنچى بالداق ئېگىزلىكىدىكى تىك يارنىڭ قېتىمىدىن تېپىلغان (ھازىرقى دەريا قېتىدىن ئون مېتر ئېگىزلىكتە)، بۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېلنىڭ N37°31′، شەرقىي مېرىدىئاننىڭ E75°23′ — 24″ بۆلەكلىرىدە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئىزدىن كۆيگەن قىزىل توپا (ئوت) قاتلىمى، 6 مېتر چوڭقۇرلۇقتىن قەدىمكى ئىنسانلار ياققان ئوتتا كۆيگەن نەرسىلەرنىڭ كۈلى، چالا كۆيگەن ياغاچ ۋە سۆڭەكلەر تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمكى ئىنسانلار چوقۇپ ياسىغان تاش قورال، تاش ياپراقلار تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭ كۋارتس تاشلاردىن ياسالغان قورال ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

1981 - يىلى 8 - ئايدا، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىكى مەلۇم جايدا قۇرۇلۇش ئورنىنى تۈزلەش جەريانىدا ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسىملىرى، يەنى ماڭلاي سۆڭەك، چېكە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، كېپىنەك سۆڭىكىدىن ئىبارەت توت پارچە

تاشقا ئايلانغان جىسىم تېپىلغان. 1983 - يىلى 7 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ئىلمىي خادىملار بىرلىكتە بۇ جاينى قايتا تەكشۈرۈپ، يەنە ئۈچ پارچە (سول تەرەپ چېكە سۆڭىكى، قولاق ئاستى سۆڭىكى قاتارلىق) تاشقا ئايلانغان جىسمىنى تاپقان. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىنىڭ كەم قىسمى تولۇقلانغان. ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى ئاتۇش ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئاتۇش ئادىمى» دەپ نام بېرىلگەن.

«ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم تېپىلغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىل خۇسۇسىيىتى ۋە تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى، يەر قاتلىمى ئانالىزلىرىغا قارىغاندا، ئۇ — كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەئەللۇق بولۇپ، 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەن. ئۇنىڭ تەخمىنەن دەۋرى بۇنىڭدىن 10 — 30 مىڭ يىللار ئىلگىرى، دەپ پەرەز قىلىنماقتا. «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تېپىلىشى يىراق قەدىمكى زامانلاردا ئاتۇشتا ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ئالاھىدىلىكى، بەدەن قۇرۇلۇشى تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە يۇرتىمىزنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش، يۇرتىمىزدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەملەر توپلىرىنىڭ تارالغان دائىرىسىنى ئېنىقلاش، جۇملىدىن ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى جۇغراپىيىلىك ئەھۋال-

لارنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق بىر مۇنچە مۇھىم ئىلمىي مەسىلىلەردە بىزنى ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاتۇش ناھىيىسىدىكى بوغاز دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا ئەسلىدە ئۈچ بالداقلىق ئېگىزلىك بولۇپ، «ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان پارچىلىرى تېپىلغان ئورۇننىڭ كەسمىسى يەتتە قەۋەت ئىكەن. باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان پارچىلىرى ئۇنىڭ 6 - قەۋىتىدە ساقلىنىپ قالغان. «ئاتۇش ئادىمى» تېپىلغان جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان E75°05′، شىمالىي پاراللېل N39° -44′ — 45′ قا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئورۇندىن يەنە قەدىمكى ھايۋان (ھايۋان نامى تېخى ئېنىق ئەمەس) نىڭ 40 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچە تاغاق سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى تېپىلغان. بۇ ئورۇن ھازىرچە تېخى رەسمىي قېزىپ تەكشۈرۈلمىدى.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان تاشقورغاندىكى جىرغال قەدىمكى ئىزى بىلەن «ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر بۆلۈك قىممەتلىك ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## يېڭى تاش قوراللار (نېئولىت) دەۋرى

ماترىئارخاللىق، پاترىئارخاللىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان نەچچە ئون يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر بۇ دەۋرلەردە تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالىي، شەرقىي ۋە جەنۇ-

بىي ئېتەكلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قاراقۇرۇم (كۇئېنلۇن) ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى، بىپايان تەكشىلىكلەر ۋە دەريا ۋادىلىرى، تارىم ۋادىسى، تۇرپان ۋادىسى، يارىش تۈزلەڭلىكى* (جۇڭغارىيە ۋادىسى) ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا ئورۇنلاشقان ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا خېلى راۋاجلانغان. ئۇ دەۋرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساس، چارۋىچىلىق ۋە باشقىلار قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغان بولسا، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلاردا چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق، دەريا ۋادىلىرى ۋە مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەردە دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان.

ھازىرغىچە قېزىۋېلىنغان ئاسارئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، يېڭى تاش قوراللار (ۋە سىپتا تاش قوراللار) دەۋرىدە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق يۇرتىمىزدا مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇن تۇتقان.

تەخمىنەن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىن تاكى بۈگۈندىن 8 — 10 مىڭ يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگىچە بولغان بۇ يىراق قەدىمكى زاماندا، ئەجدادلىرىمىز چوقۇش - يونۇش ئۇسۇلى بىلەن قوپال، يىرىك تاش قوراللارنى ياساپ ئىشلىتىشتىن تەرەققىي

---

* قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقىدا پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ھازىرقى جۇڭغارىيە ۋادىسى «يارىش يازىق» يەنى يارىش تۈزلەڭلىكى دېيىلگەن.

قىلىپ، كۆپ مىقداردا سىپتا ـ سىلىق، ئەپچىل تاش قوراللارنى ياساپ ئىشلىتىدىغان بولغان. بۇ تەرەققىيات يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىمۇ زور دەرىجىدە كېڭگەيتكەن. ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل سىلىق تاش قوراللىرىغا ئۆتكۈر بىس چىقىرىپ (تاش پىچاق، تاش باشاق، يەنى ئوق ئۇچى، ھەر خىل ئۇچاۋق قوراللار)، تۆشۈك تېشىپ، ئۇلارغا ياغاچ ۋە سۆڭەكتىن دەستە (ساپ) بېكىتىپ، ھەر خىل ھايۋانات — ئۇچار قۇشلارنى ئوۋلىغان، بېلىق تۇتقان. ئۇلار تۇرلۇك قىرىش، يونۇش، كېسىش قوراللىرىنى ياساپ، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى، يۇڭ ـ تېرىلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. ئىپتىدائىي كەنت ۋە بوستانلىقلاردا ياشىغان ئەجدادلار سۈركەپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى تاش قوراللار — تاش پىچاق، تاش ئورغاق، يارغۇنچاق، تاش كەتمەن، تاش ئوتىغۇچ، تاش پالتا، ھاۋانچا تېشى (يانچىش قورالى)، تاش بازغان قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلەتكەن. بەزى ئىپتىدائىي كەنتلەردىن تېپىلغان ياغاچتىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە سۆڭەك، ياغاچ ۋە تاش جىنسلاردىن ياسالغان ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى (ھەر خىل مارجان، ئاسقۇ، يىڭنە، بېگىز، تارغاق قاتارلىقلار)؛ ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، تېرىق (سۆك)، چۆجگۈن (قىياق)، ئارپا قاتارلىقلار؛ دورا ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرى، ئۈنگۈدىن باشقا زىغىر، ياۋا كەندىر (لوپنۇر كەندىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىنى ئەڭ مۇھىم ماددىي ئاساسلار بىلەن تولۇقلىماقتا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سىلىق تاش قوراللار مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزى قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان، يوپۇرماق شەكلىدە ياسالغان تاش باشاق ۋە تاش نەيزىلەر ئۆتكۈر قورال بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى ئۇلارنىڭ سۈركەش ئۇسۇلى بىلەن بېلىق تەڭگىسى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن نەپىس كۆرۈنۈشى بىر خىل ساددا تەبىئىي گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىلەر بىر خىل ئىپتىدائىي ھۈنەر ــ سەنئەت بۇيۇملىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يىراق قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يازغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا، سىپتا تاش قوراللار ۋە سۈركەپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن بىللە، رەڭدار ساپاللار ۋە برونزا بۇيۇملارمۇ مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا، سۈركەپ ياسالغان سىپتا تاش قوراللار بىلەن برونزا قوراللارنى بىللە ئىشلەتكەن برونزا قوراللار دەۋرى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەت تەرەققىياتى تەدرىجىي قۇللۇق جەمئىيەت دەۋرىگە قەدەم قويدى.

ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان قەدىمكى ئىپتىدائىي كەنت ئىزلىرى، قەدىمكى تۇرالغۇ جاي ئىزلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلار نەچچە يۈز ئورۇندا تېپىلدى ۋە داۋاملىق تېپىلىۋاتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشى، مۇرەككەپ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مەدەنىيەتلەر بىلەن قوشنا جايلاردىكى ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى، يىراق قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتنىك تەركىبىنىڭ ھەرخىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن

مۇشۇ ئامىللارنىڭ تەرەققىياتى قوشنا ئەللەر بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنلىكتىن، ئەجدادلىرىمىز ئۆز يېرىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئىگە خىلمۇ خىل ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى بۇ بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ 41 - ۋە 44 - پاراللېللار ئارىلىقىدىكى كەڭ بەلباغقا، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى قىسمىغا كۆپرەك جايلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ بەلباغدا شەرقتىن غەربكە قاراپ سانىغاندا ئاراتۇرك، قۇمۇل، بارىكۆل، مورى، پىچان، تۇرپان، توقسۇن، ئالغۇي، ئۈرۈمچى، قارا شەھەر، ئىلى، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلار بار. جەنۇبتا خۇتەن، ئەڭ غەربتە بولسا قەشقەر ۋە تاشقورغانلار بار. بۇ جايلاردىن تېپىلغان ۋە قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئورتاق ۋە ئومۇمىي بەلگىلىرى بويىچە تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇششاق تاش قوراللار (مىكروليت) نىڭ بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھازىر قولىمىزدا بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن يەكۈنلىگەندە، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئۇششاق تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن ئەجدادلىرىمىز ياشىغان تۈرلۈك جاي ئىزلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىن غەربىي جەنۇبىغىچە سوزۇلغان كەڭ بەلباغقا تارالغان.

ئىككىنچى، ھەر خىل گۈل - نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن رەڭدار ساپاللار كۆپ ئۇچرايدىغان قەدىمكى تۈرلۈك ئىزلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەرقىي ۋە مەركىزى رايونلىرىغا جايلاشقان.

ئۈچىنچى، بىر قەدەر چوڭراق، سىپتا ۋە سۇركەپ ـ سىدـ لىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قورالالار. ھازىرغىچە بۇ خىل ئارخېـ ئولوگىيىلىك مەدەنىيەتكە دائىر ئىزلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى يەرلەردىن كۆپرەك بايقالدى.

تۆتىنچى، بۇنىڭدىن تەخمىنــەن 3000 — 4000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI — V ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە بولغان ۋاقىتتىكى سىلىق ـ سىپتا تاش قورالالار بىلەن برونزا قورالالار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر، يەنى برونزا مەدەنىيىتى دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ خىل مەدەنىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق ھەر خىل قىممەتلىك برونزا بۇيۇملار داۋاملىق تېپىلماقتا.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئوـ لوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان، يېڭى تاش قورالالار دەۋرىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان قەدىمكى ئىپتىدائىي كەنت ۋە تۇرالغۇ جاي ئىزـ لىرى، قەدىمكى قەبرىستانلىقلار ھەمدە بۇ جايلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يەنە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت رايونىغا ۋە بىرمۇنچە تارماق بۆلەكـ لەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## ئالتاي مەدەنىيىتى

ئالتاي تاغلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شىمالدىن غەربكە، ئاندىن جەنۇبتىن شەرققە سوزۇلغان. غولى موڭغۇلىيە تەۋەـ سىدە بولۇپ، مەملىكىتىمىز تەۋەسىدىكى قىسمى ئوتتۇرا قىسـ مىنىڭ جەنۇبىي باغرىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 500 كىلوـ مېتىر ئۆپچۆرىسىدە. ئالتاي تاغلىرى ئاساسەن ئۇزۇك پارچىلارـ

نىڭ ھەرىكىتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تۈزلۈش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن پەلەمپەي شەكىللىك ئۈزۈك تاغ يېرى ھاسىل بولغان. دۆلىتىمىز چېگرىسىدىكى تاغ قىرىدىن ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغىچە ئۈچ - تۆت پەلەمپەي بار. تاغ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا بارا - بارا پەسلەپ بارىدۇ. تاغ ئالدىدىكى تۈزلەڭلىك شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قىيسايغان، تاغ قىرىنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېترغا يەتمەيدۇ. ئەڭ ئېگىز «دوستلۇق چوققىسى» دېڭىز يۈزىدىن 4374 مېتر ئېگىز.

ئالتاي تاغلىرى گۈزەل ۋە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى قەدىمىي، مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تولغان. ئەجدادلىرىمىز ئۇ يەردە ياشاپ، ئاۋۇپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ياراتقان، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئالتاي تەۋەسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ئىشلەنمىدى.* شۇڭا، تۆۋەندە «ئالتاي مەدەنىيىتى» نىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان قەدىمكى ئىز، قەدىمكى قەبرە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر قولىمىزدا بار، تەكشۈرۈلگەن ئاز بىر قىسىم ماتېرىياللار بويىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى. «ئالتاي مەدەنىيىتى»گە مەنسۇپ يەنە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇنىڭدىن كېيىن تېپىلغۇسى.

---

* 1987 - يىلىدىن باشلاپ ئالتاي رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قايتىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە ئائىت ئىزلار ۋە سىپتا ئىشلەنگەن تاش قوراللار تېپىلدى.

1) چىمىرشىك قەدىمكى قەبرىلىرى

ئالتاي شەھىرىنىڭ چىمىرشىك دىگەن جايىدىن بىر قەدەر بالدۇرقى دەۋرگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم تاش تاۋۇتلۇق لەھەت (قەبرە) لەر تېپىلدى. بۇ تاش تاۋۇتلار تەبىئىي چوڭ ياپىلاق تاشلاردىن چاسا شەكىلدە ياكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە ياسالغان. تاش تاۋۇتلارنىڭ ئۈستىگە چوڭ ياپىلاق تاش يېپىلغان بولۇپ، قەبرىنىڭ ئاستىغا تاش ياتقۇزۇلمىغان. بەزى قەبرىلەرگە بىرنەچچە، بەزىلىرىگە 20 گە يېقىن مېيىت دەپنە قىلىنغان. ئادەتتە، بەزى قەبرىلەر ئائىلە، ئۇرۇقلار بويىچە ئايرىۋېتىلگەن بولسا، بەزى قەبرىلەر يالغۇز ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قەبرە ئالدىغا سىنتاش ياكى سىنتاشقا ئوخشايدىغان ئېگىز تاشلار تىكلەنگەن. بۇ قەبرىلەردىن چىققان يادىكارلىقلار ئىچىدە سىلىق قىلىپ ئىشلەنگەن يوپۇرماق شەكىللىك ئۈچ قىرلىق تاش باشاق (ئوق) لار، تاش ئاياغ (قاچا)، قوشماق تاش قەدەھ، تاش ھاۋانچا، تاش قېلىپ ۋە ھەر خىل زەيتۇن شەكىللىك ساپال قاچا، كىچىك برونزا پىچاق، برونزا نەيزە، برونزا كۆرگۈ، برونزا باشاق، سۆڭەك ئوق ئۇچى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تاش ئوقلار لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان تاش ئوقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاش ئاياغ، قوشماق تاش قەدەھ، زەيتۇن شەكىللىك ساپال قاچا قاتارلىقلار بىر قەدەر ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، ئۇلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى مىنونىسكىغا يېقىن قاراسۇق دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغان «قاراسۇق مەدەنىيىتى» يادىكارلىقلىرىغا تولىمۇ ئوخشايدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى قاراسۇق مەدەنىيىتىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000 — 5000 يىللارغا تەئەللۇق دەپ قارىماقتا.

### 2) تاڭبالى تاس (تامغىلىق تاش) غارىغا سىزىلغان رەسىملەر

كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى تاڭبالى تاس غارىغا بىر خىل تەبىئىي قىزغۇچ مىنېرال بوياقتا رەسىملەر سىزىلغان. رەسىملەرنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئوخشاش مەركەزلىك ئىككى يۇمىلاق نەرسە، يېنىغا بۇلۇتقا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل سىزىلغان. تۆۋەن تەرىپىگە بېشىغا پەي قىستۇرۇلغان قالپاق كىيگەن، پېشانىسىدە بىر مۇنچە قىسقا تورۇقلىرى بار ئادەم رەسىمى سىزىلغان، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى، قاشلىرى، ئاغزى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ (بۇ خىلدىكىلىرى ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تاغلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ). تاڭبالى تاس غارىدىكى رەسىملەر يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچلىرىغا ئائىت غار رەسىملىرى بولۇشى مۇمكىن.

## تىيانشان مەدەنىيىتى

تىيانشان تاغ تىزمىسى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 250 — 300 كىلومېتر، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومېتر، ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. تىيانشان تاغلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، خۇددى ئىككى قانىتىنى كېرىپ تۇرغان قىران بۈركۈتكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۈچ قاتار قاتلام تاغدىن ۋە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئويمانلىقتىن تەركىب تاپقان. تاغ قىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدا ئېگىز چوققىلاردىن تۆمۈر چوققىسى (7453·3 مېتر)، خانتەڭرى

ری چوقـقىسى (6995 مېتـر)، بوغدا چوققىسى (5445 مېتر) بار. تىيانـشان تاغلىرى ئېلىمىز بويىچە مۇزلۇق كۆلىمى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىر 6986 جايدا چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بار. قاتـار كەتكەن تاغ تىزمىـلىرى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمـايدىغان بىر قاتار ئويمانلىق ۋە جىلغىلار- نى، مەسىلەن، باي، قاراشەھەر، قۇمۇل ۋە يۇلـتۇزغا ئوخشاش ئويمانلىقلارنى، ئىلى، ئۈچتۇرپانغا ئوخشاش جاغىلارنى ھاسىل قىلغان. ئۇنـىڭدىن باشـقا. بۇ خاسـىيەتلىك تاغ تىزمـىسىدا ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانـلار، ئوزۇقلۇقى مول ھەر خىل ياۋا مېۋىلەر، ئېـسىل دورا ئـۆسۈملۈكـلىرى، ياۋا كـۆكـتات، ياۋا زىرائەتلەر ناھايىتى مول بولغاندىن تاشـقىرى، يەنە كۆلىمى ناھايىتى كەڭ ئورمان، ئورمان بەلباغلىرى، پايانسىز يايلاقلار بار. تىيانشان تىزمىسىدىن ھاسـىل بولغان يۈزلەرچە دەريا - ئېقىن، تارماق - تارامـلار تىـيانـشان باغرىدىكى ۋادىـلارغا قاراپ ئاقىدۇ. تىيانشان تاغلىرى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەۋزەل، تەبىئىي شارائىـتى بىلەن جانلىقـلارنى، جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئىنـسانلارنى تەمىن ئەتكەن. شۇڭا، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇ ئانا تاغنى «تەڭرىتاغ» دەپ ئاتىغان ۋە بۇ تاغـنى ئۆزىـنىڭ بۆشۈكى قىـلىپ، بۇ يەردە ياشاپ ئاۋۇغان ھەمدە ئۆزىگە خاس «تىيانشان مەدەنىيىتى» نى ياراتقان. ھازىرغىچە تېپىلغان (ۋە تېپىلىۋاتقان) ئارخېئولوگـىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋە- سىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئىچىدە «تىيانشان مەدە- نىيتى» گە مەنسۇپ قەدىمىي ئىزلار دائىرىسى كەڭ، سانى كۆپ، دەۋرى ئۇزاق، تۈرى ھەر خىل، يادىكارلىـقلىرى ئۆزگىـچە ۋە رەڭگـارەڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

«تىيانشان مەدەنىيتى» نىڭ تارماق، بۆلەكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) قۇمۇل ـــ بارىكۆل تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار:

(1) بارىكۆلدىكى نەنۆەن (؟) قەبرىستانلىقى؛

(2) بارىكۆل تاش ئادەم يېزىسىدىكى قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەر؛

(3) ئاراتۈركتىكى كارساك قەدىمكى ئىزى، باغچىلار ئاداق قەدىمكى قەبرىلىرى؛

(4) قۇمۇلدىكى قارا دۆك قەدىمكى ئىزى ۋە قارا دۆۋە قەبرىگاھلىقى، تاشار قەدىمكى قەبرىلىرى؛

(5) قۇمۇل يانبۇلاقتىكى قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەر؛

(6) قۇمۇل لاپچۇق قەدىمكى ئىزى، لاپچۇق قەدىمكى قەبرىلىرى؛

(7) قۇمۇل يامانسۇ قەدىمكى ئىزى؛

(8) يەتتە قۇدۇق قەدىمكى ئىزى؛

(9) قۇمۇل قىزىل چوقىقا (ئۇباۋ) قەدىمكى ئىزى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەزى قەدىمكى ئىزلاردا سىپىلى تۇپا بىلەن خادىداپ ياسالغان تۆت چاسا كىچىك قەلئەلەر بار. سىپىل ئىچىدە ئۆي ۋە زىندانلارنىڭ ئىزلىرى بار، بۇ جايدىن تېپىلغان رەڭدار ساپاللار بىلەن ھەر خىل تاش قوراللار بۇ دائىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغانلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بارىكۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا كۆلىمى 20 × 30 مېتىر كېلىدىغان قەدىمكى تاش دۆۋە بار. بۇ ئورۇن قېزىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىدە تاش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ خىل ئىمارەت ئىزلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇلكۈرە، ئاراتۈرك ناھىيىلىرىنىڭ تاغلىق جايلىرىدىمۇ تېپىلغانىدى.

بۇ قەدىمكى تاش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتنىڭ تاشتىن ياسالغان تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتر، قېلىنلىقى 3 مېترچە كېلىدۇ. بۇ ئىمارەت دائىرىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ـ تاشقىرى قىلىپ سېلىنغان، ئىشىكلىرى شەرققە قارايدۇ. تېگىدە ياغاچ تۈۋرۈك ئىزلىرى بار. ئۆيلەر-گە ئىشلىتىلگەن تاشلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە تۆت ـ بەش ئەر كىشى ئاران يۆتكىيەلەيدىغان چوڭ تاشلار بولۇپ، ئۇنىڭ يان تەرىپى پۈتۈنلەي ئۆز زامانىسىدىكى تاشچىلار تەرىپىدىن ياسىلىپ سىيلىقلانغان. بۇ خارابىدىن چوڭ تىپتىكى پۈتلۈق برونزا قازان، برونزا پەچاق، برونزا ئۈچكە، برونزا پالتا، قوش قۇلاقلىق ساپال قاچىلار، رەڭدار ساپال قاچىلار، چوڭ بىلەي، سالغاتاش، يارغۇنچاق، ئادەم ئىسكىلىتلىرى ۋە ئات، كالا، قوي سۆڭەكلىرى، كۆيگەن ئارپا دانلىرى قاتارلىق نەر-سىلەر تېپىلغان. بۇ ئورۇندىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 (C14) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۈگۈندىن 3280 يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

قەدىمكى قەبرىلەردىن ئالاھىدە ھېسابلانغانلىرى بارىكۆل ناھىيىسىدىكى نەنۋەن قەدىمكى قەبرىلىرى بولۇپ، بۇ قەبرىلەر تار ۋە تىك شەكىللىك قىلىپ قېزىلغاندىن كېيىن ئىچىگە يۇمىلاق ياغاچلاردىن كېشەك ياسالغان، بەزى قەبرىلەردە بۇ خىل ياغاچ قۇرۇلما ئىككى قەۋەت بولۇپ، خۇددى ئۆيگە ئوخشايدۇ. ئاز ساندىكى قەبرىلەرگە ئىككى مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن تاشقىرى، كۆپىنچە قەبرىلەرگە بىردىن مېيىت دەپنە قىلىنغان. ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ھەر خىل رەڭلىك ساپال قاچىلار ۋە ھەر خىل برونزا بۇيۇملار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. قىزىل، قوڭۇر رەڭلىك ساپاللار ئىچىدە قوش قۇلاقلىق، تۆت قۇلاقلىق كومزەكلەر، بىر قۇلاقلىق كوزا ۋە بىر قۇلاق-

لىق قەدەھلەر ئۈزگىچە بولۇپ، ئۇلارغا تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك، قىيپاش يوللۇق، تورسىمان ۋە دۆڭگىلەك چېكىتلىك. كرېست (+) شەكىللىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. برونزا بۇيۇملاردىن كىچىك برونزا پىچاق، برونزا ھالقا، برونزا بىگىز، برونزا توپچا (تۈگمە)، برونزا باشاق قاتارلىقلار بار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بۇ قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن كىچىك سوغا، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ ئاياغ، ياغاچتىن ياسالغان ساپان قاتارلىق بۇيۇملار؛ سۆڭەك بۇيۇملاردىن: سۆڭەكتىن ياسالغان بىگىز، مارجان قاتارلىقلار ھەمدە تېرىق نېنى، ئارپا باشقى، بۇغداي دېنى قاتارلىقلار تېپىلغان.

قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرچە ئېنىقلانغان كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ جايدىكى قەبرىلەر تىك ۋە تار قىلىپ قېزىلغاندىن كېيىن، ئومۇمەن ھەر بىر قەبرىگە بىردىن مېيىت دەپنە قىلىنغان. ئاخىرەتلىكلەردىن مېيىتكە كىيدۈرۈلگەن تېرە (ئاشلانغان) ۋە يۇڭ توقۇلما كىيىم - كېچەكلەر كىشىنىڭ دىققىتىنى بەك جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن، بەزى مېيىتلارغا رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن يۇملاق ياقىلىق ئۇزۇن تون، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تېرە شالۋۇر، ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. يۇڭ توقۇلمىلارغا ھەر خىل رەڭدىكى جۇلالىق يۇڭ يىپلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان. قىزىل، قوڭۇر ۋە قارا رەڭلىك يۇڭ يىپلار ئار-قىلىق چوڭ - كىچىك كاتەكچىلەر، كەڭ - تار يوللۇق سىزىق-چىلار كۆركەم قىلىپ توقۇلغان. يۇڭ يىپلاردا ئىشلەنگەن يەنە بىر پارچە كەشتىنىڭ تېگى قىزىل، كەشتىسى سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئۈچ بۇرجەك گۈل نۇسخىسى كەشتىلەنگەن. بۇ قەبرىلەردىن يەنە ياغاچ، تاش، ساپال بۇيۇملار ۋە بىر قىسىم برونزا بۇيۇملارمۇ تېپىلغان. قۇرغاق ھاۋا سەۋەبىدىن

بۇ قەدىمكى قەبرىلەرگە كۆمۈلگەن جەسەتلەر چىرىمەي، قۇرۇپ قېتىپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، بۇرنى قاڭشارلىق، چاچلىرى سارغۇچ، بۇدۇر، بەزى ئايال (جەسەت) لارنىڭ بەلگە چۈشىدىغان ئۆرمە چاچلىرى بار. هازىرقى قۇرۇپ قېتىپ قالغان سىياقىدىن ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندا تەقى - تۇرقى جايىدا، ئۆڭ - چىرايى قاملاشقان ئادەملەر ئىكەنلىكى ناهايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ جايدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق قىلىنغان تەجرىبە يەكۈنى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ جايدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قارا دۆۋىدىكى بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئەينى زاماندا بۇ جايدا خېلى تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ بولغانلىقىنى، جۈملىدىن مەلۇم سەۋىيىدىكى قول هۈنەر، يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

1986 - يىلى 4 - ، 5 - ئايلاردا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قۇمۇل ناهىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يانبۇلاق قەدىمىكى قەبرىستانلىقىدا 76 قەبرىنى قېزىپ تەكشۈردى. بۇ قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسەن توت چاسا، تىك، قىسمەنلىرى سوزۇنچاق بولۇپ، ئاساسەن بىردىن مېيىت دەپنە قىلىنغان. قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن 122 دانە ساپال قاچا ئىچىدە هەر خىل رەڭدار ساپاللار 43 دانە بولۇپ، ئۇلارغا قىزىل رەڭ بېرىلگەندىن كېيىن قارا رەڭدە تۈز، تىك، دولقۇنسىمان، ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك گۈل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. ئومۇمەن، بۇ رەڭلىك ساپاللار ئىچىدە دەستىلىك، قوش قۇلاقلىق، بىر قۇلاقلىق هەر خىل كوزا -

گومزەگلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىر بۆلۈك برونزا كۆرگۈ، برونزا پىچاق، برونزا ھالقا قاتار-لىقلار، سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە ئاز مىقداردا تۆمۈر بۇيۇملار بار.

قۇمۇل بىلەن پىچان ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان يەنتە قۇدۇقتىكى قەدىمكى ئىزنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 6 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ جايدىن سىلىق ئىشلەنگەن ھەر خىل تاش قوراللار تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە سىلىق ئۇزۇنچاق تاش پارچىلىرىدىن ياسالغان (ئۇزۇنلۇقى 2 - 4 سانتىمېتىر) قوراللار، تاش باشاقلار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىن يەنە چوڭ تىپتىكى يانچىش قوراللىرى (تاش كەتمەن، يارغۇنچاق، ھاۋانچا تېشى قاتار-لىقلار) ۋە تاش پالتا شەكلىدىكى قوراللارمۇ تېپىلغان. بۇ قەدىمكى ئىز يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ سىپتا تاش قوراللار باسقۇچىغا ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىپتا تاش قوراللار مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەدىمكى ئىز-لارنى ئومۇمەن بالدۇرقى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى دەپ ئىككى تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ. بالدۇرقى مەزگىلدىكىگە ئائىت ئىزلار-نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ يەرلەردىن سىلىق - سىپتا ئىشلەنگەن ھەر خىل تاش قوراللار كۆپ تېپىلىدۇ. لېكىن رەڭلىك ۋە رەڭسىز ساپاللار ئۇچرىمايدۇ. يەنتە قۇدۇقتىكى قەدىمكى ئىز ئەنە شۇ خىلغا ياتىدۇ.

2) ئاستانە — ئالغۇي تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار:

(1) پىچان ناھىيىسىدىكى سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىلىرى؛

(2) پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن يېزىسىدىكى قوشچا گىزا قەدىمكى ئىزى؛

(3) پىچان ناھىيىسىدىكى لەمجىن يېزىسىنىڭ چىكمەن قەدىمكى ئىزى ۋە سىركىپ قەدىمكى ئىزى؛

(4) تۇرپاندىكى ئاستانە، سىڭگىم قەدىمكى ئىزى؛

(5) تۇرپان يارغولنىڭ شىمالىي جىلغىسىدىكى قەدىمكى ئىز؛

(6) تۇرپان ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىلىرى؛

(7) توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر؛

(8) توقسۇن دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئىز (بوكمان تاپقان)؛

(9) توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئالغۇي (ئارغىزغول) ۋە ئېۋىرغول جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر؛

(10) ئالغۇي جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەلئە خارابىسى؛

(11) توقسۇن ناھىيىسىدىكى پارچە شاغال قەدىمكى ئىزى قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئاستانە — ئالغۇي تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەر ئىچىدە بىر قەدەر ئالاھىدە بولغانلىرىدىن تۇرپان ئاستانە — سىڭگىم قەدىمكى ئىزى كېيىنكى دەۋردىكى سىلىق تاش قوراللار مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ جايدىن كۆپ مىقداردا سىلىق ۋە سىپتا ئىشلەنگەن، ھەر خىل، نەپىس، بىر قەدەر قېلىپلاشقان تاش قوراللار بىلەن بىللە قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان يىرىك قىزىل، كۆلرەڭ ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. بەزى ساپال پارچىلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۈۋى يۇمىلاق جام، خۇمرا، كارناي شەكىللىك ساپال كوزا ئىكەنلىكى بايقالغان.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئاستانە — سىڭگىم قەدىمكى

ئىزىدىن ئىلگىرى - كېيىن 700 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تاش قورالنى تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سىلىق تاش قوراللار 300 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇزۇنچاق بىگىز شەكىللىك تاش پارچىلىرى ھەممىدىن كۆپ. بۇلارنىڭ يونۇش، قىسىپ ياساش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى. بەزى سىلىق تاش قوراللارنىڭ دىئامېترى ھەتتا بىر سانتىمېترغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۆگەت يوپۇرمىقى شەكىللىك، ئۈچ بۇرجەك، سىپتا ئىشلەنگەن تاش ئوقلار لوپنۇر ئويمانلىقىدىن تېپىلغانلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردىن يەنە ھەرە چىشى شەكىللىك قىرىش، كېسىش قوراللىرى (ئورغاقا ئوخشاپ كېتىدۇ)، ئۇرۇش - يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان چوڭ تېپىتىكى يانجىش قورالى، ئېگەر شەكىللىك يارغۇنچاق، سالغا تېشى، تۆشۈكلۈك تاش بازغان قاتارلىق تاش قوراللارمۇ تېپىلغان.

تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىلىرى، پىچاندىكى سۇ بېشى ۋە توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ ئەتراپى ساي تاشلىرى بىلەن قورشالغان بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىككى خىل: بىر خىلى چاسا شەكىلدە تىك كولانغان لەھەت، يەنە بىر خىلى — چاسا شەكىللىك تىك ئۆڭكۈرسىمان لەھەت. قەبرىلەرنىڭ تېگىگە چاسا شەكىلدە ياغاچ كېشەك ۋە دەرەخ شاخلىرى يانجىپ ياتقۇزۇلغان. بەزى قەبرىلەرگە 1 - 3 كىچە مېيىت دەپنە قىلىنغان. ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن: بىر قۇلاقلىق ساپال قەدەھ، بىر قۇلاقلىق چوڭ - كىچىك كوزا - كومزەكلەر، ساپال چۆگۈن، ساپال تاۋاق، ساپال داڭقان قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە رەڭدار ساپاللار خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. رەڭلىك ساپاللارغا تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك، تورسىمان، دولقۇنسىمان تىك يوللۇق گۈل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملاردىن ياغاچ تاۋاق، ياغاچ ئاياغ، ياغاچ تاغاق، بىرون-

زىدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن جىلىپ ئالە سۇرۇنى چۈشۈرۈلگەن
بىزەكلەر، كىچىك برونزا كۆزگۈ، بەلباغ ـ كەمەر بىزەكلىرى؛
ئالتۇن ـ كۈمۈش بىزەكلەر، ئالتۇن بىلەزۈك، سۆڭەكتىن يا-
سالغان بۇيۇملاردىن بىگىز، تارغاق، ئۇرچۇق قاتارلىقلار،
تاش قوراللاردىن تاش پالتا، تاش ئۇرچۇق، يارغۇنچاق؛ بىر
قىسىم رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار (كىيىم ـ كېچەك پارچىلىرى،
يۇڭ پالاس)، يىپەك توقۇلما پارچىلىرى قاتارلىقلار بار.

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى ئالغۇي جىلغىسى ۋە
ئېۋىرغول جىلغىسى ئېغىزىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قەبرە بېشىغا
ساي تاشلىرى دۆۋىلەنگەن. قەبرە قۇرۇلمىسى ئىككى خىل:
بىر خىلى، تاملىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تىك شەكىللىك
تاش لەھەت بولۇپ، بەزى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە لىم ياغاچ-
لار، بەزىلىرىگە ياپىلاق تاش تاختىلار يېپىلغان. قەبرىنىڭ تېگىگە
تاختاي ياتقۇزۇلغان؛ يەنە بىر خىلى، تىك ئۇدۇق شەكىللىك
لەھەت بولۇپ، تەبىئىي توپا قاتلىمىنىڭ ئۆزىگىلا كولانغان.
قەبرە ئاغزىغا ياغاچ يېپىلمىغان. بەزى قەبرىلەرنىڭ تەكتىدىن
تارتىپ ئۈستىگىچە لىم ياغاچلاردىن ياغاچ قۇرۇلما (كېشەك)
ياساپ چىقىلغان، بەزى قەبرىلەرگە بىر، بەزىلىرىگە ئونغا
يېقىن ئادەم دەپنە قىلىنغان، مېيىتلارنىڭ بەزىلىرى تۈز، بە-
زىلىرى يانچە، باشلىرى غەربكە قىلىپ ياتقۇزۇلغان؛ ئاخىرەت-
لىك بۇيۇملاردىن قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قىزىل ۋە
قارا رەڭلىك ساپال چۆگۈن، بىر قۇلاقلىق ساپال قەدەھ، بىر
قۇلاقلىق كوزا ـ كومزەكلەر، ساپال تەخسە قاتارلىقلار بار
بولۇپ، ئۇلارغا ئۈچ بۇرجەكلىك، تورسىمان ئۈچ بۇرجەكلىك،
تىك ئەگرى يوللۇق، دولقۇنسىمان ھەر خىل گۈل ـ نەقىشلەر
چۈشۈرۈلگەن؛ ياغاچ بۇيۇملاردىن ياغاچ پەتنۇس، ياغاچ تا-
ۋاق، ياغاچ ئاياق، ياغاچ قەدەھ، ياغاچ چۆمۈچ قاتارلىقلار؛
بىر قىسىم لاكلانغان سىرلىق ياغاچ بۇيۇملار، برونزا بۇيۇم-

كلىردىن بىرونزا پىچاق، بىرونزا ھالقا، بىرونزا ئۈزەڭگە، كىچىك بىرونزا كۆزگۈ قاتارلىقلار؛ يولۋاس ۋە شىر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بېزەكلەر، ئالتۇن ياپراقلار ۋە نىسبەتەن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان تۆمۈر پىچاق ۋە تۆمۈر پارچىلىرى ۋە باشقىلار بار.

3) بوغدا — ئۈرۈمچى تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە تەۋە ئورۇنلار:

(1) سەيۋوپۇ قەدىمكى ئىزى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر؛

(2) ئۇلانباي سۇ ئامبىرى يېنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر؛

(3) ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونى ئالغۇي جىلغىسى قەدىمكى قەبرىلەر؛

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلاردىن ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونى ئالغۇي جىلغىسى قەدىمكى قەبرىلەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. 1976 — 1977 - يىللىرى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ جايدا قېزىش - تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قەبرىلەر تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدە تاش بىلەن ئورالغان، شەرقتىن غەربكە قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، چاسا شەكىلدىكى قەبرە پاسىلى 10 × 15 مېتر ئەتراپىدا، قەبرە بېشىغا دىئامېتىرى 5 مېتر، ئېگىزلىكى 1 مېتر ئەتراپىدا تاش دۆۋىلەنگەن، لەھەت ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە تىك كولانغان. ئەڭ چوڭلىرى 4.22 × 6.58 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 7.5 مېتر كېلىدۇ. قەبرىنىڭ تەكتى ياغاچ قۇرۇلمىلىق (كېشەك) بولۇپ، دىئامېتىرى 10 — 24 سانتىمېتر كېلىدىغان قارىغاي ياغاچلىرىدىن ياسالغان. مېيىت ياغاچ قۇرۇلما ئىچىگە قويۇلغان، بەزى قەبرىلەرگە بىر، بەزىلىرىگە ئىككى ئادەم دەپنە قىلىنغان. ئايرىم قەبرىلەرگە مېيىتلاردىن 20 — 30 ى تۈپ - تۈپ دەپنە قىلىنغان. بەزى قەبرىلەرنىڭ يېنىدا كىچىك ئورەكلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپىنچە كىچىك بالىلار دەپنە قىلىنغان. بە-

زى جەسەتلەرنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن بولۇپ ئۆرۈلگەن. بەزىلى
رىنىڭ چېچىغا تور شەكىللىك قاپ (چاچلىق) تارتىپ قويۇل-
غان. مېيىتنىڭ بەدىنىگە يىپەك توقۇلما، كىگىز، ئاشلانغان
تېرە قاتارلىق نەرسىلەر ئورالغان. ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن
ئالتۇن، كۈمۈش، برونزا، تۆمۈر، رەڭلىك ساپال بار، يەنە يا-
غاچتىن ياسالغان ئوت چىقىرىش سايمىنى، ياغاچتىن ياسال-
غان بۇيۇملار، لاكلانغان سىرلىق قاچىلارمۇ بار. نەزىر - چى-
راققا ئاتاپ ئۆلتۈرۈلگەن قوي - كالا سۆڭەكلىرى، بىر قى-
سىم يىپەك توقۇلمىلارمۇ بار. قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار
ئىچىدە ئالاھىدە ياسالغان يولۋاس سۈرەتلىك سەككىز دانە
يۇمىلاق ئالتۇن قاداق، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرغان
يولۋاس سۈرەتلىك ئالتۇن قاداقلىق كەمەر، شىر سۈرەتلىك
ئالتۇن ياپراق زىننەت بۇيۇمى، ئالتە بۇرجەكلىك ئالتۇن قا-
داق، يۇمىلاق، يوپۇرماق شەكىللىك ھەر خىل ئالتۇن ياپراق-
چىلار، ئالتۇن ھالقا، كىچىك ئالتۇن مىخ قاتارلىقلار بار.
كۈمۈش بۇيۇملاردىن بىر خىل غەيرىي ھايۋان شەكلىدىكى يەت-
تە دانە كۈمۈش ئويما بولۇپ، داتلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن
باشقا، تەگلىك ئۈستىگە قوندۇرۇپ ياسالغان تۆت چاسا چوڭ
برونزا تاۋاق (پىشۇرۇلغان قوي گۆشىنى سالىدىغان، نەزىر -
چىراقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە بۇيۇم) بولۇپ، كۆنەس
ناھىيىسىدىن تېپىلغان ئاشۇ شەكىلدىكى برونزا بۇيۇمغا پۈ-
تۈنلەي ئوخشايدۇ. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئالتۇندىن ياسال-
غان ئالاھىدە قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئىچكى موڭ-
غۇلدىكى قەدىمكى ھۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەبرى-
لىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن بۇيۇملارغا ئوخشايدۇ.

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى
ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرى يېنىغا جايلاش-
قان قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈردى. بۇ جايدىكى

قەبرىلەرنىڭ ئۈستى يۇمىلاق بولۇپ، قەبرە بېشى ۋە ئەتراـ
پىغا تاش ـ توپىلار دۆۋىلەنگەن. قەبرىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇـ
لمىسى ئىككى خىل: بىر خىلى، ئۇزۇن چاسا شەكىللىك تاش
تاۋۇت؛ يەنە بىر خىلى، ئۇزۇن چاسا شەكىللىك تىك لەھەت.
بەزى تاش تاۋۇتلارنىڭ ئۈستىگە تاش تاختا يېپىلغان. ھەر
بىر قەبرىگە بىر ئادەم، بەزىلىرىگە ئەر ـ خوتۇن بىللە دەپـ
نە قىلىنغان. مېيىتنىڭ بېشى كۈن پېتىش (غەرب) كە قارىتىلـ
غان. ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن بىر قولاقلىق ۋە قوش قولاقـ
لىق ساپال كومزەكلەر، بىر قولاقلىق قەدەھ، ساپال ئۇرۇق،
ساپال تاۋاق، ساپال داڭقان قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ بىر
قىسمى سىدام، بىر قىسمى رەڭدار ساپاللار بولۇپ، رەڭلىك
ساپاللارغا تەتۈر ئۈچ بۇرجەك تەكشى كەسمە، يوللۇق ۋە ئۈچـ
بولۇڭ شەكىللىك، تورسىمان، دولقۇنسىمان گۈل ـ نەقىشلەر
چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، برونزا پىچاق، برونزا كۆرگۈ، ئۈزەڭگە
ئىگەر ـ جابدۇقتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل برونزا بېزەكلەر،
تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر مىخ ۋە تۆمۈر پارچىلىرى، تاش ئۇرچۇق،
ئالتۇن ھالقا قاتارلىقلار ۋە قۇربانلىق قىلىنغان ئات، قويـ
لارنىڭ كاللىسى، گۆش (قۇرۇپ قالغان)، بىرقەدەر ياخشى
ساقلىنىپ قالغان ئات جەسەتمۇ بار.

4) بوغدا — مورى تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار:

(1) مورى ناھىيىسىنىڭ مورى دەرياسى ياقىسىدىكى
قەدىمكى ئىزلار (سىداۋگۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)؛

(2) مورى دەرياسى (سىداۋگۇ جىلغىسى) دىكى قەدىمكى
قەبرىلەر؛

(3) گۇچۇڭ ناھىيە بەنجىگۇ جىلغىسىدىكى قەدىمكى ئىزلار؛

(4) گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 3
كىلومېتر يىراقلىقتىكى قەدىمكى ئىزلار؛

(5) قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى، «قىزىل تاش» تىكى ئۇيما رەسىملەر.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئورۇنلار ئىچىدە مورى دەرياسى جىلغىسىدىكى (ئۇيغۇر جىلغىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزى بىرقەدەر ئالاھىدە. 1959 - يىلى تېپىلغان بۇ قەدىمكى ئىزنىڭ ھازىرغىچە ئېنىقلانغان ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتر ئەتراپىدا، ئورنى مورى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 1.5 كىلومېتر يىراقلىقتا بولۇپ، جىلغىدىكى بىر ئېگىز تۆپىلىككە جايلاشقان. يەر ئۈستىدە تۇرالغۇ ئۆي ئىزلىرى، ھەر خىل (دۈگىلەك، ئۇزۇنچاق، چاسا) شەكىلدىكى ئازگاللار، ئوچاق ئىزلىرى ئۇچرايدۇ، بۇ ئىزنى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 70 - يىللاردا قېزىپ تەكشۈردى. قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنىڭ سانى كۆپ، دەۋرى بىرقەدەر قەدىمىي، خىلمۇ خىل بولۇپ، مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. يادىكارلىقلار ئىچىدە رەڭلىك ۋە رەڭسىز ساپاللار، ھەر خىل تاش قوراللار، سۆڭەكتىن، برونزىدىن ياسالغان بۇيۇملار كۆپ بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۈزلۈكسىز پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. رەڭلىك ساپاللاردىن قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل، كۈل رەڭ، قارا رەڭلىك قوش قۇلاقلىق ۋە بىر قۇلاقلىق كومزەكلەر، ساپال تەخسە، قورساقلىق ئىدىش، تۆۋى تەكشى ساپال ئاياق، تۈز ئېغىزلىق ساپال چۆگۈن (ئىۋرىق) ساپال قەدەھ قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلارغا (ساپاللارنىڭ كۆپرەك يۇقىرى ئېغىز قىسمىغا) تىك تۈز يوللۇق، دولقۇنسىمان، ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك ھەر خىل گۈل - نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. سۈركەپ ياسالغان سىپتا تاش قوراللاردىن تۆت دانە يونىغۇچ تاش قورال بولۇپ، بۇلارنىڭ سەل ئەگمە تۈز بىسى بار. ھەجمى

سانتىمېتر 2 × 4.1 – 2.5 سانتىمېتر، 0.8 – 0.5 × 2.7 – 1 كېلىدۇ. يونۇش - چوقۇش ئارقىلىق ياسالغان چوڭ تىپتىكى تاش قوراللاردىن تاش كەتمەن، تەكشى يۈزلۈك ۋە ئېگەرسىمان يارغۇنچاقلار، تاش بولقا، تاش ساقا، هاۋانچا تېشى، تاش ئۈرچۈق، تاش هالقا، تاش ئوتىغۇچ قاتارلىقلار بار. تاش قوراللار ئاساسەن چاقماق تېشى، سىلانتىس ۋە كۋارتس، ئاگات تاشلىرىدىن ياسالغان. سۆڭەك بۇيۇملاردىن سۆڭەك يىڭنە، سۆڭەك ئۈرچۈق، سۆڭەك تارغاق، ئۈچ قىرلىق، تاق قاناتلىق، تەكشى ۋە قوش قاناتلىق، ئىلمەك شەكىللىك ئوق ئۇچى قاتارلىقلار، برونزىدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن كىچىك برونزا پىچاق، برونزا هالقا، زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار.

دېمەك، بۇ جايدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، مېتاللاردىن قورال - سايمانلارنى، زىننەت بۇيۇملىرى ياساشنى ۋە ئىشلىتىشنى بىلگەن. مورى جىلغىسىدىكى قەدىمكى ئىزلار دەۋر جەھەتتە ئاستانە - سىڭگىم قەدىمكى ئىزىدىن ئانچە يىراقلىشىپ كەتمەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مورى جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئىككى خىل: بىر خىلى، تىك قۇدۇق شەكىللىك لەھەت، ئۇنىڭغا باش تەرىپىنى قىيپاش غەربكە قارىتىپ بىردىن ئادەم دەپنە قىلىنغان. يەنە بىر خىلى، تىك ئۆڭكۈر شەكىللىك لەھەت بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ هاللاردا ئۈچ مېيىت دەپنە قىلىنغان. بۇ قەدىمكى قەبرىلەردىن هەر خىل رەڭدار ساپاللار، ساپال پارچىلىرى كۆپ تېپىلىدۇ.

1986 - يىل 5 – 7 - ئايلاردا، گۇچۇڭدىكى قەدىمكى ئىز قېزىپ تەكشۈرۈلگەن. بۇ ئىزنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 1500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار: توق

كۆل رەڭ، قارىغا مايىل، قىزىل رەڭدىكى قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ساپاللار (ساپال قازان، قوش قۇلاقلىق كومزەك، قوش قۇلاقلىق ساپال كۈپ ۋە باشقىلار): سۈركەپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى تاش قوراللاردىن تاش ئوتىغۇچ، ئىگەرسىمان يارغۇنچاق، تاش ساقا، ھاۋانچا تىپى قاتارلىقلار؛ سۆڭەك بۇيۇملاردىن سۆڭەك تارغاق، سۆڭەك بىگىز قاتارلىقلار؛ بىرونزا باشاق ۋە كۆپلىگەن ئات، كالا، قوي، ئىت سۆڭەكلىرى بار. ئۆز زامانىسىدا بۇ جايدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق تۇرمۇشى ئاساس قىلىنغان. دەۋرى 2000 يىل ئەتراپىدا.

5) خانتەڭرى – ئىلى تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار:

(1) غۇلجا ناھىيە ئاقتۆپىدىكى قەدىمكى ئىز؛

(2) نىلقا ناھىيىسىدىكى قەدىمكى مىس كان خارابىسى؛

(3) كۆنەس ناھىيىسىدىكى قەدىمكى ئىز؛

(4) شوتا (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىدە)، سوپۇنبۇلاق (چاپچال ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەر.

تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي قىسمى ئاسىيا يايلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولغىنىدەك، خانتەڭرى باغرى ۋە ئىلى ۋادىسى ئۆزىنىڭ گۈزەل تەبىئىي شارائىتى بىلەن ئاسىيا يايلىقىدا مەشھۇر ۋادا ھېسابلىناتتى. ئاسىيا يايلىقى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن باشلىنىپ، كاسپىي دېڭىزىغىچە سوزۇلىدۇ. ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن بۇ يايلاقنىڭ بىر بۆلىكى — چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن خېشى كارىدورى ئارقىلىق قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، يۇلتۇز، ئىلى دەريا ۋادىسىدىن ئۆتۈپ ئىسسىق كۆل، سىر ۋە ئامۇ (سەيخۇن ۋە جەيخۇن) دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىنى بويلاپ ئارال دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ.

يەنە بىر بۆلىكى چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بويلاپ سېلېنىگا دەرياسى بويلىرى، ئۆتۈكەن، ئالتاي تاغلىرى، يارىش ئويمانلىقى (جۇڭغارىيە ئويمانلىقى)، تىيانشان تېغىنىڭ شىمالى، بالقاش كۆلى، ئورال تاغلىرىغىچە سوزۇلىدۇ. مانا مۇشۇ بىپايان زېمىن قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇ يەرلەردە ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپلا قالماستىن، شارائىتى يار بەرگەن جايلاردا دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۇ كەڭ يايلاقنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرغان. جۈملىدىن ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتلىرىنى يارىتىپ، قەدىمكى ئاسىيا تەرەققىياتىغا خېلى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

70 -، 80 - يىللاردىن بۇيان ئىلى رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار كۆچمەن يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى نەتىجىسىدە برونزا دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىغا خاس بولغان بىر قاتار مەدەنىيەت تۈرلىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى؛ تىيانشان مەدەنىيەت يىغىندىسىنىڭ «خانتەڭرى — ئىلى» تارمىقىدا، سۈركەپ ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئاساس قىلغان تاش قوراللار ئاقتۆپە قەدىمكى ئىزى بىلەن كۈنەس دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزدىن تېپىلدى. بۇ ئىزلار دەۋر جەھەتتىمۇ خېلى بۇرۇن ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى تۇرالغۇ — ئۆي ئىزلىرىدا بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى كاكىل بىلەن سۇۋالغان. يەر ئۈستىدە يۇملاق، چاسا شەكىللىك ئوچاق ئىزلىرى، ئازگاللار بار. بۇ جايلاردىن يەنە سېغىزلايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ قولدا ياسالغان قىزىل ساپال پارچىلىرى، سالغا تاشلىرى، ئۇزۇنچاق تاش ئوتىغۇچ؛ برونزىدىن، شۆكەكتىن، تۆمۈردىن ياسالغان يادىكارلىقلار تېپىلدى.

ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان نۇراساي جىلغىسى بىلەن قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تاغ ئېدىرلىرىدا مىس قاتارلىق مەدەن بايلىقلىرى ناھايىتى مول. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئارخېئولوگلار نۇراساي جىلغىسىدىكى ئون نەچچە ئورۇندا قەدىمكى مىس كان ئىزىنى ئېنىقلاپ چىقتى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ قەدىمكى مىس كانلىرى مەدەن قېزىش ۋە مەدەن تاۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. كان قۇدۇقلىرىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىزى 5 مېتىر. چوڭقۇرلۇقى 12 - 20 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقانچە تىك قۇدۇق خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. كان قۇدۇقلىرى ئىچىدە توغرىسىغا قويۇلغان بىرمۇنچە لىملار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن كاننىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. قۇدۇق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان لىملارغا قاراپ ئۇلارنى قاتلاملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بەزى لىملارنىڭ ئىككى ئۇچى رۇدا قاتلىمىغا قېقىپ كىرگۈزۈلگەن، لېكىن دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىرەلگەن لىملارنىڭ كۆپىنچىسى كان قۇدۇقىنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ كېتىپ، كۆپ مىقداردىكى رۇدا، تاش قوراللار شېغىل توپىلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە 4 - 5 مېتىر قېلىنلىقتا قاتلام شەكىللەندۈرگەن.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئون نەچچە تىك كان قۇدۇقىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تىك قۇدۇقلارنىڭ تېگىدىكى لەخمىلەر (تونېللار) بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، مۇكەممەل يەر ئاستى مەدەن قېزىش تورلىرى ھاسىل بولغان.

مەدەن تاۋلاش مەيدانى كان خارابىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەدەر تەكشى جايدا بولۇپ، بۇ يەردە كەلكۈن سۈيى ئاققان ئىزلارمۇ ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ مەيدان-

دىكى كۆلىمى 0.5 × 1.5 × 20 مېتىر كېلىدىغان داشقال قاتلىمىدىن ساپال پارچىلىرى، رودا، داشقال، ھايۋان سۆڭەك-لىرى ۋە دەسلەپ ئېرىتىلگەن يۇمىلاق برونزا نوكچىلار تېپىلغان. بۇ يۇمىلاق برونزا نوكچىنى ئىزتوپ نۇرلىرى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ مىس تەركىبىنىڭ 60% ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ ئەھۋال نۇرا ساي مىس كانلىرىنىڭ مىس تەركىبى ناھايىتى مول كان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قارا داشقال ۋە تاۋلانغان برونزا (مىسنىڭ) تۆشۈكچىلىرىدە ياغاچ كۆمۈر قالدۇقلىرىنىڭ قېپقالغانلىقىغا قارىغاندا، ئۆز زامانىسىدىكى مەدەن تاۋلاشتا ياغاچ كۆمۈرى يېقىلغۇ قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تىك كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن خېلى كۆپ ساندا تاش قوراللار تېپىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇمىلاق، سوقىچاق تۇۋرۇكسىمان چوڭ تاش بازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر بېشى ئۇچلۇق، بىر بېشى يۇمىلاق. دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ توم تەرىپىگە شوينا باغلاش ۋە ساپ بېكىتىشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا كرېست (+) شەكلىدە نوكەش ئويۇلغان.

كان تېگىدىكى لىم ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ دەۋرى «بۇنىڭدىن 2440 ±75 يىل ۋە 2650 ±170 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ» دەپ بېكىتىلگەن. بۇ قەدىمكى كان ئىزلىرى تەمىنلىگەن پاكىتلار ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ جايدا بۇنىڭدىن 2500 — 3000 يىل بۇرۇن كان قازغان ئەجدادلىرىمىز شۇ زامانلاردا بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كان قېزىش، مەدەن تاۋلاش (برونزا بۇيۇم-لارنى ياساش) تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلى ۋادىسىدىكى نىلقا، تېكەس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە،

ئوقـقۇزتارا، چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەر تەۋەسىدىن تېپىلغان مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III — X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بىرونزا ئوق، بىرونزا ھالقا، ئېگەر ـ جابدۇق بېزەكلىرى، بىرونزا ھەيكەل، بىرونزا داڭقان، بىرونزا كۆرگۈ، برانزا ئېكەك، بىرونزا پالتا، بىرونزا پىچاق قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشقا جايلاردىن ئەكىلىنگەن ئەمەس، بەلكى ئۆز جايىدىكى ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياساپ چىقىلغان يەرلىك مەھسۇلاتلار بولۇپ، بۇ مىس كان خارابىلىرى بىلەن بىرونزا بۇيۇملار يۇرتىمىزنىڭ بىرونزا قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، 1983 ـ يىل يازدا، كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى (ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراق جايدا) دىن يەر تۈزلەش جەريانىدا بىر تۈركۈم ئاز ئۇچرايـ دىغان بىرونزا بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ جاي ئەسلىدە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ جايلاشقان بىر قاتار قەدىمكى توپا قەبرىلەر بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنى تۈزلىگەندە 1.5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى توپا ئارىسىدا بىرونزا بۇيۇملار بايقالغان. شۇڭا، قەبرىنىڭ ئەسلىي ھالىتى، يادىكارلىقلارنىڭ قەبرە ئىچىدە قايسى تەرىقىدە تىزىلغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش تەس. بىرونزا بۇيۇملار قاتارىدا يەنە ساپال پارچىلىرى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلغان. بىرونزا بۇيۇملار ئىچىدە سەركەردە (ياساۋۇل) ئوبرازىدا ياسالغان بىرونزا ھەيكەل، ئۈچ پۇتلۇق چوڭ بىرونزا قازان، بىرونزا قوڭغۇراق، بىرونزا پالتا، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان يولۋاسنىڭ رەسىمى ۋە بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان قاناتلىق غەلىتە ھايۋاننىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، چوڭ چەمبەرسىمان بويۇن ئاسقۇنىڭ

ھەرقايسىسىدىن بىر دانە ۋە چاسا چارچەپ (تەگلىك) ئۈستىگە ھايۋان ھەيكىلى قوندۇرۇپ ياسالغان چوڭ چاسا تاۋاق قاتارلىقلار ئاز ئۇچرايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر خىل بۇيۇملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردىن تېپىلغان سەركەردە ھەيكىلى قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قاڭشارلىق، بەستلىك، ساقاللىق، يوغان ۋە چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان، بېشىغا ئۇچى ئىلمەك، ئېگىز قالپاق كىيگەن، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغان، ئىككى قولىدا شەمشەر ياكى قىلىچقا ئوخشاش بىر نەرسە تۇتۇپ تۇرغاندەك (تۇتۇپ تۇرغان نەرسە يوقالغان) ناھايىتى ئوبرازلىق ياسالغان بولۇپ. خۇددى خاقان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئىجازەت سوراۋاتقان باتۇر سەركەردىگە ئوخشايدۇ. ھەيكەلنىڭ ئىچى كاۋاك، ئېگىزلىكى 40 نەچچە سانتىمېتر، ئېغىرلىقى 3 كىلوگرام كېلىدۇ.

ھايۋان ھەيكىلى قوندۇرۇلغان چوڭ چاسا برونزا تاۋاقنىڭ چارچىپى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان چاسا تاۋاق ساق قالغان. تاۋاقنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قىياپەتتىكى تۆت ھايۋان ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان ئىككىسىنىڭ شەكلى ئېيىققا ئوخشايدۇ.

بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان يولۋاس سۈرەتلىك ۋە قاناتلىق غەلىتە ھايۋان سۈرەتلىك برونزا بويۇن ئاسقۇلارنىڭ دىئامېترى 28 — 31 سانتىمېتر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىككى يولۋاسنىڭ يۈزى، كالپۇكلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ تۇرغان، گەۋدىسى يۆگىلىپ دۈگىلەك شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. قاناتلىق غەلىتە ھايۋانلارنىڭ گەۋدىسى تۈگۈلۈپ، ياللىرى يۇقىرىغا يۆگىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلارمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ياسالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، موڭغۇلكۈرە، چاپچال (سوپۇن-
ۋۇلاق) تەۋەسىدىن يەنە پۇتىغا ھايۋان، ئادەم سۈرىتى
چۈشۈرۈلگەن تۆت پۇتلۇق چاسا برونزا تاۋاق قاتارلىق
برونزا بۇيۇملار ئارقا-ئارقىدىن تېپىلدى. بۇ خىلدىكى
چوڭ چاسا برونزا تاۋاقلار ئۆز زامانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان
ھەشەمەتلىك نەزىر-چىراقلار ۋە كاتتا زىياپەتلەردە
ئىشلىتىلگەن.

«خەننامە» قاتارلىق تارىخنامىلەردىكى بايانلار بويىچە
تەھلىل قىلغاندا، مىلادىدىن 1000 يىللار ئىلگىرى (بۇنىڭدىن
3000 يىللار ئىلگىرى) لا ئىلى دەرياسى ۋادىلىرى، كۆنەس-
يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن تاكى ئالغۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي
ئېغىزىغىچە بولغان بۇ ئېسىل يايلاق رايونى ساقلار (ساكلار)
پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي رايون ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىماقتا. ساقلار ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
ئەجدادلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا
مۇھىم ئېتنىك تەركىب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تارىختىن
بۇيان تىيانشان تاغلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشاۋاتقان
ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى
بىلەن بارا-بارا ئۆزئارا سىڭىشىپ، كېيىنكى دەۋرلەر
(ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرى) دە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا
قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

يۇقىرىدىكى ئىلمىي پەرەزلەرنى يۇرتىمىزدا قەدىمدىن
تارتىپ ھازىرغىچە ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بەزى يەر ناملىرى
تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. مەسىلەن، «ئاتۇش ئادىمى» تېپىلغان
ھازىرقى ئاتۇش ناھىيىسى ۋە توققۇزاق ناھىيىسى تەۋەسىدە
«ساق» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بىرقانچە يۇرت بار.
توققۇزاق ناھىيىسىدىكى «ئۇغۇساق» (يەنى ئۇغۇزساق، قەدىمكى
تۈركىي تىلدا «ئۇغۇز» — تۇنجى، دەسلەپكى دېگەن مەنىدە)،

ئاتۇشتىكى «ئېكىساق» (يەنى ئىككى ساق)، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى توقۇزاق ناھىيىسى ئەسلىدە «توققۇز ساق» تىن ئۆزگەرگەن. كۇچا ناھىيىسى كونا شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە «ساقساق دۆڭلۈكى»، ئاقسۇ ئايكۆلدە ۋە ئۇچتۇرپاندا «ساقساق» دەپ ئاتىلىدىغان جاي بار. تارىختا يەنە قايسى يۇرتلارنىڭ يەنە قانداق«ساق»لار نامىدا ئاتالغانلىقى بىزگە ھازىرچە نامەلۇم. شۇنداقتىمۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ناملارنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، ئەھمىيەتلىك ئىلمىي يەكۈنلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلىرى ۋە خەلقئارادىكى «ساقلار» تەتقىقاتلىرىدا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە بايانلار بار. ي.ۋ. ئانتونوۋانىڭ «شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جامائەت دەۋرى ئارخېئولوگىيىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن ئەسىرىدە «كىبىلىيوۋ بېيجىڭ تارىخ مۇزېيىدا كۆرگەن، ئەسلى كۆنەس ۋادىسىدىن تېپىلغان برونزا پىچاقنىڭ قاراسۇق مەدەنىيىتى تىپىدىكى پىچاققا ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقى» قەيت قىلىنغان. نيۇ - يوركتا 1981 - يىلى نەشىر قىلىنغان «پارس سەنئىتىگە نەزەر» (ئىنگلىزچە) نىڭ 7 - جىلد، 54 - بېتىدە: «...... ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، چارچەپلىك برونزا تاۋاق ھەمىشە پۇتىغا ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن برونزا قازانلار بىلەن بىللە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ، ساقلار مەدەنىيىتىدىكى تىپىك ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يەتتە سۇ ۋە تىيانشان رايونلىرىدىمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان يولۋاس سۈرەتلىك، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان قاناتلىق ئەلىتە ھايۋان سۈرەتلىك برونزا چەمبەرلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى قاتارلىقلارمۇ ساقلارنىڭ بىر قەدەر تىپىك سەنئەت

ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە يەنە شۇ كىتابتا: «...... ئىراندىن قىرغىزىستانغىچە بولغان ساقلارغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلىققا ئوخشاش مىساللارنى تاپقىلى بولىدۇ.» دېيىلگەن.

بىرىنچىسى: «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ 1949- يىل 11- سانىدا ئېلان قىلىنغان: «يەتتەسۇ ۋە تىيانشان تېغىدىكى تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ۋە روكىنكو: «ئالتاي سىكتىيان سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدە چارچەپلىك چاسا برونزا تاۋاق ئۇسلۇبىدىكى برونزا بۇيۇملارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ساقلارغا تەئەللۇق مەدەنىيەت خارابىلىرىدىن كۆپلەپ قېزىۋېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە ئۇنى «نەزىر — چىراق سۇپىسى» دەپ ئاتىغان ۋە «دىنىي ئېتىقاد ۋە ساقلار مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىپىك يادىكارلىقلار» دەپ ھېسابلىغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەر كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى باشقا جايلاردىن تېپىلغان بىرونزىدىن ياسالغان يادىكارلىقلارنىڭ مەدەنىيەت بىرلىكى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۆنەس، توققۇزتارا، نىلقا، سارىبۇلاق، سايرام (قورغاس تەۋەسى)، سوپۇنبۇلاق (چاپچال تەۋەسى) قاتارلىق جايلاردىكى چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ ئۈستى كۆرۈنۈشى يۇمىلاق بولۇپ، قەبرە بېشى زور مىقداردىكى توپا، يۇملاق ساي تاشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان. قەبرىلەرنىڭ دىئامېترى 20 — 50 مېترغىچە، تىك بۇلۇڭلۇق ئېگىزلىكى 4 — 10 مېترغىچە بولۇپ، بەزى جايلاردا 5 — 6 سى، بەزى جايلاردا ئون نەچچىسى بىر - بىرىگە ياندىش

قاتار جايلاشقان. بەزى جايلاردا بۇ خىلدىكى بىر ـ بىرىگە يانداش قاتارلار بىرنەچچىگە يېتىدۇ. قەبرە تۈزۈلۈشى: (1) قەبرە ئىچى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك لەھەت بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانلىق قەبرىلەردە ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرە ئۆيى بار؛ (2) بەزى قەبرىلەرنىڭ ئىچى تىك چاسا شەكىللىك لەھەت بولۇپ، ئىچى تاش بىلەن «ئىككى ئۆي»گە ياكى بىرنەچچە بۆلۈكچىگە ئايرىلغان. دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى، بەزى قەبرىلەرگە بىر ئادەم، بەزىلىرىگە ئەر ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان. مېيىتلارنىڭ بېشى غەربكە، پۇتى شەرققە قارىتىلىپ، ئومۇمەن ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. بەزى قەبرىلەردە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئانچە كۆپ ئەمەس (مەسىلەن، كۆنەس قارا تاغدىكى قەبرىلەردە). ئاساسلىقى بىر قولاقلىق رەڭلىك ساپال كوزا، رەڭلىك ساپال جام، رەڭلىك ساپال قازان، كىچىك بىرونزا كۈرگۈ، بىرونزا ھالقا (قولاقىقا سالىدىغان). كىچىك تۆمۈر پىچاق قاتارلىق نەرسىلەر. بەزى قەبرىلەردە (تېكەس ۋە موڭغۇلكۈرەدىكى شوتا يېزىسىدا) سىدام بىر قولاقلىق ساپال كوزا، ساپال جام، قورسىقىنىڭ يۇقىرىسىغا ئاي شەكىللىك ئەگمە سىزىقلار چېقىرىلغان ساپال قازان، بىرونزا يۈگەن، بىرونزا ھالقا، ئالتۇن ھالقا، شامدان، ساپال تورسۇق، ساپال تاۋاق، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك، بىرونزىدىن ياسالغان بېزەكلەر، تۆمۈر خەنجەر، تاش قوراللار، سۆڭەكتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى، يۇڭ توقۇلما پارچىلىرى ...... قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان.

ساپاللارغا تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، قىيپاش ئۈچ بۇرجەك، روجەكسىمان (تورسىمان)، كۆپ قاتلاملىق سۇنۇق سىزىقلىق گۈل ـ نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن.

6) قارامۇدۇن ـــ چۇقو تارىمقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە تىيانشان تېغىنىڭ

جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان خوتۇنسۇمۇل، قاراشەھەر تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىز، قەدىمكى قەبرىلەر كىرىدۇ:

(1) قارامۇدۇندىكى قەدىمكى قەبرىلەر؛

(2) ساغان سالا جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر؛

(3) چۇۋۇ قەدىمكى ئىزى؛

(4) تاشدەڭ قەدىمكى ئىزى؛

(5) چۇماق (چۇمباغ) قەدىمكى قەبرىلىرى.

1983 - يىلدىن بۇيان ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شىمالى قارامۇدۇن رايونىغا تەۋە چابخا جىلغىسى تۆپىلىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈردى. تۆپىلىكتە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان قەبرىلەرنىڭ سانى 2000 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەر ئىچىدە ئەڭ زىچ قەبرىستانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ جاي ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كەلكۈننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خېلى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. قەبرىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بويىچە قارىغاندا، ئومۇمەن تاشقى دائىرىلىك (پاسىللىق) قەبرە ۋە تاش دۆۋىلىك قەبرە، دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. تاش دائىرىلىك قەبرىلەرنىڭ شەكلى ئومۇمەن چاسا ۋە يۇمىلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا (قەبرە بېشىدا) بىر دۆۋە تاش بار. تاش دائىرىلىك قەبرىلەر ئادەتتە ئاغزى كىچىك، تېگى چوڭ قىلىپ تاشتا قوپۇرۇلغان لەھەت بولۇپ، ئالغۇي جىلغىسىدىكى تاش لەھەتلىك قەبرىلەرگە ئوخشايدۇ. قەبرە تېگىگە كۆپىنچە ياغاچ لىم (تاختاي) قويۇلۇپ، قەبرە ياپىلاق تاشلار بىلەن يېپىلغان. قەبرىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرى قالايمىقان، كۆپرەك توپ دەپنە قىلىنغان. بەزى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغانلار 20 دىن ئاشىدۇ (ئۈستى - ئۈستىگە كۆمۈۋەرگەن). بۇ خىل دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى ئالغۇي جىلغىسىدىكى دەپنە قىلىش يوسۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. تەبرىلەرنىڭ

ئەتراپىدا كىچىك ئۆرەك ـ ئازگاللار كۆپ بولۇپ، بۇنىڭغا
كىچىك باللار ياكى قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلار كۆمۈلگەن.
ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە سىدام ساپاللار بىرقەدەر كۆپ،
رەڭلىك ساپاللار ئاز ساندا. رەڭلىك ساپاللارنىڭ گۈل ـ
نەقىش نۇسخىلىرى كۆركەم. ھەر خىل كۆپ ـ كوزا، كومزەك،
ساپال داڭقان، ساپال چۆگۈن، ساپال جام، ساپال قازانلار
خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ بىر
قۇلاقلىق، جوغىلىق ساپال چۆگۈن ھەممىدىن كۆپ. بۇ خىل
ساپال چۆگۈنلەر چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك ئۈچ خىل بولۇپ،
چابچال جىلغىسىدىكى قەبرە مەدەنىيىتىدە ئەڭ تىپىك ساپال
بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ (جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىسىدە كېيىنكى
دەۋرلەردە مۇشۇ خىل جوغىسى بار بىر قۇلاقلىق چوڭ ـ
كىچىك ساپال چۆگۈنلەرنىڭ ئورنىنى جوغىسى بار برونزا
چۆگۈنلەر ئىگىلىدى (ھازىرمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا
يېرىدە دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان،
ئۇيغۇر مىسكەرلىرى ياسىغان جوغىلىق مىس چۆگۈنلەر بار).
ساپال قاچىلاردىن باشقا، ياغاچ تاۋاق، ياغاچ ئاياق، كىچىك
برونزا پىچاق، ساپال ئۇرچۇق قاتارلىقلارمۇ بار. قەبرە
تۈزۈلۈشى ۋە قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارغا قارىغاندا، چابچال
جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرە مەدەنىيىتى بىلەن تىيانشان
تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئالغۇي جىلغىسىدىكى
مەدەنىيەت ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ساغان سالا (ساشۈيگۇ)
جىلغىسىدىمۇ نۇرغۇنلىغان قەدىمكى قەبرىلەر بار. بۇ قەبرىلەرنىڭ
تاشقى كۆرۈنۈشى، ئىچكى تۈزۈلۈشى، دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى
ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قارامۇدۇن
چابچال جىلغىسىدىكى قەبرە مەدەنىيىتىگە ئوخشايدۇ.

ساغان سالا، قارامۇدۇندىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ

تارقالغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ساغان سالادىن باشلانغان بۇ قەدىمكى قەبرىلەر قىرغۇت تاغلىرىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى يايلاق يولىنى بويلاپ ھەرقايسى جىرا، جىلغا، سايلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ. قەبرىلەرنىڭ سانى 1000 غا يېتىدۇ. قىرغۇت تاغلىرىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى يايلاق يولى بىلەن توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يەلانلىق دېگەن يېرىگە چىققىلى بولىدۇ.

بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چۆمباغ يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرمۇ قارامۇدۇن قەبرىلىرى بىلەن بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ قەبرىلەر 1985 - يىلى قېزىپ تەكشۈرۈلدى (ماتېرىيالى تېخى ئېلان قىلىنمىدى).

خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرقى، باغراش كۆلىنىڭ قىيپاش شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان دائىرىدىكى ئىككى بورۇندا قەدىمكى ئىزلار بار. بۇنىڭ بىرى، چۇقۇ يېزىسى بىلەن ئىسىنتولغەنىڭ ئارىلىقىدا (بۇ جاي «چۇقۇ قەدىمكى ئىزى» دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا). يەنە بىرى، تاغارچى يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىن 4 كىلومېتر يىراقلىقتىكى سايلىقتا.

چۇقۇ قەدىمكى ئىزىنىڭ دائىرىسى چوڭ، مەدەنىيەت قاتلىمى قېلىن، تېپىلغان يادىكارلىقلار كۆپ بولۇپ، بۇ ئىز 1979 — 1984 - يىللىرى قايتا تەكشۈرۈلگەن ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ تەكشۈرۈلگەن. خارابىلىقنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت قاتلىمى 4 مېترچە كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى ئىزدىن تاش قوراللار، ساپاللار، سۆڭەك بۇيۇملار ۋە ئاز مىقداردا برونزىدىن (قىزىل مىستىن) ئىشلەنگەن بۇيۇملار تېپىلغان.

تاش قوراللار: يىغىۋېلىنغان ھەر خىل تاش قوراللار 40 نەچچە دانە، بۇنىڭ ئىچىدە چوقۇش، يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغانلىرى كۆپرەك، ئاز مىقداردا سۈركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغانلىرىمۇ بار: 1) قىرغۇچى قورالدىن ئىككى دانە (بىرى — سۇنغان تاش پىچاق، ئابيۇمى 4·6 × 2·6

سانتىمېتر. يەنە بىرى — ئىككىنچى قېتىم قايتا ئىشلەش باسقۇچىدىن ئۆتكەن ھەرە چىشلىق بىسى بار قىرغۇچى قورال. (ئابيۇمى 0.8 × 5 سانتىمېتر)؛ 2) سۈركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغانلاردىن ئون نەچچە دانە يارغۇنچاق، كۆپرەكى «ئېگەرسىمان» (گرانىت تاشتىن ياسالغان)، بەزىلىرى بىر قەدەر تۈز شەكىللىك بولۇپ، ئابيۇمى 11.13 × 32.38 سانتىمېتر. ئۇنىڭدىن باشقا تاش توقماق، توپا خاڭداشقا ئىشلىتىلىدىغان تاش قوراللاردىن 15 دانە ۋە بىر قىسىم سالغا تاش (تاش ساقا)، تۆشۈكلۈك تاش كەتمەن (ئوتنىغۇچ) تېپىلدىكى قوراللار، تاش قېلىپ قاتارلىقلارمۇ بار.

ساپاللاردىن 70 نەچچە دانە (پارچە) يىغىۋېلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى رەڭلىك ساپاللار، قوپال ئىشلەنگەن ساپال ۋە تۆشۈكلۈك، ئويما نەقىشلىك بىر قىسىم ساپال پارچىلىرىمۇ بار. رەڭلىك ساپاللارغا ئىشلىتىلگەن لاي، ساپال قاچىلارنىڭ ياسىلىش شەكلى، ھەجمى، خىلى، گۈل - نەقىشلىرىدىن ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، چېتىشما ئۈچ بۇلۇڭ، تۈز يوللۇق، قىيپاش يوللۇق قاتارلىقلار باشقا جايلاردىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللارغا ئىنتايىن ئوخشايدۇ. لېكىن بۇ قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان بەزى رەڭلىك ساپال قاچىلاردا بېلىق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىرىمۇ بار. ئۇنىڭدىن تاشقىرى سۇترەڭ، سۆسۈن (بىنەپشە)، قوڭۇر رەڭلىك ساپاللار بولۇپ، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، برونزا بىگىز، برونزا پىچاق، سۆڭەك بىگىز قاتارلىق بۇيۇملار بار.

تاغارچى قەدىمكى ئىزىنىڭ ھازىرغىچە ئېنىقلانغان دائىرىسى 100 × 150 مېتىر بولۇپ، يەر يۈزىدە 20 — 30 سانتىمېتر قېلىنلىقتا قۇم - شېغىل قاتلام، ئوتتۇرىسىدا 70 — 80 سانتىمېتر قېلىنلىقتا مەدەنىيەت قاتلىمى بار. بۇ جاينىڭ

شىنتالا قەدىمكى ئىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى بەك يېقىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارمۇ تامامەن ئوخشايدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئىككى قەدىمكى ئىزنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر دەۋرگە، بىر خىل مەدەنىيەت تىپىغا خاس قەدىمكى كەنت خارابىسى ئىكەنلىكى ئېنىق.

تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىغاندا، ئۇز زامانىسىدا بۇ قەدىمكى كەنتتە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاساس، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق قوشۇمچە قىلىنغان بىر خىل مەدەنىيەت تۈرى شەكىللەنگەن. 1979 — 1980 - يىللىرى چۇقو قەدىمكى ئىزىدىن ئېلىنغان ياغاچ كۆمۈر ئەۋرىشكىلىرىنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق بېكىتىلگەن مۇتلەق دەۋرى تۆۋەندىكىچە:

(1) بۇنىڭدىن 5375±155 يىل ئىلگىرى.
(2) بۇنىڭدىن 3385±100 يىل ئىلگىرى.
(3) بۇنىڭدىن 3640±145 يىل ئىلگىرى.
(ئوتتۇرا سانى بۇنىڭدىن 3400 — 3500 يىل ئىلگىرى).

يۇقىرىدىكى ئېنىق بېكىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار بۇ قەدىمكى ئىزدىن چۇقونىڭ تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي كەنتلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## تارىم مەدەنىيىتى

تارىم مەدەنىيىتى دائىرىسىگە تۆۋەندىكى تارماقلار كىرىدۇ:

(1) لوپنۇر — چەرچەن تارمىقى؛
(2) ئۇدۇن (خوتەن) — گۇما تارمىقى؛
(3) پامىر — ئوپال تارمىقى؛

(4) ئاقسۇ ــ كۇچا تارمىقى.

تارىم ئويمانلىقى ــ تىيانشان تاغلىرى، قاراقۇرۇم (كۇئېنلۇن) ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 600 كىلومېتىر، تۆت ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلارنى قوشقاندا، ئومۇمىي كۆلىمى 910 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر نەمدىن كۆپرەككىگە، مەملىكەتنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. شەرق تەرەپتىكى 70 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېغىزى خېشى كارىدورى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز، شەرقىي قىسمىدىكى لوپنۇر رايونى ئۇنىڭدىن 765 مېتىر تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن 500 مىليون يىل ئىلگىرى بۇ يەر بىپايان دېڭىز ئىچىدىكى قەدىمكى قۇرۇقلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن 2 - 3 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدا غايەت كۈچلۈك تاغ ھاسىل بولۇش ھەرىكىتى بولغاندا تىيانشان تېغى كۆتۈرۈلۈپ چىققان. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن قۇرۇم (ۋە قاراقۇرۇم كۇئېنلۇن) تاغلىرى شەكىللەنگەن. نەتىجىدە بۇ قەدىمكى قۇرۇقلۇق چوڭ ۋە قاتمۇقات تاغلار ئوراپ تۇرغان چوڭ «تارىم ئويمانلىقى»غا ئايلىنىپ قالغان. تەكلىماكان قۇملۇقى ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىن قالسىلا دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قۇم دۆڭلىرىنىڭ ھەر خىللىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى، قاتمۇقات قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىقى بىلەن دۇنيادىكى باشقا قۇملۇقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى بۇ سىرلىق قۇملۇقنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ «تەكلىماكان» دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز «تەكتى ماكان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تارىم ئويمانلىقى (تەكلىماكان) دىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، تارىخىي ھۆججەت

لەر ۋە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تارىم ئويمانلىقى يەنى ھازىرقى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپى (بىرنەچچە 100 كىلومېتىر ئىچكىرى جايلار) نىڭ ناھايىتى قەدىم زامانلاردا سۇيى ئەلۋەك، مۇنبەت زېمىن ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. كېيىن تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا تەدرىجىي مۇھىت ئۆزگىرىشى بولغان، يامغۇر ـ يېشىن بارغانسېرى ئازىيىپ، سۇ مەنبەسى ۋە مۇزلۇقلارنىڭ دائىرىسى تارايغانلىقتىن، كۆللەر قۇرۇپ، دەريا ـ ئېقىنلار يۇرتلارغا يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇرۇنقى بوستانلىقلار ۋە ئاۋات زېمىنلارنى قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك قاپلىغان. نەتىجىدە قەدىمكى رورەن (كىرورەن)، مىرەن، نىيە، چەرچەن، كىرىيە، ئاق سىپىل، كۈسەن (كۇچا)، شەھرى يار (شايار)، چىدىر (بۈگۈر) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەدىمكى شەھەر ـ كەنتلەر قۇمغا كۆمۈلگەن. تەكلىماكان ھازىرمۇ ئارخېئولوگىيە ۋە گېئولوگىيىنىڭ سىرلىق ئامبىرى، يەنى يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېدىرىش ـ چارلاش، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنى قېدىرىش ۋە تارىخىي، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىش ئىشلىرىدا ئاجايىپ مۆجىزىلەر بىلەن تولغان سىرلىق جاي بولۇپ تۇرماقتا.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تىيانشان تاغ تىزمىلىرى، پامىر، قاراقۇرۇم، كۇئىنلۇن، ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىدىن باشلانغان مىڭلارچە دەريا ـ ئېقىن، تارماق ـ تارامىلار تارىم ئويمانلىقىغا قۇيۇلۇپ، ئويمانلىقنىڭ «ھاياتلىق مەنبەسى» گە ئايلانغان. ئاساسلىق دەريالاردىن تارىم دەرياسى (2190 كىلومېتىر)، خوتەن دەرياسى (1090 كىلومېتىر، قاراقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرى ئاساس قىلىنىدۇ)، يەكەن دەرياسى (1037 كىلومېتىر)، چەرچەن دەرياسى (527 كىلومېتىر)، قەشقەر دەرياسى

(507 كىلومېتر)، ئاقسۇ دەرياسى (419 كىلومېتر) ۋە باشقىلار بار. تارىم ۋادىسىغا تەۋە رايونلاردا قەدىمدىن تارتىپ ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، قۇلان، جەرەن، ياۋا ئېشەك، ئىپار كېيىك، ياۋا توڭگۇز، يىلپىز، مولۇن، تۈلكە، بۆرە، بۇغا، ئارقار، سۇلەيسۇن، ياۋا توشقان قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانات؛ ئۈلار، ياۋا غاز، ئۆردەك، ھاڭگىرت، ئاق قۇ، تۇرنا، قىرغاۋۇل، قارچىغا قاتارلىق ئۇچار قۇشلار؛ كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تاشپاختا، قاشتېشى، كۆمۈر، گەج، تۆمۈر، قارامای (نېفىت)، چىرىمتال، ھاك تېشى، ئاشتۇزى (ئاق ۋە كۆك رەڭدە)؛ ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن يۇلغۇن، تېۋىلغا، يانتاق، قومۇش، توغراق، شىۋاق، يېكەن، جىغان، تەسكەن، چىگە (لوپنۇر كەندىرى) ۋە بىرمۇنچە ئەتىۋارلىق دورا ئۆسۈملۈك-لىرى قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى بۇ زېمىندا قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنسانلار بىلەن ھايۋانات دۇنياسىنى زۆرۈر ھاياتلىق شارائىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن، شۇڭا، قەدىمدىن مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە رەڭگارەڭ «تارىم مەدەنىيىتى» يېغىندىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. تارىم مەدەنىيىتى-نىڭ تارماقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) لوپنۇر — چەرچەن تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار؛

(1) لوپنۇر قەدىمكى ئىزى؛

(2) كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر؛

(3) ئالتۇنتاغ مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر؛

(4) چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى خارابە؛

(5) چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى ۋە باشقا

ئورۇنلار.
بۇ كەمگىچە لوپنۇر — كرورەن — چەرچەن دائىرىسىدە خېلى كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ۋە بىر نەچچە ئۆۋەت كىچىك كۆلەملىك (سىناق تەرىقىسىدە) قېزىپ تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى. مۇشۇ دائىرىدىن تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان يادىكارلىقلار بۇ رايوننىڭ پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ تارماقلار ئىچىدە دەۋرى بىرقەدەر ئۇزۇن، خىلمۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھازىرغىچە بۇ رايوندا چوڭ كۆلەملىك، سىستېمىلىق، ئىنچىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېزىپ تەكشۈرۈشلەر داۋاملىشىپ كېتەلمىدى. گەرچە تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ سانى ئاز، ئەھمىيىتى زور بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا مۇشۇ رايون مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە پەقەت مۇقەددىمىلا بولالايدۇكى، ھەرگىز خۇلاسە بولالمايدۇ. ئالايلۇق، تارىم ۋادىسىدا ئەڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تۈرلىرى قايسىلار؟ ئۇلار قەيەردىن باشلىنىپ قەيەرگىچە تارقالغان؟ بۇ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى چېكى قانداق؟ بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىگىلىرى ۋە ۋارىسلىرى كىملەر؟ ئۇلارنىڭ باشقا رايونلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قانداق؟ ... قاتارلىق بىرمۇنچە مۇرەككەپ مەسىلىلەردە تېخىچە ئەتراپلىق خۇلاسە چىقىرىلغىنى يوق. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەزى تەتقىقاتلاردا تېخى تولۇق ئېنىقلانمىغان، پىشمىغان، سىستېمىسى يوق پىكىرلەر «تارىم مەدەنىيىتى»گە باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنماقتا. ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئەقەللىي تەلىپى بويىچە ئالدى بىلەن كەڭ كۆلەملىك، نۇقتىلىق قېدىرىش، قېزىپ تەكشۈرۈش، ئاندىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئاخىرىدا خۇلاسە قىلىش بىردىنبىر

ئىلمىي ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە ھازىرغىچە تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ئاساسەن «تارىم مەدەنىيىتى» نىڭ «مۇقەددىمىسى» سىگە مۇناسىۋەتلىك «لوپنۇر – چەرچەن تارىمىقى»دىكى بىرقانچە ئورۇننى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىرقانچە ئورۇندا قەدىمكى ئىزلار بولۇپ، بۇ جايلاردىن چوقۇش – يونۇش ئۇسۇلى ۋە سۇركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان، تۆشۈك ئېچىلغان سىلىق – پارقىراق تاش پالتا (قاشتېشىدىن ياسالغان)، يارغۇنچاق، تاش پەچاق ۋە بىر قىسىم تاشتىن سىلىقلاپ ياسالغان ئوق باشقى، تاش دانىچىلىرى قاتارلىقلار؛ رەڭلىك ساپال پارچىلىرى ھەم برونزا بويۇملار، ئۈچ قىرلىق برونزا باشاقلار تېپىلغان.

1979 – يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980 – يىلى ئارخېئولوگلار لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلار ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، تېمەن دەرياسى ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرۈپ، ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپتى.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ئاساسەن ياخشى ساقلانغان، قەبرە تۈزۈلۈشمۇ ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس. ئۆز زامانىسىدىكى ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۇرالغۇ، كەنت، قەبرىلەرنى ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن ياسىغان. قەبرە تۈزۈلۈشى: لەھەت، تىك قېزىلىپ، لەھەتنىڭ تۆت تېمى ياغاچ (ئاساسەن توغراق ياغىچى) بىلەن توسۇلغان، ئۈستى ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغان، ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە قوي، كالا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، يۇڭ پالاس ۋە چىۋىقتىن

توقۇلغان توقۇلما يېپىلغان، بەزى قەبرىلەر يەر يۈزىدىن ئېگىزرەك قۇرغاق قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا بولۇپ، ياغاچ تاۋۇت ئىچىگە سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان.

1979 - يىلى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىلغان قەبرىلەر ئالاھىدە بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ ئالتە قۇر چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇق (1 - تۇرىغا 85 ئەتراپىدا، ئەڭ ئىچىدىكى 6 - تۇرىغا 52 ياغاچ قوزۇق) قېقىلغان، قوزۇقلار يىراقتىن خۇددى نۇر چاقنىتىپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشايدۇ. تەبىئىي شارائىت (قۇرغاق ھاۋا) سەۋەبىدىن قەبرىگە دەپنە قىلىنغان مېيىت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىرىمەستىن ياخشى ساقلىنىپ قالغان. تېمەن دەرياسى ساھىلىدىكى نەدىمكى قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ ئېگىكى سەل ئۇچلۇق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، قاش - كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قويۇق. بۇرنى قاڭشارلىق ۋە ئىنچىكە، كالپۇكى نېپىز، چاچلىرى سۇس قوڭۇر بولۇپ، مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. قالپاقنىڭ يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان (بەزى قەبرىلەردىن تېپىلغانلىرىغا ئىككىدىن تارتىپ بەش تال، توققۇز تالغىچە ھەرخىل رەڭدىكى قۇش پېيى قىستۇرۇلغان)؛ بەزىلىرىگە ئۇزۇن قونچلۇق (تىزدىن ئاشىدىغان) ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. بەزى جەسەتلەرگە ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يۇڭ توقۇلما كىيىملىرى كىيگۈزۈلگەن بولسا، بەزىلىرى قوپال توقۇلغان يۇڭ رەختلەر (پالاس) گە يۆگەپ دەپنە قىلىنغان. مېيىتقا يۆگەلگەن كېپەنلىك پالاسنىڭ قىرغاقلىرى سىلىق سۈركەپ ياسالغان تاش يىڭنە ياكى ئۇچلاپ تەييارلانغان يىڭنىسىمان ياغاچلار بىلەن ئىلىپ قويۇلغان؛ بەزى قەبرىلەردىن يەنە ياغاچ ۋە تاشتىن نەپىس ئىشلەنگەن ئايال ئوبرازىدىكى قورچاقلار تېپىلغان. بۇ قورچاقلارنىڭ كۆكسى

ۋە كاسىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، قورچاقنىڭ يۈزى توم سىزىق-
لار بىلەن ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، كۆكسىگە گەۋدىلىك
ئىككى توپچا چىقىرىلغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شۋېتسىيىلىك
بېرگمان (F·Bergman) مۇشۇ رايوندىن قازغان ياغاچ تا-
ۋۇتلۇق قەبرىلەردىن بىر جۈپ ئەر - ئايالغا ناھايىتى ئوخ-
شىتىپ ياسالغان ياغاچ قورچاقلار تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا
1986 - يىلى قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەبرىلىرىدىنمۇ بۇ خىل-
دىكى قورچاقلار تېپىلدى (قورچاقلارنىڭ ئېگىزلىكى 15 — 18
سانتىمېتر كېلىدۇ). لوپنۇردىكى ھەممە قەبرىدىن دېگۈدەك
دورا ئۆسۈملۈكى — چاكاندا تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يۇل-
غۇن، كەندىر چىۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى
قېلىن ۋە زىچ قىلىپ توقۇلغان سېۋەتلەر تېپىلغان بولۇپ،
بەزى سېۋەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئارپا، بۇغداي دانلىرى چىققان؛
ئاز ساندىكى قەبرىلەردىن چىرىپ كەتكەن مىس تالقانلىرى
تېپىلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆنچى دەر-
ياسى ساھىلىدىن قېزىلغان 40 نەچچە قەبرىدىن بىرەرمۇ
ساپال بۇيۇم تېپىلمىغان. قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋ-
رىشكىلىرىنى 1 - قېتىم نەنجىڭ داشۆ جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ
تەجرىبىخانىسى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلى-
غاندا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 6412±117 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە
توغرا كېلىدىغانلىقىنى، 2 - قېتىم بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە
پاكولتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق
تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 4900 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە
توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېكىتتى.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان بۇ ئارخېئولوگى-
يىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزگە ئۆز زامانىسىدا بۇ
زېمىندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەسلەپ ماترىئارخاللىق
(ئانىلىق) دەۋرىدىن ئىبارەت ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئالاھىدىلى-

كىمگە ئىگە باسقۇچتا تۇرغانلىقىنى، ئۇلاردا بىرقەدەر راۋاجلانغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك ۋە قوشۇمچە بېلىقچىلىقنىڭمۇ بولغانلىقىنى، ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي سەنئەت بۇيۇملىرى (تاش ۋە ياغاچقا ئويۇلغان ئادەم ئوبرازلىرى ئىشلىگەنلىكىنى) ئىسپاتلاپ بەردى. بەزى قەبرىلەرنىڭ چۆرىسىگە نەچچە قۇر چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇقلارنى قېقىپ، ئۇنى قۇياشنىڭ چاقناپ تۇرغان شەكلىگە كەلتۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۇلاردا يەنە قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتنىڭمۇ بارلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىتلار بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىدا يۇڭ پالاس (شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ، مەملىكەت مىقياسىدا ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن پالاس - گىلەم ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ)؛ ئاسىيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن كىگىز، مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۈستۈرۈلگەن يۇمىلاق بۇغداي ئەۋرىشكىسى، ئارپا قاتارلىقلار؛ كۆنچىك (ئۆتۈك) قاتارلىقلارنى ئىشلەپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۆتۈك ھەققىدە، مىكوۋىن ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «...... نىل ۋادىسى، مېسوپوتامىيە ۋادىسى، شۇنداقلا خۇاڭخې ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى ئادەملەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن كەشلەرنى، تېرىدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈكلەرنى كىيەتتى. ئۆتۈك — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى،» دەپ يەكۈن چىقارغانىدى.

چەرچەن ناھىيىسىدىكى ئالتۇنتاغ رايونى مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قارامتۇل قىيا تاشلىق تاغلاردا نەچچە مىڭ پارچە قىياتاش رەسىملىرى بار. قىياتاش رەسىملىرى

جايلاشقان تاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پەلەمپەيسىمان تەكشىلىكتە بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق بار. بۇ جايدىكى بەزى قەبرىلەرنى قىيان سۈيى بۇزۇپ ئېچىۋەتكەن. ھازىر ئېچىلىپ قالغان قەبرىلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى تىيانشان مەدەنىيىتى ۋە ئالتاي مەدەنىيىتى تەۋەسىدىن تېپىلغان بەزى تاش لەھەتلىك قەبرىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

لەھەت ئۇزۇن چاسا شەكىلدە، تىك قېزىلغاندىن كېيىن تۆت تەرىپى يۇمىلاق ساي تاشلىرىدىن 1.2 مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلغان. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستى ياپىلاق تاشلار بىلەن يېپىلىپ، ئۈستىگە قۇم ئارىلاش شېغىل توپىلار دۆۋىلەنگەن؛ قەبرىلەرنىڭ كۆلىمى ئادەتتە 1.2 × 1 × 2 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدۇ. قەبرىگە كۆپىنچە بىر ئادەم دەپنە قىلىنغان. بۇ جاي تېخى قېزىپ تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن نېمىلەر ئاساس قىلىنغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم.

1985 - يىلى 9 - ئايدا، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىقتا قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. قەبرىستانلىق زاغۇنلۇق يېزىسىغا يېقىن بولغاچقا، «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. قەدىمكى قەبرىلەر قۇم، شېغىل، تۇز قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان ئېگىز تۆپىلىكتە. ئۇنىڭ كەنتتىن نىسپىي ئېگىزلىكى 30 مېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل "8 ,'32 °N85، شەرقىي مېرىدىئان "E.38.26'.9 قا توغرا كېلىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى 750 × 1100 مېتىر بولۇپ، بۇ يەردە چوڭ - كىچىك بىرنەچچە يۈز قەبرە بار (كۆپ قىسمى بۇزۇلغان). قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپى پايانسىز قۇملۇق بولۇپ، 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا لەئىلىك خارابىسى بار. بۇ خار-

رابىلىقتىن رەڭلىك ساپال قاچا، برونزا بۇيۇملار، ھەر خىل
زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقىلار تېپىلغان.

قەبرىستانلىق بىلەن قەدىمكى شەھەر خارابىسى ئوتتۇرى-
سىدا قەدىمكى ئۆي ئىزى بار. ھازىرقى چەرچەن دەرياسى
قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىدىن 10 كىلومېتر يىراقلىقتا جەنۇب-
تىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، چەرچەن
دەرياسى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى دەھشەتلىك قۇم -
بوران، قىيان ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئۆز يولىنى بىرقانچە
قېتىم ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن.

قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش
بولۇپ، تەبىئىي قاتلامغا ئىگە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك،
تىك قېزىلغان بىر پەلەمپەيلىك لەھەتتىن ئىبارەت. بەزى
قەبرىلەرگە كۆپ ئادەم، بەزىلىرىگە بىر ئادەم دەپنە قىلىنغان.
كۆپ ئادەم دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر ئىچىدە، 85,QZM,
نومۇرلۇق (قېزىلغاندا قويۇلغان دالا نومۇرى) قەبرىنىڭ
ئاغزى 3 × 5.35 مېتر، تېگى 1.55 × 3.1 مېتر، چوڭقۇرلۇقى
2.40 مېتر بولۇپ، قەبرە ئالاھىدە ھەم پۇختا ياسالغان.
قەبرە بېشىدىكى 0.5 مېتر قېلىنلىقتىكى قۇم ئېلىۋېتىلگەندىن
كېيىن 30 سانتىمېتر قېلىنلىقتا قومۇش بورا (ھەر بىرى
2.4 × 3.8 سانتىمېتر) يېپىلغان. بورا ئاستىدا ئات، تاي ۋە
قۇلان تېرىسى بار. تېرە ئاستىغا يەنە ئىككى قەۋەت قوشام
(يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان قېلىن بورا) يېپىلغان. يۇ-
قىرىقى بەش قەۋەت نەرسىنىڭ ئاستىدا 25 تال توغراق ياغى-
چى بىر - بىرىگە يېقىن قىلىپ توغرىسىغا قويۇلغان. قەبرە
تېگىگە يەنە قوشام سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىتلار قويۇل-
غان. جەسەتلەرنىڭ چىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جەسەت قو-
يۇلغان قوشامنىڭ تېگىگە 0.30 × 2.6 مېتر چوڭقۇرلۇقتا
ئېرىقچە قېزىلغان، قەبرە ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ بىمالال ھەرى-

كەت قىلغىلى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز يەنە بۇ يەرنىڭ تەبى-
ئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، لەھەتلەرنى تۈز قاتلىمىغا
توغرىلاپ قازغان. شۇڭا بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلار نەچچە
قەۋەت ھىم يېپىلغان نەرسىلەر شۇنىڭدەك قۇرغاق ھاۋا ۋە
تۈز قاتلىمىنىڭ تەسىرىدىن ئاساسەن بۇزۇلماي تەبىئىي مۇمى-
ياغا ئايلىنىپ كەتكەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بۇ قەبرىگە تۆت ئادەم دەپنە
قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، قالغىنى ئايال. بۇنىڭ
ئىچىدە بويى 2 مېتىر كېلىدىغان بىر ئەر بىلەن بويى 1.90
مېتىر كېلىدىغان بىر ئايالنىڭ جەسىتى بۇزۇلماي، ئەينەن
دېگۈدەك ساقلىنىپ قالغان. ئەرنىڭ يۈزى دۈگىلەك، بۇرنى
قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، قاش - كىرپىكلىرى،
ساقال - بۇرۇتى ھەتتا مەيدە تۈكلىرىگىچە ياخشى ساقلان-
غان. چاچ - ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە (يېرىم ئاقارغان). يۈ-
زىگە قىزغۇچ سېرىق بوياقتىن گىرىم قىلىنغان (بۇ قەدىمكى
ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك بىر خىل يوسۇن بولۇپ، تەڭرى دەر-
گاھىغا ساپ، چىرايلىق جامالى بىلەن بېرىشنى كۆرسەتسە،
يەنە بىر جەھەتتىن مېيىتنىڭ ئۆڭ - چىرايىنىڭ بۇزۇلماس-
لىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئالاھىدە گىرىم بولۇشى مۇمكىن). مېيىت-
نىڭ يەنە 5 سانتىمېتىر تومۇلۇقتا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى
بار. ئۆرۈمە چاچ ئۇچىدىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىقتا قىزىل
يۇڭ يىپنى قوشۇپ ئۆرىگەن. مېيىتقا جىگەررەڭ يۇڭ توقۇلمى-
دىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق كالتە چاپان، ئوخشاش رەڭ-
دىكى ئۇزۇن ئىشتان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق (تىزدىن ئاشى-
دۇ) گۈل بېسىلغان كىگىز پايپاق، پايپاق ئۈستىگە بۇغا
تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن.
سول قولىنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىغا ئىككى سانتىمېتىر كەڭ-
لىكتە چىلتەك ئېسىلغان. ئىككى قولى بېغىشىدىن رەڭلىك

يۇڭ يىپ بىلەن باغلانغان. ئايالنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، كۆزلىرى يوغان، قاش - كىرپىكلىرى قويۇق، بۇرنى قاڭشارلىق، چاچلىرى ئاقارغان (ئەسلى قوڭۇر رەڭدە)، تۆت تال ئۆرۈم چېچى بار. ئۇنىڭ ئىككى تېلى يالغان چاچ. ئۇچىسىغا توق قىزغۇچ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق، كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك. پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق گۈللۈك كىگىز پايپاق ۋە ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن (ئەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ). ئىككى قولى قوۋۇشتۇرۇلغان ھالەتتە بېغىشىدىن رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن باغلاپ قويۇلغان.

ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە يۈلغۈن شېخىغا ئۆتكۈزۈلگەن پاقلان گۆشى (كاۋاپ ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن)، تېرىق (سۆك) ئۇنىدىن تەييارلانغان توقاچ (نان)، ياغاچ ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان ھەر خىل بۇيۇملار، رەڭدار، جۇلالىق، قېلىن ۋە نېپىز، تۈۋىتلىق قىلىپ توقۇلغان ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار، كەشتە بېسىلغان ھەر خىل يۇڭ كىيىملەر، ئەديال، پالاس، كىگىز قاتارلىقلار ۋە ساپال قاچىلارمۇ بار. ساپال قاچىلارنىڭ سانى جىق بولمىسىمۇ، لېكىن شەكلى ئوخشاش چوڭ - كىچىك، تۈۋى دۈگىلەك (قازاننىڭ تېگىگە ئوخشاش)، سىرتىغا لايغا قوم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قارا رەڭلىك ساپال قاچىلاردىن ئىبارەت.

ياغاچ بۇيۇملار ئىچىدە مۈڭگۈز، سىڭىر، يېلىم ۋە باشقا نەرسىلەردىن پۇختا قىلىپ ياسالغان يا، قاتتىق يۈلغۈن ياغىچىدىن ياسالغان ئوق (باشاقلىرىمۇ ئوق بىلەن قوشۇپ ئويۇپ چىقىرىلغان، ئۈچ قىرلىق)، ئوقنىڭ تېز ۋە دەل تېگىشى ئۈچۈن ئوق دەستىسىنىڭ يان تەرەپلىرىگە پەيلەر چاپلانغان، بەزى ئوقلار بويالغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تارغاق (ياغاچ تارغىقىنىڭ قوندىقىغا ئارقارنى ئوغلاپ كېتىۋاتقان بۆرە سۈرىتى

ئاھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئويۇلغان) ئۇرچۇق، سوقا
(ياغاچ چىلەك)، قامچا دەستىسى قاتارلىقلار بار.

بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە نەپىس ئىشلەنگەن، گۈل - كەشتىلەر بېسىلغان رەڭگارەڭ كىيىم - كېچەكلەر (ئەر، ئاياللارنىڭ، باللارنىڭ)، ھەر خىل رەڭدىكى جۇلالىق يۇڭ چىلتەكلەردىن قوراپ تىكىلگەن كىيىملەر؛ رەڭلىك ۋە رەڭسىز ناھايىتى سىپتا كىگىز، يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن ئۇچلۇق، ئۇچى ئەگمە، ئېگىز، پەي قىستۇرۇلغان باش كىيىم-لەر (تەلپەك، بۆك، تۇماق، قالپاق قاتارلىقلار)؛ سارغۇچ، ئاقۇچ، قوڭۇر رەڭلىك ئىنچىكە ئېگىرىلگەن يۇڭ يىپلاردىن ئەپچىل، چىرايلىق توقۇلغان يازلىق تور بۆكلەر (بۇلار ماھىر-لىق بىلەن شۇنچىلىك نەپىس ۋە ئىنچىكە توقۇلغانكى، ھازىرقى ئەڭ نازۇك توقۇلغان يىپ تور بۆكلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ)؛ ئىنتايىن ئېپىز قىلىپ (شايى، ھىلھىلىگە ئوخشاش) توقۇلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار، ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ يىپتىن ئىشلەنگەن توم ۋە ئىنچىكە شويىنىلار بولۇپ، سانى نەچچە يۈز پارچىغا، باش كىيىملەرنىڭ تۈرى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قەبرە ئىچىدىن يۇلغۇن چى-ۋىقلىرىغا قىزىل يۇڭ، قىزىل يۇڭ يىپ يۆگەپ، خۇددى يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە ئوخشاش قىلىپ ياسالغان نۆكچىلەر-مۇ تېپىلدى (بۇ نەرسە ھازىرغىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قامان «شامان» دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ)

85·QZM, نومۇرلۇق قەبرىنىڭ يېنىدىكى كىچىك يىر قەبرىگە دەپنە قىلىنغان بوۋاقنىڭ جەستى تېخىمۇ ئالاھىدە. بوۋاقنىڭ جەستى جىگەر رەڭ يۇڭ رەختكە تېشىدىن رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن باغلاپ، بىر پارچە ئاق كىگىز ئۈستىگە ئۇڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، بېشىغا كىگىز پارچىلىرىدىن تەييار-

لانغان ياستۇق قويۇلغان. بوۋاقنىڭ بېشىغا ئالاھىدە توقۇلغان ئىچى قىزغۇچ، تېشى كۆك، تىۋىتلىق يۇڭ بۆك كىيگۈزۈلگەن. ئىككى كۆزىگە ئىككى دانە تاش باسۇرۇپ قويۇلغان. مېيىت چىرىمەي ياخشى ساقلانغان. خۇددى زاكىلاپ ئۇخلىتىپ قويۇلغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. بوۋاقنىڭ باش تەرىپىگە قوينىڭ يېلىنىدىن تىكىلگەن ئىمىزەك (ئىچىدە قېتىپ قالغان سۈت قالدۇقى بار)، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ قاتارلىقلار قويۇلغان. بوۋاقنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئىچى ئويۇۋېتىلگەن توغراق ياغىچىدىن ياسالغان تەڭنە شەكلىدىكى ئۇلاق يېپىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئوت - چۆپ يېپىپ، قۇم بىلەن كۆمۈلگەن. 85QZM، نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قومۇش قاتلاملىق تەكشىلىككە مۈڭگۈزلۈك قوي كاللىسى، كالا مۈڭگۈزىدىن ئالاھىدە ياسالغان قەدەھ، ئاتنىڭ كاللىسى، پاقالچىقى قاتارلىق نەرسىلەر بىللە كۆمۈلگەن بولۇپ، بۇلار شۇ زاماندىكى مۇھىم دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈگلۈك ئېچىلغان بولۇپ، بۇ بىر ئائىلىنىڭ ئىچىدە ۋاپات بولغانلارنى نۆۋەت بويىچە دەپنە قىلغانلىقىدا پايدىلىنىدىغان تۈگلۈك بولۇشى مۇمكىن. ئەنە شۇ تۈگلۈك ئاغزىغا قىلىن قوڭۇر يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن تون، كىگىز توقۇم (ئىچلىك)، ئىچىگە باشقا نەرسىلەرنى تىقىپ تېرىدىن تىكىلگەن توقۇم (تاشقى توقۇم) يېپىلغان.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان يۇقىرىدىكى بىباھا ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىزگە بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ خېلى چوڭ قەلئە - شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، نەپىس يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە باشقا ھۈنەر - سەنئەتلەر بىلەن

شۇغۇللانغانلىقىنى، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

لەھەتلەرنىڭ ئەڭ تېگىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى (مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى تەجرىبە قىلغان) كاربون 14 ئانالىزى بىلەن تەجرىبە قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ دەۋرى بۈگۈندىن 2960±115 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

2) ئۇدۇن — گۇما تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار:

(1) گۇما ناھىيىسىدىكى كېلىيانا قەدىمكى ئىزى؛

(2) گۇما ناھىيىسى سانجۇ يېزا كىيىكتۇزدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ۋە باشقىلار.

ئۆزىنىڭ قەدىمكى تارىخىي ھۆنەر - سەنئىتى، رەڭگارەڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بىلەن داڭق چىقارغان ئۇدۇن (خوتەن) يۇرتىدا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى شەھەر - كەنتلەر، ئىبادەتخانىلار ۋە باشقا يادىكارلىقلارغا قارىتىلدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە تەۋە بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرى بىرنەچچە ئورۇندا يۈزەكى تەكشۈرۈلدى. شۇڭا قەدىمكى ئۇدۇننىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە تەئەللۇق مەدەنىيىتى ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۇدۇن — گۇما تارمىقىدا ھازىرچە يۈزەكى تەكشۈرۈلۈپ خاتىرىگە ئېلىنغان ئورۇنلارنى تىلغا ئېلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇق. بۇ مۇھىم تارماقنىڭ «بوش» قالغان جايلىرى بۈگۈندىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلىرىدە

تولۇقلانغۇسى.

60 - يىللاردا گۇما ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن 60 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان كېلىيانا يېزىسى ئەتراپىدىن قەدىمكى ئىز تەكشۈرۈلۈپ، ئۇ جايدىن سۈركەش - سىلىقلاش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان بەزى تاش قوراللار ۋە تېگى قىزىل، گۈل نەقىشلىرى قارا رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، گۇما ناھىيىسى سانجۇ يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىن 25 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جايلاشقان كىيىكتۇر دېگەن يەردە قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى، ئەڭ قەدىمكى بەلگە، تامغا قاتارلىقلار تېپىلغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋاللار بىزگە ئۇدۇن يۇرتىدا باشقا رايونلاردىكىگە ئوخشاشلا ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە خاس مەدەنىيەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3) پامىر — ئوپال تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار:

(1) تاشقورغاندىكى شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقى؛

(2) ئوپال — ئاقدالا قەدىمكى تاش قورال ئىزلىرى ۋە باشقا ئورۇنلار.

1976 — 1977 - يىللىرى تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 3 كىلومېتر يىراقلىقتىكى شامبابا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا بىر تۈركۈم قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەن. قېزىلغان قەبرىلەردىن قارىغاندا، ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ۋە كۆيدۈرمەي دەپنە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل دەپنە قىلىش يوسۇنى بايقالغان.


توپا قەبرىلەر: تىك قېزىلغان لەھەت بولۇپ، بىرىدىن ئىككىگىچە ئادەم دەپنە قىلىنغان، قەبرە ئېغىزىغا ياغاچ يېپىلغان؛ مېيىتنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغان قەبرىلەرنىڭ

ئىغىزىغا ياغاچ يېپىلمىغان. بۇ خىل قەبرىلەردىن، ئاخىرەتلىك
بۇيۇملار چىقمىغان؛ ئۇمۇمەن، دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى مۇرەك-
كەپ، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئانچە كۆپ ئەمەس. بەزى قەبرى-
لەردە مېيىتنىڭ ئاستىغا يۇلغۇن ۋە باشقا دەرەخلەرنىڭ چىۋىق-
لىرىدىن توقۇلغان قوشام سېلىنغان، بەزى قەبرىلەرگە جەسەت-
نى يېپىنچە پۈكلەپ، ئېگىپ، ئاندىن دەپنە قىلغان. ئاخىرەت-
لىك بۇيۇملاردىن قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان، تېگى يۇملاق
كۈلرەڭ ساپاللار، سىدام ساپال قازان، ساپال ئاياق، ساپال
كوزا، ساپال قەدەھ، ئاز ساندا برونزا بىگىز، برونزا ھالقا،
برونزا ئۈزۈك، برونزا بىلەزۈك قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك سۆڭەك
ۋە رەڭلىك تاش (ھېقىق) لاردىن ياسالغان مارجان، ئالتۇن
قاداق ۋە ناھايىتى ئاز ساندا كىچىك تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر
ئۈزۈك، تۆمۈر بىلەزۈكلەر بار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ياغاچ-
تىن ياسالغان ئوت چىقىرىش ئەسۋابىمۇ تېپىلغان. قەبرىدىن
ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ئانالىزى بىلەن تەجرىبە
قىلغاندا، ئۇنىڭ ۋاقتى بۈگۈندىن 2400 — 2800 يىل
ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ جايدىن تېپىلغان بەزى
ساپال قاچىلارنىڭ تۈرى تېكەس قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىل-
غان ساپال قاچىلارغا تولىمۇ ئوخشايدۇ. «خەننامە. غەربىي
يۇرت تەزكىرىسى»دىكى پامىر رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ
بارغان قەدىمكى «ئۇلۇغ ئارت» ۋە ئەركەشتام دۆلەتلىرىدە
ياشىغان خەلقلەرگە دائىر خاتىرىدە بۇلار «ساقلار نەسلىدىن»
دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، شامبابا قەبرىستانلىقىدىكى بۇ
قەبرىلەر ئېھتىمال قەدىمكى ساقلارنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇناسى-
ۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.
1972 - يىلى 7 - ئايدا، قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسى-
نىڭ ئوپال يېزا ئوپولات (ئوپال ئارت) كەنتىنىڭ غەربىدىن
5 كىلومېتر يىراقلىقتىكى دالادىن تۆت ئورۇندا يېڭى تاش

قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمكى ئىزلار تېپىلغان. بۇ قەـ
دىمكى ئىزلار جايلاشقان يەرلىك يەرلەرنى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئاقدالا،
ئۆڭكۈلۈك، قۇرۇقدالا ۋە دۆۋىلىك دەپ ئاتايدۇ. بۇ دائىرىدە
ھازىر ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈك بولۇپ، ئەتراپىدا قىيان سۈيى
يۇسۇپ ـ يالاپ كەتكەن جىرالارمۇ بار. يەر يۈزىدە يانتاق،
قومۇشلار ئۆسكەن. بۇ قەدىمكى ئىزلاردىن سۈركەش ئۇسۇلى
ئارقىلىق سىلىقلاپ ياسالغان يېرىم ئاي شەكىللىك تاش پىـ
چاقلار، تاش ئورغاق، ئېگەرسىمان يارغۇنچاق، سالغا تاش
(تاش ساقا)، تاش توقماق، تاش تۆڭگە، تاش باشاق (ئوق)،
تاش ئۇرچۇقلار؛ ئۇنىڭدىن باشقا، قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلـ
غان كۈل رەڭ، قوڭۇر، قىزىل ساپال پارچىلىرى ۋە بىر دانە
بېجىرىم، تۆۋى يۇمىلاق ساپال ئاياق، بىر دانە كىچىك برونـ
زا پىچاق تېپىلغان. برونزا پىچاقنىڭ تەركىبىنى خىمىيىلىك
ئۇسۇل بىلەن ئانالىز قىلغاندا، ئۇنىڭ قەلەي تەركىبى پەقەت
1.2% بولۇپ، ئاساسەن ساپ قىزىل مىس ئىكەنلىكى ئېنىقلانـ
غان (1 ـ رەسىمگە قاراڭ).

ئاقدالا قەدىمكى ئىزىدىنلا 48 دانە سىلىقلانغان تاش
قورال تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈز ۋە ئەگرى ياسالـ
غان تاش پىچاقتىن 11ى، يارغۇنچاقتىن 14ى ۋە باشقا خىلـ
دىكىلىرى بار.

ئاقدالا قاتارلىق تۆت قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان يادىـ
كارلىقلار بۇ جايدىكى ئەجدادلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن
باشقا، بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق، يىپ ئېگىرىش،
ساپالچىلىق قاتارلىق قوشۇمچە قول ھۈنەر ـ سەنئەتتى بىلەن
شۇغۇللانغانلىقىنى ۋە سىلىق تاش قوراللار بىلەن برونزا قوـ
راللارنى بىللە ئىشلىتىش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ جاينىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىـ
رىكى تەبىئىي شارائىتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈـ




1 - رەسىم

1. ئاقدالادىن تېپىلغان تاش قوراللار؛ 2. ئۆڭكولۆكتىن تېپىلغان تاش قوراللار؛ 3. دۆۋىلىكتىن تېپىلغان سۆڭەك ئوق ئۇچى؛

شى ئۇچۇن تېخىمۇ قولايلىق بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەدىمكى ئىزلار پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھازىرغىچە تېپىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىزلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ غەرب تەرەپتىكىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم بايقاش بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت مىقياسىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنى، پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغانىدا، ئەلۋەتتە نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاينىڭ

تىيانشان تىزمىسى ۋە پامىرغا يېقىن تۇرغانلىقى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدەشنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بېرىشى مۇمكىن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى چوست مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئورۇنلاردىن بىرنەچچە يۈز دانە تاش پىچاق، ئورغاق شەكلىدىكى تاش قوراللار تېپىلغان. ئەڭ قىزىقارلىقى، چوستتىن تېپىلغان تاش پىچاقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى (ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ھەجمى 0·8 × 4·2 × 15 سانتىمېتىر) ئاقدالا قاتارلىق قەدىمكى ئىزلاردىن تېپىلغانلىرىغا ئوخشايدىكەن.

چوست مەدەنىيىتى تېپىدىكى يادىكارلىقلار ئاقدالا، ئۆڭگۈلۈك، قۇرۇقدالا، دۆۋىلىك ۋە ئاقسۇ قارا يۇلغۇندىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا بەك ئوخشايدۇ. ئورغاق شەكلىدىكى تاش قوراللار بىلەن برونزىدىن ياسالغان سېپىدا تۆشۈكى بار قوراللار شەرقىي قازاقىستان، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1000 - يىللارنىڭ باشلىرىغا ئائىت بىر قاتار يادىكارلىقلاردىمۇ كۆرۈلگەن.

چوست مەدەنىيىتىگە تەۋە رەڭلىك ساپال قاچىلارغا كەلسەك، ئۇلار شەكىل جەھەتتە تىيانشان ۋە تارىم مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئورۇنلاردىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللاردىن پەرقلىنىدۇ، لېكىن ئۈستىگە قىزىل رەڭ بېرىلىپ، قارا رەڭدە نەقىش چۈشۈرۈلگەن ئەھۋاللار (نەقىشلەرنىڭ كۆپرەكى ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، تورسىمان، رومبا شەكلىدىكى كاتەكچە... قاتارلىقلار) ئوخشاپ كېتىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى لېنىنگراد شۆبىسىنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق قىلغان تەجرىبىسى چوست مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا قىلىنغىنىغا $3050\pm120$ يىل ۋە

2720±120 يىللار بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ ئىككى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئەجدادلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆز زامانىسىدا مەلۇم مۇناسىۋەتلەرنىڭ بولغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمىسا كېرەك.

4) ئاقسۇ ـ كۇچا تارمىقى

بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدىغان ئورۇنلار:

(1) ئاقسۇ قارايۇلغۇندىكى قەدىمكى ئىز؛

(2) كۇچا قارادۆڭ خارابىسى قاتارلىقلار.

تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئاقسۇ ـ كۇچا تارمىقى ئىنتايىن مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. بۇ بىپايان قەدىمكى يۇرتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تاكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە بولغان دەۋرلەرگە خاس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خىلمۇخىل، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىممەتلىك دۇردانىلىرى ساقلانغان. بۇ يادىكارلىقلار-نىڭ بىر قىسمى دۆلەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا مەشھۇر بولۇپ، ئۇلار تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە نۇقتىلىق خەلقئارا تەتقىقات تېمىلىرى قىلىنماقتا. لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ تارماق مەدەنىيەت دائىرىسىدىمۇ ئارخېئولو-گىيىلىك خىزمەتلەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چوڭقۇر ئىشلە-نىپ كېتەلمىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت ئارخې-ئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا 50 ـ، 60 ـ يىللاردا مۇشۇ رايوندىكى ئىككى ئورۇندا ئېلىپ بېرىلغان كىچىك كۆلەملىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىش بىلەن چەكلەن-دۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، كېيىنكى چاغلاردا ئېلىپ بېرىلغان دالا تەكشۈرۈشلىرىدە مۇشۇ تارماق دائىرىسىدىكى كەلپىن، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، باي، توقسۇ (توققۇز سۇ)، شايار قاتارلىق

ئامبىلەرنىڭ تەۋەسىدىن رەڭلىك ساپاللار، ئىنچىكە تاش قوراللار، بىرونىزا بۇيۇملار تېپىلغان.

50 - يىللاردا پېشقەدەم ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) شەھىرى خارابىسىنى تېپىشنى چۆرىدەپ، ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىگە جايلاشقان قارادۆڭ خارابە ئىزىنى قېزىپ تەكشۈرگەنىدى. قېزىش جەريانىدا ئاستىنقى قاتلامدىن قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) رايونىنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. يادىكارلىقلاردىن تاش قوراللار، ساپاللار، سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە باشقا نەرسىلەر قېزىۋېلىنغان. تاش قوراللاردىن تاش ئورغاق، تاش ھالقا، گۈرجەككە ئوخشاپ كېتىدىغان تاش قورال، تاش پىچاق، تاش ئۇرچۇق قاتارلىقلار؛ سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملاردىن سۆڭەك بىگىز، سۆڭەك يىڭنە، باشاق (ئوق)، زىق، سوغا قاتارلىقلار بار. ساپاللاردىن قىزىل سىدام ساپال قاچىلار قولدا ئىشلەنگەن. رەڭلىك ساپاللارنىڭ تېگى ئاقۇچ، ئۈستىگە قىزغۇچ ۋە سۆسۈن رەڭ بېرىلگەن. ساپال قاچىنىڭ ئاغزى ئەتراپىغا قىزىل رەڭدە كەڭ سىزىق، ئىچى - تېشىغا قىزىل ۋە سۆسۈن رەڭدە سىزىق چۈشۈرۈلگەن. گۈل - نەقىشلىرى ئۈچ بۇرجەك، كاتەكچىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، دولقۇنسىمان سىزىق، كۆپتۈرمە سىزىق، تۈز سىزىق، تۇتاش ھالقىلىق سىزىقلاردىن ئىبارەت. ساپال قاچىلار ئىچىدە ساپال قەدەھ، ساپال تاۋاق، ساپال تەخسە، ساپال چۆچەك، كۈپ - كوزا قاتارلىقلار بار.

1960 - يىلى قىشتا، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئاقسۇنىڭ شەرقىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قارا-يۇلغۇن قەدىمكى ئىزىنى قېزىپ تەكشۈرگەن (بۇ ئورۇن دەشت

لەپ گېئولوگىيىلىك چارلاش جەريانىدا بايقالغان). قېزىپ تەكشۈرۈش نۇقتىسىنىڭ 5 مېتر چوڭقۇر يېرىدىن قېلىنلىقى 1·30 مېتردىن 80 سانتىمېترغىچە بولغان قاتلام — (4 ـ قاتلام) مەدەنىيەت قاتلىمى تېپىلغان بولۇپ، بۇ قاتلامدىن قىزىل ۋە سۇر رەڭدىكى ساپال پارچىلىرى، ساپال كومزەك، ساپال كورىلار چىققان. ساپاللارنىڭ ھەممىسى قولدا ياسىلىپ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنرەك ھارارەتتە پىشۇرۇلغان. بۇ ساپال قاچىلارنىڭ ئاساسەن گۈل ـ نەقىشلىرى يوق. بۇنىڭدىن باشقا سىلىقلانغان تاش قورالنىڭ ۋە ئىككى پارچىسى، سۆڭەكتىن ياسالغان بىگىز، برونزا بۇيۇملار تېپىلغان. يۇقىرىدىكى يادىكارلىقلار ئاقدالا يادىكارلىقلىرىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت يىغىندىسى توغرىسىدا تۆۋەندە قىسقىچە خۇلاسە قىلىمىز:

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەرتىپى ئومۇمەن، چوقۇش ـ يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن تاش قورال ـ سۈركەش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن تاش ـ قورال — برونزا قورال — تۆمۈر قوراللاردىن ئىبارەت. مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە ئىنسانلارنىڭ چوقۇش ـ يونۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن باسقۇچى «كونا تاش قورال دەۋرى»، سۈركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن باسقۇچى «يېڭى تاش قورال دەۋرى»، برونزا قورال ئىشلەتكەن باسقۇچى «برونزا قورال دەۋرى»، تۆمۈر قورال ئىشلەتكەن دەۋرى «تۆمۈر قورال دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئاز ساندا برونزا قوراللارمۇ بىللە ئىشلىتىلگەن. شۇڭا بۇ «برونزا قورال

بىلەن تاش قورال بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋر» دەپ ئاتىلىدۇ. ساپال قاچا يېڭى تاش قورال دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. رەڭلىك ساپاللار — ئومۇمەن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنىڭ مەھسۇلى. ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ بۇ خىل قائىدىسىگە ئاساسەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تىيانشان مەدەنىيىتى، ئالتاي مەدەنىيىتى، تارىم مەدەنىيىتىگە تەۋە جايلاردىن ھازىرغىچە ئېنىقلانغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى دەۋرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بويىچە بىرنەچچە چوڭ تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئىنچىكە (سىپتا) تاش قوراللار ئالاھىدە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى ئىزلار، يەنى قۇمۇلدىكى يامانسۇ، يەتتەقۇدۇق، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى سەيۋوپۇ، تۇرپاندىكى ئاستانە، يارغول قاتارلىق قەدىمكى ئىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىسى يامانسۇ، يەتتەقۇدۇق ئىزلىرى بولۇپ، بۇ جايلاردا ئاساسەن ئىنچىكە تاش قوراللار ئىشلىتىلگەن، رەڭلىك ساپال ئىشلىتىلمىگەن. كېيىنكى قاتاردىكىسى ئاستانە، يارغول بولۇپ، بۇ ئىزلاردا ساپاللار بىلەن ئىنچىكە تاش قوراللار بىللە ساقلانغان.

تېپىلغان يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، ئالدىنقى قاتاردىكىسىدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان. كېيىنكى قاتاردىكىسىدە، بىر خىل ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

بارىكۆلنىڭ تاش ئادەم يېزىسىدىكى قەدىمكى ئىز، قۇمۇلنىڭ قىزىلچوقا، ئالتۇزاق كەنتلىرى؛ ئاراتۈركتىكى كارساك، باغچىلا، ئاداق؛ مورىدىكى سىداۋگۇ جىلغىسى؛ كۈچۈگدىكى نەنجىبگۇ جىلغىسى؛ خوشۇتتىكى چۇقو، توقسۇندىكى پارچە شاغال؛ غۇلجىدىكى ئاقتۆپە قاتارلىق

ئىزلاردا سۇركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان بىرقەدەر چوڭ تېپتىكى تاش قوراللار بىلەن بىللە رەڭلىك ساپاللار ۋە بىر قىسىم برونزا بۇيۇملار (سۆڭەكتىن، ياغاچتىن ياسالغانلارمۇ بار) تېپىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەۋرى تاش قوراللار بىلەن برونزا قوراللار بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە ياكى برونزا قورال دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ ئاقدالا قاتارلىق قەدىمكى ئىزلىرى، ئاقسۇ قارايۇلغۇن، لوپنۇردىكى قەدىمكى ئىزلاردا ئاساسەن سۇركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان بىرقەدەر چوڭ تېپتىكى ھەر خىل تاش قوراللار بىلەن برونزا قوراللار (قوشۇمچە باشقا نەرسىلەرمۇ بار) تېپىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ دەۋرىمۇ تاش قوراللار بىلەن برونزا قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە مەنسۇپ بولىدۇ. توقسۇنىنىڭ ئارغۇغول (ئالغۇي) بىلەن ئېۋىرغول جىلغىسىدىكى جايلاردا قىسمەن تاش قوراللاردىن باشقا، برونزا بۇيۇملار بىلەن تۆمۈر بۇيۇملار بىللە چىققانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ دەۋرى تاش قوراللار بىلەن برونزا قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرنىڭ ئاخىرى، تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن. كۇچا قارادۆڭدىن سۈركەش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن تاش قوراللار بىلەن رەڭلىك ساپاللارمۇ تېپىلغان، لېكىن ئۇ جايدىن تېپىلغان تاش پىچاق، تاش ئورغاق قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە برونزا قوراللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دەۋرى نىسبەتەن كېيىنرەك بولۇشى مۇمكىن. موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بەزى قەبرىلەر (شوتا يېزىسىدىكى قەبرىلەر) دىن رەڭلىك ساپال قاچا بىلەن بىللە تۆمۈر قورال (ساپان) مۇ چىققان. شۇڭا ئۇ خىل ئورۇنلارنىڭ دەۋرى تېخىمۇ كېيىنرەك بولۇپ، تۆمۈر قورال دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 4. رەڭدار ساپالچىلىق سەنئىتى

قەدىمكى زامان ئىنسانىيەت تارىخىدا، رەڭلىك ساپالچىلىق خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان قاچا - قومۇچلار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىپتىدائىي سەنئەت ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر مۇھىم تەرەپ بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈرى، سانى كۆپ، گۈل - نەقىشلىرى خىلمۇ خىل، ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، رەڭلىك ساپاللارنى تەتقىق قىلىش ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ تىپلىرىنى ئايرىپ چىققىلى، ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي شارائىتى ئالاھىدە بولغانلىقتىن تاشقىرى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، رايونىمىزدا ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئانچە ئەتراپلىق بولمىغانلىقى، تەتقىقاتلارنىڭ دەل ۋاقتىدا ۋە چوڭقۇر بولمىغانلىقى، شۇنداقلا ھازىرغىچە تېپىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يەر ئۈستىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، پۈتۈن گەۋدىلىك ئۇقۇم ۋە يەر قاتلاملىرىنىڭ مۇناسىۋىتى كەم بولغانلىقى ۋە باشقا مەسىلەر ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، بەزىبىر مۇھىم ئىلمىي خۇلاسىلەرنى چىقىرىشقا ھازىرچە ئەمەلىيەت يار بەرمەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرغىچە توپلانغان نەچچە ئون يىللىق ماتېرىياللار ئاساسىدا، ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن

بەزىبىر خۇلاسىلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ؛


1) ساپاللارنىڭ سۈپىتى ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىسى سىغىز لايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن قىزىل ياكى قوڭۇر ساپال. خاس يۇمشاق سىغىز لايدىن ئىشلەنگەنلىرى ھازىرچە كۆپ تېپىلمىدى. سىغىزغا ئارىلاشتۇرۇلغان قۇمنىڭ دانىچىلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزىلىرى ناھايىتى ئۇششاق بولسا، بەزىلىرى خېلىلا يىرىك؛ ئوتىنىڭ تېپۋى كۈچلۈك ئەمەس، ساپاللارغا بېرىلگەن رەڭمۇ تەكشى ئەمەس. رەڭلىك ساپاللارنىڭ سىغىز لايغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەنلىكى — يۇرتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەممىلا يەردە يۇمشاق — ساپ سىغىز تۇپا كەمچىل بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز شۇ خىل ئۇسۇلدا ساپال ياساشقا مەجبۇر بولغان.

2) ساپاللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قولدا ئىشلەنگەن بولۇپ، چاقتا ئىشلىگەنلىك ئىزى كۆرۈنمەيدۇ. ساپال قاچىلارنىڭ ئىچىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە، قول بىلەن تەكشى سۇۋالماي چىقىپ قالغان ئېگىز ـ پەسلىك كۆزگە چېلىقىدۇ. كۆپىنچە، لايىنى ئۇزۇن كومىلاچ قىلىپ ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ساپاللارنىڭ تېشى ئومۇمەن سىلىقلانغان.

3) گۈل ـ نەقىشلەرنى ئىشلەشتىن بۇرۇن ئۈستىگە بىر قەۋەت رەڭ (قىزىل، قىزغۇچ، سېرىق، سارغۇچ، سۈت رەڭ) بېرىلگەن. گۈل ـ نەقىشلىرى ئاساسەن قارا رەڭدە، قىزىل ۋە سۆسۈن رەڭدىكىلىرىمۇ بار.

4) گۈل ـ نەقىشلىرى ساددا ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، ئاساسلىقى، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك ۋە باشقا ئۈچ بۇرجەك، ئىچى تەكشى قىسقا سىزىقلار ۋە كاتەكچىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان چوڭ تەتۈر ئۈچ بۇرجەك؛ سۇنۇق سىزىقلاردىن ھاسىل بولغان قاتمۇقات ئۈچ بۇرجەك، دولقۇنسىمان سىزىق، ساڭگى-

لاتىنا سىزىق، روجەك شەكىللىك، شاھمات تاختىسىدەك كا-
تەكچە سىزىقلار، تىك تەكشى سىزىقلار ۋە ھەر خىل قىسقا
سىزىقلارمۇ بار. ئايرىم جايلاردىن تېپىلغانلىرىدا تاغ تې-
كىسى رەسمى، تامغا - نىشانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان
بەلگىلەرمۇ بار. گۈل - نەقىشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۆ-
پىنچە رەڭلىك ساپاللارنىڭ ئاغزى تەرىپىگە بىر قاتاردىن
ئۈچ قاتارغىچە تەتۈر ئۈچ بۇرجەك نەقىشلەر، ئۇنىڭ ئاستىغا




2 - رەسىم

ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللار:

1. توقسۇننىڭ؛ 2. لوپنۇردىكى؛ 3. چەرچەننىڭ؛ 4 - دىن 12 - گىچە توقسۇن ئارغۇغول (ئالغۇي) جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان.

ئۇلاپ باشقا خىلدىكى نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن (2 ـ رەسىمگە قاراڭ).

ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللاردا ھەر خىل شەكىلدىكى تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك نەقىشلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ بىر جەھەتتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنىڭ سىماسىنى ئەپچىللىك بىلەن رەڭلىك ساپاللارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئېغىزىغا سىزىپ، بىر خىل سەنئەتنى نامايان قىلغان. بەزى رەڭلىك ساپاللارنىڭ ئىچىگىمۇ نەقىش چۈشۈرۈلگەن.

5) رەڭلىك ساپال قاچىلار ئاساسەن كومزەك، كوزا، تاشتەك، تاۋاق، قەدەھ، چۆگۈن ۋە باشقا خىلدىكىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قۇلاقلىق ۋە قوش قۇلاقلىق كومزەك، كوزىلار، بىر قۇلاقلىق ساپال قاچىلار كۆپرەك ئومۇملاشقان.

6) رەڭلىك ساپاللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋىنى ۋە ئاستىنقى قىسمىدا ئوت ـ تۈتۈننىڭ ئىزى بار. بۇ خىلدىكى ساپاللارنى قازان ـ قومۇچ قاتارىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى باشقا جايلارنىڭ رەڭلىك ساپال قاچىلىرىنىڭ پەقەت نەرسە ـ كېرەك قاچىلاش قورالى سۈپىتىدىلا ئىشلىتىلگەنلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇمۇ بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللارنىڭ دەۋرى مەسىلىسىگە كەلسەك، نىسپىي دەۋرىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە ئائىتلىرىمۇ بار. مەسىلەن، تۇرپان ئاستانە، قاراغوجىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللارنىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە ئاس‐

تانىدىن تېپىلغانلىرىنىڭ مۇتلەق دەۋرى بۇنىڭدىن 3400
يىل بۇرۇن)، برونزا قورال دەۋرىدىكىلىرىمۇ بار. مەسىلەن،
بارىكۆلنىڭ شىرىنزا يېزىسى؛ قۇمۇلنىڭ ئارادۆۋە، قىزىل-
چوقا، يانبۇلاق، مورى جىلغىسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىل-
غانلىرى (بۇلارنىڭ ئىچىدە قارادۆۋە، قىزىل چوقا، يانبۇلاق
قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغانلىرىنىڭ مۇتلەق دەۋرى بۇنىڭ-
دىن 3200 يىل ئىلگىرى). بۇلاردىن تاشقىرى لوپنۇر قاتار-
لىق جايلاردىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللارمۇ برونزا قوراللار
دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

توقسۇنىنىڭ ئالغۇي، ئۈۋېرغول؛ موڭغۇلكۈرەنىڭ شوتا
يېزىسى؛ كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغانلىرىنىڭ
بىر قىسمى تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكە توغرا كېلىشى
مۇمكىن. بىر ئورۇندىن قېزىلغان نەچچە ئونلىغان قەبرىلەر-
دىن چىققان يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرىنىڭ بىردەك بولۇشى
ناتايىن. چۈنكى، بەزى قەبرىستانلىقلار نەچچە ئون ئەۋلاد-
قىچە، ئەسىرلەر بويى داۋاملىق ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ
يەرلەردىن چىققان يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرىمۇ ئىلگىرى -
كېيىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تىيانشان مەدەنىيىتىنىڭ قۇمۇل - بارىكۆل، ئاستانە -
ئالغۇي، بوغدا - ئۈرۈمچى. بوغدا - مورى تارماقلىرىغا
تەۋە كەڭ دائىرىدىن تېپىلغان ھەر خىل رەڭلىك ساپال
قاچىلارنىڭ گەنسۇ چىڭخەي رايونلىرىدىكى زادى قايسى
مەدەنىيەتنىڭ رەڭلىك ساپاللىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسى-
ۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ھازىرچە تېخى ئېنىق جاۋاب بەرگىلى
بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت مۇنا-
سىۋىتى ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا
بولىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچىدىن، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى

ئاسیا یایلىقى دائىرىسىدە، ئاسیا یایلىقى چوڭ ئىككى بۆ-لەككە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى — چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىن باشلىنىپ، غەربىي چۆللۈكنىڭ جەنۇبى، خىبىي، سەنشى، شەنشى، نىڭشیا ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بویلاپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى بىلەن قۇمۇل، تۇرپاندىن ئۆتۈپ یۈلتۇز ۋادىسى، ئىلى دەریاسى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل بویلىرى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا سىر ۋە ئامۇ دەریا ۋادىلىرى ئار-قىلىق ئارال كۆلىگە تۇتىشىدۇ. دېمەك، قەدىمدىن مۇشۇ یایلاقلاردا یاشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا یاراتقان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە «یایلاق مەدەنىيىتى» دە بىۋاستە مۇناسىۋەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمایدۇ.

ئىككىنچىدىن، گەنسۇنىڭ یاڭشاۋ مەدەنىيىتى — بىرونزا قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى بىللە ئىشلەتكەن دەۋرىگە مەن-سۇپ بولۇشى مۇمكىن (مىلادىدىن تەخمىنەن 2000 — 4000 یىل ئىلگىرى). شاجىڭ مەدەنىيىتى كېيىنرەك پەیدا بولغان بولۇپ، ئەمىنىيە ۋە یېغىلىق دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 722 - یىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - یىلغىچە) گە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، دەۋر جەھەتتىنمۇ ئاساسەن ئوخشایدۇ.

ئۈچىنچىدىن، رەڭلىك ساپالارنىڭ یاسىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن گۈل - نەقىش نۇسخىلىرىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئاساسىي نۇسخىلاردىن ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، ئۇزۇنچاق تىك سىزىق، كاتەكچە ۋە تەكشى سىزىق قاتارلىقلار (3 - رەسىمگە قاراڭ).

مەدەنىيەتنىڭ یاراتقۇچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى كىملەر دېگەن مەسىلىدە یەنىلا ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجى-لىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسا، ئۇ یۇرتىمىزدىن تېپىلغان مەدە-




3 - رەسىم
1 - دىن 4 - كىچە پەرغانىدىكى چوست مەدەنىيىتىگە تەۋە رەڭلىك ساپاللار؛ 5 -، 6 -، 7 -ر- شاجىك ۋە شالڭ - تاڭ مەدەنىيىتىگە تەۋە؛ 8 - ماچاڭ مەدەنىيىتىگە تەۋە رەڭلىك ساپاللار.

.نىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىزنىڭ مۇرەككەپ ئىلمىي مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم رول ئويناydۇ. دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان 18 دانە باش سۆڭەكنىڭ ياۋروپا ئىرقلىق بەلگە - ئالامەتلىرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئۇلار جەنۇبىي سىبىرىيە، قازاقىستان ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى كەڭرى يايلاقلاردا برونزا قورال دەۋرىدە ياشىغان خەلقنىڭ باش سۆڭەكلىرىگە ئوخشايدىكەن.

گەنسۇ - چىڭخەيدىكى ياڭشاۋ، شاجىڭ مەدەنىيەتلىرى ھەمدە سىبىرىيە ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قاراسۇق، تاغار، ئوردوس، چۇغاي تاغلىرى، پەرغانە ۋادىسىدىكى چوست مەدەنىيەتلىرى بىلەن يۇرتىمىزدىن تېپىلغان ھەر خىل قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى ۋە ئوخشاشلىقى توغرىسىدا ھەر خىل پىكىر ۋە تىللاردا يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەرگە

مۇراجىئەت قىلساق، بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. قەدىمكى
خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەر ۋە «تارىخ ئومۇمىيە»، «تۈرك
ۋە تاتار تارىخى»، «جامىئۇتتەۋارىخ»، مىسىر ئالىملىرىدىن
جورجى زەيدان يازغان «تارىخىي سىستان»، ئۇلۇغ ئۇيغۇر
ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»
قاتارلىق بىرمۇنچە ئەسەرلەردە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە
ئىگە بايانلار بار. ئۇلاردا تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى-
دىكى يەرلەرنىڭ تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكى، مەدەنىيىتىنىڭ گۈل-
لەنگەنلىكى، شەھەر ۋە يۇرتلارنىڭ ئاۋاتلىقى، ئاھالىنىڭ
تېز كۆپىيىشى قاتارلىقلار قەيت قىلىنغاندىن تاشقىرى، بۇ
جايلاردا يەنە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا قانداقتۇر بىر
خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى بولغانلىقىمۇ بايان
قىلىندۇ. ئۇلاردا يېزىلىشىچە، تىيانشان تاغلىرى، قارا
قۇرۇم، كوئېنلۇن تاغلىرى (ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىمۇ بۇنىڭ
ئىچىدە)، چۆلتاغ (قۇرۇقتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، پامىر تاغ تىز-
مىلىرىدا ئەسلىدە بىر تۇتاش كەتكەن مۇزلۇقلار ناھايىتى
كۆپ بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا بۇ مۇزلۇقلار ئازىيىپ، كۆپ
جايلىرى ئېچىلىپ قالغان. تاغلارنىڭ مۇز زاپاسلىرى ئازاي-
غانلىقى ھاۋا رايىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، قار - يام-
غۇر ئاز ياغىدىغان قۇرغاققا مايىل مۇھىت شەكىللىنىشكە باش-
لىغان. شۇڭا مۇزلۇقلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان يۇلتۇز كۆلى
(كېيىن لوپنۇر كۆلى دەپ ئاتالدى) گە ئوخشاش كۆللەر ۋە
يۈزلەرچە چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىنلار بارغانسېرى قۇ-
رۇشقا باشلىغان. بەزىلىرى كەلكۈن دەستىدىن ئېقىنىنى ئۆز-
گەرتكەن. بۇ ئېقىنلاردىن سۇ ئىچىدىغان نۇرغۇنلىغان شەھەر-
يۇرتلارمۇ خارابىيلىققا يۈزلەنگەن. بىر تەرەپتىن قۇرغاقچىلىق
ئاپىتى، يەنە بىر تەرەپتىن نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى سەۋە-
بىدىن ياشاش قىيىنلىشىپ، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئۆز ھاياتى-

لمى ساقلاش ئۈچۈن بىر - بىرى ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقان، ئۇلار مەغلۇپ بولغان تەرەپنى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. شۇ سەۋەبتىن تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشىغان زور بىر تۈركۈم ئاھالە ئاستا - ئاستا ھەر تەرەپكە تارىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ئاۋاتلاشتۇرغان بەزى شەھەر - يۇرتلار بارغانسېرى خارابىلىشىپ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن.

لوپنۇر ئۆلكىسىدىن كۆچكەن ئىككى تۈركۈم كۆچمەنلەرنىڭ بىرىنچى تۈركۈمى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، چاڭجياڭ (كۆك دەريا) نىڭ باش تەرىپىدىكى (ھازىرقى سىچۈەن ۋە يۈننەن) جايلارغا يەرلەشكەن، ئىككىنچى تۈركۈمى جەنۇب تەرەپكە يۈرۈپ، كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي) غا بارغان ۋە ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالماي، بىر قىسمى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. تارىم ۋادىسىدىكى قۇرۇپ كەتكەن يۇرتلاردىن چىققان يەنە بىر تۈركۈم كۆچمەنلەر ئارقا - ئارقىدىن غەربىي تىبەت (لاداغ) ۋە پامىر يوللىرى ئارقىلىق تاكى ھىندى ۋادىلىرىغىچە بارغان. مانا شۇ كۆچۈش دەۋرىدە يەنە بىر قىسىم بوستانلىقلار ئۆز ئاۋاتلىقىنى ساقلاپ قالغان. بۇ يەرلەردە قېپقالغان قەدىمكى تۈركىي قوۋملار ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەرخىل ناملاردا ئاتىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىگە خاس يۇقىرى مەدەنىيەت ياراتقان. يۇقىرىدىكى بايانلار بىزنىڭ تارىم ئارخېئولوگىيىسى ۋە تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. چۈنكى، تارىم مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي خۇلاسىلەر ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن ئىسپاتلانسا، بۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

مەلۇم رايوندىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ باشقا قوشنا رايونلاردىكى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، بىر رايوندىكى مەلۇم مەدەنىيەتكە

ۋەكىللىك قىلغۇچى ناھايىتى ئۇرغۇن ئادەملەر توپىنىڭ يەنە بىر رايونغا بىراقلا كۆچۈپ بېرىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس (ئۇنداق قىلىشمۇ ھاجەتسىز). كۆپ ھاللاردا ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەت تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش پائالىيەتلىرى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر (ھۈنەرۋەنلەر) نىڭ رولى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بىر مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان تىيانشان مەدەنىيىتى، ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە تارىم مەدەنىيىتى قاتارلىق مەدەنىيەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا، خۇلاسە چىقارغاندا قانداقتۇر «بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىگىلىرى باشقا جايدىن كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن...»، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى «پالانى يەردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكى ئايدىڭلاشماقتا.

ئاخىرىدا شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەڭ چوڭ بوشلۇقلار، يەنى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا مەنسۇپ «ئاتۇش ئادىمى»، جىرغال قەدىمكى ئىزى قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ ئانچە نەزەرى چۈشمىگەن قاقاس تاغ قاپتاللىرىدىكى ئېگىزلىك، تىك يارلىقلاردىن تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتاي تاغلىرى، تىيانشان تاغلىرى، قاراقۇرۇم كۇئېنلۇن تاغلىرى، ئالتۇن تاغ، چۆلتاغ (قۇرۇق) تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرى جىلغا - سايلىرى، سىرلىق قاپتاللىرىدىن ھازىرغىچە تېپىلىۋاتقان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئىپتىدائىي سەنئەت نەمۇنىلىرى — قىيا تاش رەسىملىرى، تاش تاۋۇتلۇق قەبرە قاتارلىقلارنىڭ ياپلاق - ئېدىرلار، تۈزلەڭلىك، بوستانلىقلار، پايانسىز قۇملۇقلاردىن تېپىلغان

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېنىقلاندى. شۇڭا بۇ نۇقتىغا بۇنىڭدىن كېيىن ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىدىغان بولساقلا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

# ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئىپتىدائىي سەنئەت

## ئىپتىدائىي ئېتىقاد

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كونا تاش قورال دەۋرى (بۇنىڭدىن 20 — 40 مىڭ يىللار ئىلگىرى) دىكى ئەڭ قەدىمكى سەنئەت ئىزلىرى قىيا تاشلارغا، قورام تاشلارغا ۋە ئۆڭكۈر تاشلىرىغا بوغا مۈڭگۈزى ۋە ئۆتكۈر تاشلار بىلەن سىزىلغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ رەڭلىك ۋە رەڭسىز رەسىملىرى، ئۇنىڭدىن كېيىنرەك يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ برونزا قوراللار باسقۇچىدا قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ھەر خىل رەسىملەر رەڭلىك ۋە رەڭسىز ساپاللارغا چۈشۈرۈلگەن نەقىشلەر، ياغاچ، تاش ۋە لايدىن ياسالغان ئەڭ قەدىمكى قورچاقلار، ئېروگلىپلىق يېزىقلار، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، توغرىدىن - توغرا تەبىئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئومۇملاشتۇرىدىغان ساددا ئاناسىر (ئامىل. تادو) كۆز قاراشلىرىنىڭ نامايەندىلىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئۇلار كېيىنچە ھەرخىل تەبىئىي شەيئىلەرگە تېۋىنىشقا ئاساسلانغان ئانىمىزملىق بىلىش ۋە ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىقى كۆز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆز بېشىدىن مۇز دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرغاق كىلىمات مەزگىلىنى

ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئوت، تاش قورال، ئوقيا، ساپال، مىس ۋە ئاتنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش يولىدا تەبىئەت بىلەن ھارماي كۈرەش قىلىپ، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، مەدەنچىلىك، تېرىنچىلىك (تېرە ئەيلەش، كۆنچىلىك)، يۇڭ يىپ ئېگىرىش — يۇڭ توقۇمىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تىبابەتچىلىك، مال ئالماشتۇرۇش ۋە قاتناش - كارۋانچىلىق قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ: «ئالەم — تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئاناسىردىن تەركىب تاپقان»، دېگەن كۆز قارىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات شارائىتلىرى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت — ئىقلىمى ۋە بىلىش فورماتسىيىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تەخمىنەن ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدە ئالەم تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي قاراشلىرىنى بىلدۈرەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان قەدىمكى ئوغۇز — ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر دۇنيانى ئىزاھلاشتىكى تۆت ئاناسىر كۆز قارىشىنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئىزچىل ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئەجدادلار تۇپراقنى دۇنيانىڭ مۇھىم بىر ئامىلى دەپ ھېسابلىغان. تۇز، تۇراۆك مەدەنلەر، قىزىل سېغىز، گۆڭگۈرت قاتارلىقلار خىسلەتلىك ھېسابلىنىپ، ئالاھىدە قەدىرلەنگەن. شىمالىي ئالتاي رايونى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسى) دىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە جەسەتلەر قىزىل توپىغا مىلەپ كۆمۈلگەن. بۇنىڭدىن قىزىل تۇپراقنىڭ ھايات ۋە قاننىڭ سىماسى قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا جەسەتنى چىرىشتىن ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق كەنتىگە جايلاشقان (قەبرىگە دەپنە قىلىنغان

جەسەتنىڭ بۇنىڭدىن 3500 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن). قەدىمكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە بىر خىل تەبىئىي قىزغۇچ مىنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان. بۇ ئەھۋالمۇ يۇقىرىدىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

تۇپراق يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كۆلالچىلىق، ئۆي ـ تۇرالغۇ، قەبرە قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈنلا ئاساس بولۇپ قالماي، يەنە قەدىمكى ئەمچىلىك (داۋالاش) نىڭمۇ مۇھىم بىر مەنبەسى بولغان. ھەر خىل مىنېرال دورا ماتېرىياللىرى تۇپراقتىن ئېلىنغان.

تۇپراق بىلەن شۇغۇللىنىش ماترىئارخارلىق تۈزۈمدە ئاياللارنىڭ ئىپتىدائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۇ زامانلاردا ئەڭ دەسلەپكى ئېكىنچىلەر — ئاشلىق ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاياللار بولغان. شۇڭا بۇ دەۋرگە خاس سىبىرىيە دالاسى ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردە ئايالنىڭ جەسىتى يېنىغا ئايال ئۇبرازىدىكى ياغاچ، تاش، ساپال قورچاقلار، لاي ياكى باشقا تۇپراق جىنسىدىن ياسالغان تەسۋى، مۇنچاق قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان. لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان 3800 — 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغان جەسەت يېنىغا تاش ۋە ياغاچتىن ئۇبرازلىق قىلىپ ياسالغان قورچاقلار قويۇلغان. قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەدىمكى قەبرىلىرىدىنمۇ ئايالغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان (ئۇياتلىق ئەزالىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ياسالغان) ياغاچ قورچاقلار (ئەرلەرنىڭمۇ بار) تېپىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماترىئارخارلىق تۈزۈمى باسقۇچىدىكى ئوماي (ئايال) غا سېغىنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بەلگىلىرى ئىدى.

تۇپراق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ئەڭ قەدىمكى

دىنلاردىن بولغان قامان (شامان) دىنى كۆز قاراشلىرىدا
داۋاملىق ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. قامان (شامان)
دىنىدا: «بارلىق ئالەم تەڭرىنىڭ ئىلكىدە. تەڭرى بىلەن
ياخشىلىق ئىلاھى كۆك (ئاسمان) نىڭ ئەڭ ئۈستۈن قەۋىتىدە،
يامانلىق ئىلاھى يەرنىڭ تەكتىدە، جانلىقلار يەر ئۈستىدە
بولىدۇ. تەڭرى ئاتىنى كۆك (ئاسمان) تىن ياراتقان، ئانىنى
يەردىن ياراتقان...» دېگەن چۈشەنچىلەر مۇھىم ئورۇن تۇت-
قاچقا، كۆك تەڭرىسى ئومۇمەن ئوت بىلەن ھاۋا ھەققىدىكى
كۆز قاراشلارغا، يەر تەڭرىسى ئومۇمەن تۇپراق بىلەن سۇ
توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارغا ئاساسلانغانىدى.

ھەرقانداق بىر ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ياكى ئىپتىدائىي
ئېتىقادنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق
قىلغاندا، شۇ خىل مەدەنىيەت ياكى ئېتىقادنىڭ مەلۇم خەلق
ياكى مىللەت ئىچىدە، ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىزلىرى-
دىن دەلىل ئىزدەش — ئىلىم ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ
قىلىنغان نۇقتا. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «تۆت ئاناسىر»
كۆز قارىشىنىڭ بىرمۇنچە ئالامەتلىرى كېيىنكى زامانلاردا
ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشى-
دىغان مىللەتلەرنىڭ ئادەت - يوسۇنلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى:

سۇ — قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس —
«ئىدۇق» (بەخت ئاتا قىلغۇچى) شەيئىلىرىنىڭ بىرى ھېساب-
لانغان. خەلق ئىچىدە «سۇ — بارلىق ئىللەتلەرنى ئاققۇزىدۇ،
سۇدىن چىققان كىشى يېڭىلانغان بولىدۇ. سۇنىڭ مۇقەددەس
پاكلىقىنى بۇزغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ...» دېگەنىدەك
كۆز قاراشلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈپ كەلگەن.

يېقىندا (1986 - يىلى كۈزدە) توقسۇن ناھىيىسىنىڭ
كۇجاي يېزىسىنىڭ پەنجىر تاغ دېگەن يېرىدىن بىرونىزا
قورااللار دەۋرىگە ئائىت زور بىر تۈركۈم قىيا تاش رەسىملىرى

تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك قىيا تاشنىڭ تەكشى يۈزىگە ناھايىتى كۆپ ئېقىن، بۇلاق، كۆلچەك، تارماق - تارامىلارنىڭ رەسىمى كېلىشتۈرۈپ ئويۇلغان. ئۇنىڭدا سۇنىڭ مەنبەسى، چوڭ - كىچىك ئېقىنلارنىڭ قوشۇلغان جايلىرى، مەلۇم كۆلگە قۇيۇلۇپ، ئاخىرى يەنە مەلۇم چوڭ ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قارىماققا تەقلىدىي ياسالغان مودېلغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر سۇ — جىلغا ئارىلىقىغا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىگە تۇتىم قىلغان ئارقار، تاغ تېكىسى، قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تۇرغۇن ھالىتى ۋە ھەرىكەت ئۈستىدىكى ھالەتلىرىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ئويۇلغان. بۇ قىممەتلىك «تاش خەرىتە» نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇدۇن - چاپقۇننىڭ سوقۇشى، كۈچلۈك كۈن نۇرىنىڭ چېقىشى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھازىر بۇ «تاش خەرىتە» دىن 60 نەچچە ئېقىن سۇ، بۇلاق، كۆلنى ساناپ چىققىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ تاشتا يەنە بىرمۇنچە قەدىمكى تۈرك بەلگە - تامغىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان (نىشان - بەلگە، ئىزى ئۆچۈپ كەتكەنلىكتىن ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئىرماش - چىرماش) نەرسىلەرنىڭ ئىزناسى ساقلىنىپ قالغان. تىيانشان تېغىنىڭ باغرىدىن تېپىلغان بۇ «تاش خەرىتە» بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئىپتىدائىي «ئاناسىر» كۆز قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلىنىشىچە، ئوغۇزخان سۇ ئىچىدە ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخكە چىقىۋالغان گۈزەل بىر قىزنى ئالغان ۋە ئۇنىڭدىن كۆرگەن پەرزەنتلىرىدىن بىرىگە «دېڭىزخان» دەپ ئىسىم قويغان.

ئەجدادلىرىمىز قامان (شامان) دىنىغا، بۇددا دىنىغا

ئېتىقاد قىلىنغان چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىنغان زامانلاردىمۇ يامغۇر تىلەش، سۇ تىلەش، تېرىقچىلىق ۋە يايلاق مۇنبەتلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئەنئەنىسى بولۇپ كەلدى. كرورەن ۋە خوتەندىكى خارابىلەردىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر ۋە خوتەن بۇددىزمى توغرىسىدا يېزىلغان تارىخىي يازما ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، ساكىيامۇنىنىڭ توغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەبۇد يۇيۇش مۇراسىملىرى ناھايىتى كاتتا بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇ تىلەش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانىكەن.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز، جۈملىدىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئوت بىلەن ئاي، قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز ئاسمان — ھاۋا — ئالەم ھاياتنىڭ مۇھىم بىر ئاناسىرى ھېسابلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابە — ئىزلاردىن تېپىلغان ئوت (كۆل) قاتلاملىرىدىن ئوتنىڭ مۇقەددەسلىككە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئىسپاتلانماقتا. ئوتنى مۇقەددەس بىلىش، ئوتقا سېغىنىش، ياغ پۇرىتىش (دەسلەپتە بۇ ئادەت قىزدۇرۇلغان تاشقا ياغ چېچىش بىلەن بولغان)، ئاي، قۇياش تۇتۇلغاندا مەشئەل كۆتۈرۈپ مۇناجات ئوقۇش، تويدا يېڭى كېلىننى ئوتتىن سەكرىتىش — ئايلاندۇرۇش، كېسەلنى ئوت بىلەن ئۇ-چۇقداش، ئىسرىق سېلىش، ئۆلۈم — مۇسىبەتتىن كېيىن يىل توشقۇچە چىراغ يېقىپ قويۇش، جىن — شاياتۇنلارنى چاچراتقۇ ئوت بىلەن قوغلاش قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتقا بولغان ئالىي ھۆرمىتى بولۇپ، بۇنىڭ بىر مۇنچىلىرى تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا ئايخان، كۈنخان، يۇلتۇزخان

ذىگەن ئىسىملارنى قويغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇنلارنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ.

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى «ئۆكۈز» (كالا)، «بۆركۈت»، «ئەجدىھا»، «ئېيىق» قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە تۇتېم قىلغان بولسا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى «ئارقار»، «تاغ تېكىسى»، «بۆرە»، «ياۋا ئۆكۈز»، «بۇغرا»، «يولۋاس»، «شىر»، «قارچىغا»، «شۇڭقار»... قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىگە تۇتېم قىلغانىدى. ئۇلار مۇشۇنداق تۇتېم ئېتىقادلىرى ئارقىلىق ئۇرۇقداشلىق ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشاتتى. بۇ خىل تۇتېم ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقادلار كېيىنكى زامانلاردا تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە تۇتېم قىلغان ھايۋانات — ئۇچار قانات، ئېگىز تاغ، دەل - دەرەخلەرنىڭ رەسىملىرى دەسلەپ ئاددىي، كېيىن ئوبرازلىق ئۇسلۇبلاردا قىيا تاشلارغا، ساپال، ياغاچ، مېتال بۇيۇملارغا ۋە ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملارغىچە چۈشۈرۈلىدى. كېيىنكى چاغلاردا، تارىختا ئۆتكەن قەدىمكى ھۇن - تۈرك خانلىقلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر خاقانلار، شاھزادىلەر، ۋەزىر، سەركەردە ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ناملىرى «تەڭرىقۇت»، «كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان» (كۈن تەڭرىدىن ئۇلۇغ بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك دانا خاقان)، «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان» (ئاي تەڭرىدىن بەختلىك بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك دانا خاقان)، «كۈلتېگىن»، «ئاي تېگىن»، «ئاي تۇران»، «كۈنبېك»، «ئايبېك»، «بۇغراخان»، «بۇقاجان»، «ئارسلانخان»، «بارسقان»، «توغرۇل تېگىن»...... دەپ ئاتالغاندىن تاشقىرى، ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ناملىرىمۇ «بارس بۇقا»، «بويان بۇغا»، «ئېركىن بۇقا»، «ئەر توغرۇل»،

«تۆمۈر بۇقا» دەپ ئاتالدى. ھەتتا يۇقىرىقىدەك نام ـ ئاتاق-
لار «قاراخانىلار» دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن
كېيىنمۇ داۋاملاشتى. بۇلار بىزگە تۇتېم ۋە قامان (شامان)
دىنى ئېتىقادىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە داۋاملاشقانلى-
قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قامان (شامان) دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئىلاھلىرى — «كۈن تەڭرى»، «ئاي تەڭرى»، «ياشىن»، «ياشىن تەڭرى» (ھۆل ـ يېغىن ئىلاھى)، «يەل تەڭرى» (شامان ـ بوران ئىلاھى)، «قۇت تەڭرى» (بەخت ئىلاھى)، «ئۇماي»...... قاتارلىق بىرقانچە خىلغا ئايرىلاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، تۆتېم ۋە ھەر خىل تەڭرى ئېتىقادلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۈزچىل داۋاملاشقان. ھەر خىل تەڭرىلەرگە ئېتىقاد قىلىش ئەجدادلىرىمىزدىن — قەدىمكى تۈركىي قوۋملار، تۈركىي مىللەتلەرگە قارىتىلغان.

قامان (شامان) دىنىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئېگىز تاغلارمۇ مۇقەددەس ھېسابلانغان. چۈنكى، تاغ كۆك (ئاسمان) تەڭرىگە يېقىن بولغاچقا، كۆك ۋە قۇياش تەڭرىلىرىگە ئېتىقاد قىلىش، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش ۋە ئۆزئارا بىتىم ـ ئەھدىلەرنى تۈزۈشلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ تاغ چوققىلىرىدا بولاتتى. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياشىغان يەرلەردىكى ئۇلۇغ تاغلارنى مۇقەددەس ھېسابلاپ، ئۇلارنى «قۇتتاغ»، «تەڭرىتاغ»، «خان تەڭرى»، «مۇزتاغ ئاتا»، «ئۇلۇغ ئاتا تاغ» ۋەھاكازا دەپ ئاتاشقان. بۇنداق ئەھۋال دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يۇنانلىقلار ئولىمپىيىنى، ھىندىلار ھىمالايانى، ئەرەبلەر ئەراپات تاغلىرىنى مۇقەددەس ھېسابلايدۇ.

قامان (شامان) دىنىي ئېتىقادىدا ئاسمان «17 قەۋەتلىك نۇر دۆلىتى» دەپ تەرىپلەنگەندىن تاشقىرى، ئۇ يەنە قۇت

(بەخت) دەرگاھى ھېسابلىنىپ، ئوت ۋە يورۇقلۇق بىلەن خاراكتېرلەنگەن. «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «... ھۇنلار ھەر يىلى باھاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە تەڭرى، يەر ئىلاھلىرىغا ئاتاپ نەزىر - چىراق، قۇربانلىق قىلىشىدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى تارىخنامە-لەردە: «... ھۇن تەڭرىقۇتى ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى چىققان قۇياشقا، كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ، ئايغا چوقۇنۇش مۇرا-سىمى ئۆتكۈزىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇمات ۋە تارىخىي بايانلار بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى زامانلاردا ئىپتىدائىي قامان (شامان) دىنىي ئېتىقادىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر (توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇز، ئون ئوغۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق قەدىمكى ئاسىيادىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان باشقا دىنلار (ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانى دىنى قاتارلىقلار) نىمۇ قامان (شامان) دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدا قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. گېرمانىيىلىك فون لېكوك 1906 - يىلى تۇرپاندىن تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىرپارچە مانى دىنى دۇئاسىدا «تۆت ئاناسىر يورۇقلۇق بىلەن قوشۇلۇپ، ئالەم تەڭرىسى ھورمۇزدانىڭ ئاساسىي ئالامىتى بولغان» دېيىلگەن. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان چاغلىرىدىمۇ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ «تۆت ئاناسىر» كۆز قارىشى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەن-دۈرۈپ بېرىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار كېيىن ئېتىقاد قىلغان باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسىدە، بەزىدە بىر نەچچە دىننى سىڭدۈرۈپ، ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان بىر دىننى ئىجاد قىلغانلىقى توغرى-سىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار تېپىلماقتا.

# ئىپتىدائىي سەنئەت

قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر

سەنئەت — جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلارغا بولغان چەكلىك ستىخىيىلىك كۆز قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلغان چوقۇنۇش، ئېتىقاد روھىي ئۇستەكلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتى تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېڭىدىكى تەسىرات دائىرىسى ئىچىدە سىمۋوللۇق ۋە مۇبالىغە ئۇسۇلى بىلەن سۈرەتلەپ، خاتىرە قالدۇرۇش پائالىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق پائالىيەت دەسلەپكى سىزمىچىلىق — نەققاشلىق — ئويمىچىلىقتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي سەنئەت شەكلىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەنىدى.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەمگىكىنى، تۇنجى قورال ياسىشى ۋە تۇنجى تەپەككۇرىدىن باشلاپ، رېئال گۈزەللىكنى ھېس قىلغان ھەم شۇ ئاساستا ئىستېتىك تۇيغۇ قوزغاتقۇچى گۈزەللىك ھادىسىلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر تېخى ئانىمىزم (تەبىئەتنى ئىلاھلاشتۇرۇش) كۆز قاراشلىرىدىن باشقا، مۇئەييەن ئىستېتىكىلىق كۆز قاراشلار يوق ئىدى. شۇڭا ئىپتىدائىي سەنئەت تەتقىقاتلىرىدا ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى سەنئەت نەمۇنىلىرىنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا، قانداق مەقسەت بىلەن ئىجاد قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۈپ مەنبەسى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا خىلمۇ خىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى.

كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئەڭ قەدىمكى سەنئەت ئىزلىرى غار تاشلىرى ۋە قىيا تاشلارغا سىزىلغان رەسىملەر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان بىر خىل رەسىملەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ھايۋان رەسىملىرى ئىدى. بۇ رەسىملەر دەسلەپتە يالاڭ سىزىق بىلەن، كېيىنچە قېلىن ۋە سۇس سىزىقلارنى ئارىلاشتۇرۇش بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر خىل مىنېرال رەڭ بىلەن سىزىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە جايلار — ئۆزبېكىستاندىكى تېشىك تاش، سۇرخان دەرياسى، شېرئاباد رايونىدىكى قىيا تاشلار ۋە ماچاي غارىغا؛ فرانسىيەدىكى مادىلىن غارى ۋە ئىسپانىيەدىكى ئالتامىرا ئۆڭكۈرىگە ھەر خىل بوياقلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ تۇرغۇن ھالىتى ۋە ھەرىكەت ئۈستىدىكى ھالەتلىرى سىزىلغان. ئىپتىدائىي ئادەملەر ھايۋانات دۇنياسى بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ۋە ئۇنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ، ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرىنى ياراتقان.

كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى، تېرىقچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن ھايۋان كۆندۈرۈشكە ئۆتۈشتىن باشلاپ سەنئەت نەمۇنىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. خاس ھايۋان ئوبرازىنىلا يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇسۇل بىرىنچى ئىستېتىك ئورۇندىن قېلىپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ دىققەت - نەزەرى بارغانسېرى ئادەم ئوبرازىغا قارىتىلىشقا باشلىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دەسلەپكى دەۋرلەرگە خاس بولغان ئاددىي، قوپال، قالايمىقان، قىياسەن ئىشلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئورنىنى كېيىنكى چاغلاردا ساددا، ئوبرازلىق ۋە ھەر خىل ۋەقەلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل تېمىدىكى رەسىملەر ئىگىلىدى.

ئاپتولوم رايونىمىز تەۋەسىدە كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قىيا تاش رەسىملىرى ھازىرغىچە تېپىلمىغان بولسىمۇ، ئالتاي رايونىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا ئائىت غار رەسىملىرى تېپىلدى. كۆكتوقاي ناھىيە سىنىڭ «تاڭبالى تاس» (تامغىلىق تاش) غارىغا سىزىلغان رەسىملەردە بىر خىل قىزغۇچ مېنېرال خام ماتېرىيال قىلىنغان. رەسىمنىڭ ئۇستى قىسمىغا ئوخشاش مەركەزلىك ئىككى يۇمى لاق، يېنىغا بولۇتقا ئوخشاپ كېتىدىغان رەسىم سىزىلغان. تۆۋەن تەرىپىگە بېشىغا پەي قىستۇرۇلغان قالپاق كىيگەن، پېشانىسىدە نەچچە ئونلىغان قىسقا قورۇقلىرى بار ئادەم رە سىمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى، قاشلىرى، ئاغزى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ (بۇ خىلدىكى رەسىم لەر ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تاغلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ). بۇنىڭدا ئەڭ قىزى قارلىقى، بېشىغا پەي قىستۇرۇلغان قالپاق كىيگەن ئادەم ئوبرازى بولۇپ، بۇنى كۆنچى دەريا ساھىلى، چەرچەندىكى زاغۇنلۇق، خوتەندىكى سەنپۇلا قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان پەي قىستۇرۇلغان قالپاق ـ تەلپەكلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلساق، بۇنىڭدىن ناھايىتى قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك خۇلاسىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئالدىنقى سەھىپىلەردە ئەجدادلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ، بەدىئىي جەھەتتىن قايتا ئابستراكتلاشتۇرۇلۇپ ئىجاد قىلىنغان مول ۋە رەڭگارەڭ ساپال سەنئىتى ئۇستىدە ئو مۇمىيۈزلۈك توختالغانىدۇق. ئەنە شۇ رەڭگارەڭ ساپال سەن ئىتى بىلەن تىيانشان تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قاراقۇرۇم، كونىنلۇن تاغلىرى، ئالتۇن تاغ ۋە چۆلتاغ (قۇرۇق تاغ) تىزمىلىرىدىن تېپىلغان نەچچە ئون مىڭ پارچە قىيا تاش رەسىملىرى (بۇ رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ

قىسمى قىيا تاش، قورام تاشلارغا ئويۇلغان) بىرلىشىپ، يۇرت تىمىزدىكى ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ نەمۇنىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەزى رەڭلىك ساپاللار بايقالغان ئورۇنلار بىلەن قىيا تاش رەسىملىرى جايلاشقان يەرلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولىسمۇ، بىراق ئۇلاردىكى بەزى سەنئەت نەمۇنىلىرى مەيلى مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن بەكلا يېقىن بولۇپ، ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، تىيانشان مەدەنىيىتىگە تەۋە ھەرقايسى تارماق مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللارغا سىزىلغان ئۈچ بۇرجەكلىك ۋە تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك نەقىشلەر چەرچەن ناھىيىسىدىن 200 نەچچە كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان ئالتۇن تاغ قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ھەر خىل رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى، شەكلى ۋە باشقا سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا خىلدىكى سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن تاش، ياغاچ لايدىن ياسالغان قورچاقلار، ياغاچ ۋە برونزىدىن ياسالغان ھەر خىل ھەيكەل ۋە زىننەت بۇيۇملىرى، كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ تاش ھەيكەرللەر، مىڭئۆي (تاش ئۆڭكۈر) تام رەسىم — بېزەكلىرى، يۇڭ، چىگە، پاختا ۋە يىپەك توقۇلمىلارغا چۈشۈرۈلگەن ھەر-خىل ھايۋانات، ئۇچار - قانات، گۈل - گىياھلارنىڭ نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ، ئەنئەنىۋى باغلىنىشىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانماقتا.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمكى قىيا تاش ئويما رەسىملىرىنى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۆۋەندىكى تۆرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار ئوبرازى (بۇ چۆپخور ۋە گۆشخور ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئويۇلغان رەسىملەر؛ 2) ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەر (غەلىتە نىقابلانغان)،

ئۇسسۇلچىلار، سېركچىلەر، ئوۋچىلار رەسىملىرى؛ 3) مال پا-
دىلىرى ۋە چوپان (مالچىلار) رەسىملىرى؛ 4) ئىپتىدائىي ئېتى-
قادقا دائىر رەسىملەر؛ 5) قەدىمكى قەبىلە، ئورۇقلار ئارا
بولغان جەڭ ۋە ئېلىشىشلار؛ 6) ھەر خىل بەلگە ـ تامغىلار
(بەزى تاشلارغا قەدىمكى ھۇن ۋە تۈرك قەبىلىلىرى ئىشلەتكەن
بەلگە ـ تامغىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تامغىلار ئويۇلغان) ۋە
قەدىمكى يېزىق (ھەرپ) لارغا ئوخشايدىغان ھەرخىل شەكىل-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەتتە، قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئىنسان-
لارغا پايدىلىق چۆپخور ھايۋانلارنىڭ ھەرخىل قىياپەتتىكى
رەسىملىرى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆگە، يا-
ۋا كالا، قوتاز، ئات، تاغ تېكىسى، ياۋا ئۆچكە، غۇلجا —
ئارقار، بۇغا ـ مارال، كېيىك، بۆكەن، يورغا قاتارلىقلار؛
گۆشخور ھايۋانلاردىن بۆرە، ئىت، تۈلكە، ئېيىق، يىلپىز، يولۋاس
قاتارلىقلار بار. بۇنداق ھايۋانات رەسىملىرى ئەجدادلارنىڭ
ئۆز زامانىسىدىكى تاش رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ تەرەق-
قىياتىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماس-
تىن، ئۇ يەنە ئالتاي، تىيانشان، قاراقۇرۇم كۇئىنلۇن ۋە ئال-
تۇن تاغ تىزمىلىرى ۋە بۇ تاغ تىزمىلىرى ئېتەكلىرىگە جاي-
لاشقان بىپايان ۋادىلارنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىسى، بىئو-
لوگىيىلىك مۇھىتى، تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى
مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى،
ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە ئاز بىر قىسىملىرى ھەرخىل سە-
ۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر ئىزىنى يوقاتقىنى بىلەن، قە-
دىمكى قىيا تاشلارغا ئوبرازلىق قىلىپ ئويۇلغان بىرمۇنچە
ياۋايى ھايۋانلار ھازىرمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى ئە-

تىۋارلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ بې-
كىتىلگەن رايونلار (ئالتۇن تاغقا ئوخشاش)دا ياشىماقتا.

ئومۇمەن، قىيا تاشلارغا ئويۇلغان بەزى ھايۋانات رەسىم-
لىرى قارىماققا ئاددىي، قوپال دەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بۇ
خىلدىكىلىرىنىڭ دەۋرى بىر قەدەر قەدىمىي ھېسابلىنىدۇ.
بەزى رەسىملەر كۆركەم، ئوبرازلىق ۋە نازۇك ئويۇلغان بو-
لۇپ، خۇددى تىرىكتەكلا كۆرۈنىدۇ. بەزى رەسىملەردە ھاي-
ۋانلارنىڭ سەزگۈر، شاش، ياۋا خۇسۇسىيەتلىرى ماھىرلىق
بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئادەتتە، ھايۋانلارنىڭ ئۇدۇل ۋە يان-
دىن كۆرۈنۈشى، سەكراۋاتقان، قېچىۋاتقان، ھۆركىرەۋاتقان،
ئۇسۇشۇۋاتقان چاغلىرىدىكى ھەر خىل تەن شەكىل ئۆزگىرىشلىرى
گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، بۇغا - مارال رەسىملىرىدە
ئۇلارنىڭ باراقسان، ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزلىرى، نازۇك
ۋە زىلۋا بەل - پۇتلىرى، ئارقار ۋە تاغ تېكىلىرىنىڭ ئۇزۇن،
ئەگرى مۈڭگۈزى بىلەن كۈچلۈك بويۇن - كۆكرەكلىرى، تۆگى-
لەرنىڭ ئەگرى بويۇنى بىلەن لوكىلىرى، گۆشخور ھايۋان-
لارنىڭ ئۆتكۈر چىش - تىرناقلىرى ... ۋە باشقىلار تەبىئىي
جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ ئويۇلغان. قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ
ئۇسلۇبى، ئىپادىلەش شەكلى ۋە باشقا سەنئەت ئالاھىدى-
لىكلىرىدىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگى-
شىپ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بولغان. شۇڭا قىيا تاش رە-
سىملىرى ئىچىدىكى دەسلەپكى دەۋرلەرگە خاس بولغان
ئاددىي، قوپال، قالايمىقان، قىياسەن ئويۇلغان رەسىملەر-
نىڭ ئورنىنى كېيىنكى چاغلار۱۰ سادداا، ئوبرازلىق، ھەر
خىل ۋەقەلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل تېمىدىكى
رەسىملەر ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىپتىدائىي ئېتىقاد،
«تۇتېم» ۋە باشقا ھەرخىل ئىلاھلارغا تېۋىنىش پائالىيەتلىرى
شۇ زامان كىشىلىرى ئارىسىدا چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئىنى-

كاسى بولغان يەنە بىرخىل يىڭى مەزمۇن ــ مۇبالىغىلەشتۈ-
رۈپ سىزىش ـ ئويۇش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلگەن. ئەجدادلار
ئۆزلىرى چوقۇنغان، «تۇتېم» قىلغان ئالاھىدە هايۋانلار،
تاغ، دەرەخ قاتارلىقلارنى چوڭ قىيا تاشلارنىڭ
كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئەڭ ئېگىز يەرلىرىگە ئالاھىدە
بىر خىل تەسۋىرىي ماهارەت بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئويۇپ
چىققان.
قىيا تاشلارغا ئويۇلغان هەرخىل قىياپەتتىكى ئادەم رە-
سىملىرى ئىچىدە پۈت ـ قولىنى كېرىپ تۇرغان، سەكرەۋاتقان،
پۈتى بىلەن مەلۇم نەرسىنى تېپىۋاتقان ئادەم رەسىملىرى
(ئالتۇن تاغدا كۆپ ئۇچرايدۇ)، ئۇسسۇلچىلار (يالغۇز كىشىلىك
ئۇسسۇل يەنى بېشىغا مۈڭگۈز قاتارلىق نەرسىلەرنى قاداپ،
كەينىگە قۇيرۇق بېكىتىپ ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل)، ئوۋچىلار
(پىيادە ۋە ئاتلىق يۈرۈپ ئوقيا بىلەن ئوۋ قىلىۋاتقانلار)،
مال بېقىۋاتقان (پىيادە ۋە ئاتلىق) چوپانلار، سېرىكچىلەر
(ئالتاي رايونىدىكى تەۋەسسىدىكى قىيا تاشقا ئويۇلغان سې-
رىكچىلىك رەسىمى تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر سې-
رىكچى بېشىغا بىر كىچىك بالىنى ئولتۇرغۇزۇ-
ۋالغان، ئىككى قولىدا ئىككى بالىنى بېلىدىن تۇتۇپ تۇر-
غان، ئۆزى يوغان بىر تېكىنىڭ مۈڭگۈزىگە دەسسەپ تۇرغان
قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ قە-
دىمكى سېرىكچىلىك سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن
قىممەتلىك ئورۇندا تۇرىدۇ)، تەبىلىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان
جەڭ، ئېلىشىش ۋە باشقا مەزمۇندىكىلىرى خېلى كۆپ
سانىنى ئىگىلەيدۇ.
ئۇسسۇل ــ كىشىلەرنىڭ ئىچكى، هېسسىياتلىرىنى هەرى-
كەت ئارقىلىق ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، قەدىمكى زامان-
دىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە

گەلگەن ئۇۋ ھەيۋانلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىدى. ئۆز خىل-شاللىقلىرىنى قانداقتۇر بىر خىل ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. كېيىنچە ئۇ خىل ھەرىكەتلەر ھەر قېتىملىق ئۇۋ، جەڭ، ئېلىشىشلارنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىپ ئوينىلىدىغان بىر خىل رىتىملىك ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن نىقابلىق ئۇسسۇل، تەقلىدىي ئۇسسۇل، يەككە ئۇسسۇل، كوللېكتىپ ئۇسسۇل، ھەرخىل مەزمۇنغا ئىگە مۇراسىم ئۇسسۇللىرى مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىرىنى، كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەل ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئۇسسۇللارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇزاق قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبە — ساۋاقلىرى ئاساسىدا، جانلىق ۋە ئەپچىل ئۇسۇل — چارىلەرنى توللىنىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇۋ غەنىيمەتلىرىگە ئىگە بولۇشقا تىرىشقان، قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇچرايدىغان كوللېكتىپ نىقابلىق ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئەنە شۇلارنىڭ جۇملىسىدىندۇر. ئالتۇن تاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە قەدىمكى زامان ئۇۋچىلىرىنىڭ بېشىغا مۈڭگۈز، كەينىگە قۇيرۇق تاقاپ، ئۇچىسىغا ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئارتىپ، ئۆزلىرىنى بىرخىل ياۋايى ھايۋانات قىياپىتىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق قولنى — تولغا تۇتۇشۇپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنى تۇتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر، قىرغىز، تۈركمەن، ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى مەيلى قەدىمىلىكى

ياكى نەپىسلىكى جەھەتتىن بولسۇن خېلى مەشھۇر. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ ئوينىلىپ كېلىۋاتقان «دولان سەنىمى»، «نازىركوم» قاتارلىق قەدىمكى ئۇسسۇللاردا ھايۋانلار ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىپ ئوينىلىدىغان ھەرخىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بار. دولان ئۇسسۇللىرىنىڭ بەزىلىرىدە بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئوۋغا چىققانلىقى ۋە ئوۋنىڭ ھەربىر باسقۇچىدىكى ۋەقەلىكلەر رىتىملىك، نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەنسە، بەزىلىرىدە بىر توپ كىشىلەرنىڭ جەڭگە قاتناشقانلىقى، دۈشمەننى قورشاپ يوقاتقانلىقىغا قىلىنغان غەلىبە تەنتەنىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. «نازىركوم» ئۇسسۇلىدا، ئۇسسۇل تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۇسسۇلچىلار ئاجايىپ كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ھەرخىل ھايۋانلار ھەرىكەتلىرىنى دوراپ ئويناش بىلەن ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى نەپەر ئۇسسۇلچىنىڭ بىرى يېڭىپ چىققان ھايۋاننىڭ ئوبرازىنى، يەنە بىرى يېڭىلگەن ھايۋاننىڭ ئوبرازىنى دوراپ ئوينايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە يەنە «غاز ئويۇنى» (ئۇسسۇلى)، «ئات ئويۇنى» (ئۇسسۇلى) قاتارلىق ئويۇن ھەرىكەتلىرىمۇ بار. مانا بۇلار ئەڭ قەدىمكى ئۇسسۇللارنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئۇسسۇللىرى ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ئوۋچىلىق رەسىملىرى ئىچىدە پىيادە ۋە ئاتلىق ھالدا ئوقيا بىلەن ئوۋ قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بەزى رەسىملەردە يالغۇز بىر ئوۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن مەلۇم بىر ياۋايى ھايۋاننى ئوۋلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولسا، بەزى رەسىملەردە بىرقانچە ئوۋچىنىڭ ئوقيا، ئوۋ ئىتلىرى بىلەن ياۋا كالا، قوتاز، تاغ تېكىسى، بۇغا ـ مارال قاتارلىقلارنى ئوۋلاۋاتقانلىقى

ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلەنگەن ۋە قەدىمكى ئوۋچىلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى خېلى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوۋچىلىق رەسىملىرىدە دىققەتكە سازاۋەر نەرسە ئوقيا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتا مۇھىم تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىختىرا قىلغان ئوقيانىڭ سۈرئىتى تېز، نىشانغا تېگىشى ئۈنۈملۈك، يوقىتىش كۈچى ئارتۇق ئىسكەنلىكىنى بايقىغان. ئوقيادىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قورالنىڭ ئىجاد قىلىنىشى — قەدىمكى زامان ئوۋچىلىقىغا (كېيىنرەك ھەربىي ئىشلارغا) ھەر جەھەتتىن قولايلىق يارىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن. ئوقيا — نەچچە مىڭ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئاددىي ۋە قوپاللىقتىن سۈپەتلىك ۋە مەزمۇت بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ھەر خىل باشاق (ئوق ئۇچى) لارغا قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز دەسلەپ ھەر خىل قاتتىق تاشلاردىن، ئۇستىخانلاردىن باشاقنى، ئىگىلۈچان ياغاچلاردىن ياۋە ئوق دەستىسىنى، ھايۋانلار تېرىسىدىن كىرىچنى ياساپ، ئاددىي ۋە كېلەڭسىز ئوقيالارنى ئىشلەتكەن بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە ھەر خىل مېتاللاردىن باشاق، ئېسىل ياغاچ، مۈڭگۈز، سىڭىرلاردىن يا ۋە كىرىچلار ياسىلىپ، كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە (ئوت چاچىدىغان، ئاۋازلىق) ئوقيالار مەيدانغا كەلدى.

ئوۋچىلىق ۋە چوپان (چارۋىچىلىق) رەسىملىرى ئىچىدە يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبە - ساۋاقلى-

رى ئاساسىدا ئالدى بىلەن چۆپخور ياۋايى ھايۋانلاردىن
ئات، تۆگە، ئۆچكە، كالا، قوتاز، ئارقار، بۇغا قاتارلىقلارنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، كېيىن ئۇلارنى ئۇزاق زامانلارغىچە
ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىق كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئاخىر ئۆي
ھايۋانلىرىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.


تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مە-
دەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ تەت-
قىقاتلىرىدىمۇ ياۋايى ھايۋانلارنى قولغا ئۆگىتىپ، مال -
چارۋىغا ئايلاندۇرۇش، ئات - ئۇلاغلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلى-
نىش، نەسىل يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق-
لىرىدا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ تۆھ-
پىسى زور ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەر-
دىمۇ ھۇنلارنىڭ مال - چارۋىسىنىڭ ھەددى - ھېسابسىزلىقى،
ئۇلارنىڭ يەنە ئات، كالا، قېچىر قاتارلىق ئالاھىدە ھايۋان-
لارنىڭ ئەتىۋارلىق نەسىللىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكى بايان
قىلىنغان.

قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر ئىچىدە ھەر خىل
بەلگە، نىشان، شەكىل، يېزىققا ئوخشايدىغان تامغا ۋە نې-
مىلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئىرماش - چىرماش مۇرەك-
كەپ شەكىللەرمۇ خېلى سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئادەتتە بۇ
خىل بەلگە - شەكىللەر قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن بىللە
ئويۇلغان بولۇپ، بەزى تاشلاردا بىر - ئىككىسى، بەزى تاش-
لاردا بىرنەچچە خىلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن تاغ قىيا تاش
رەسىملىرى ئىچىدە تاغ چوققىسىدىكى بىر پارچە تاشقا
62 × 16 مىللىمېتىرلىق مۇرەككەپ گېئومېترىك شەكىل ئويۇل-
غاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىر - بىرىگە ئوخ-
شايدىغان چوڭ - كىچىك بىرقانچە بەلگىلەر ئويۇلغان. بۇ
بىر خىل «سىرلىق تېپىشماق» بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەن-


ـسىلى يەشمەك ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس. قىيا تاشلارغا ئويۇلغان توپ - توپ رەسىملەر ئىچىدە يەنە ئالىقان رەسىمى كۆپ ئۇچرايدۇ. چوڭ - كىچىك ھەر خىل ئالىقان رەسىملىرى ھازىرچە ئالتۇن تاغ، قۇرۇق تاغ قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن توقسۇن ناھىيىسىدىكى پەنجىر تاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە بايقالدى. بۇ ئۇزاق قەدىمىي زامانلاردىن بۇيان ساقلىنىپ قالغان بىر خىل ئەڭ قەدىمكى شەكىل بولۇپ، ئۇ يەنە فرانسىيە، ئىسپانىيىدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت تاش غارلارغا ئويۇلغان رەسىملەر ئىچىدە، ئاۋستىرالىيە ۋە ئامېرىكىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىدە، جۈملىدىن مەملىكىتىمىزنىڭ يۇننەن، ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تاغلىرى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئالىقان رەسىملىرىنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەر خىل پەرەزلەر بار. بەزىلەر ئۇنى «بىر خىل ئىشارەت تىلى» دېسە، بەزىلەر قەدىمكى زامان ئوۋچىلىرىنىڭ «ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ سىمۋولى» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر جەڭدىن كېيىن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ...» ۋەھاكازا دەيدۇ. ئومۇمەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىرلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئۇلاردا مەلۇم ئاساس بار. چۈنكى، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە كىشىلەر ئۆزئارا كېلىشىم، توختام، دوستلۇق، سودا - سېتىقلاردىكى پۈتۈشۈشلەرنى ئالقاننى - ئالقانغا تەگكۈزۈپ، قول سىقىشىپ ۋەدە بېرىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. تامغا بولمىغان شارائىتتا تىلخەت ۋە ھەر خىل ھۆججەتلەرگە ئۆز بارمىقىنى باسىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئالقان (بارماق) ئىزلىرى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەدىلەرنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىدە گۇمان بولمىسا كېرەك.

ئومۇمەن، ئالقان رەسىمى ئوخشىمىغان دەۋر، دۆلەت، قوۋم ۋە قەبىلىلەردە ھەر خىل مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى تەبىئىي،

لېكىن ئۇلاردا بىر خىل چوڭقۇر ئېتىقادچىلىق بار. بۇ جەھەتتىن ئۇلار ئورتاقلىققا ئىگە.

قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ھەر خىل بەلگە. تامغىلار ئىچىدە شاھمات تاختىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەر، تۆت قاتار ئۈچ بۇرجەكلىك نەقىش، ۋە توققۇز قاتار تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك نەقىش، «卍» بەلگىسى، «○» ۋە «⊙»، «⊕»، «⊕⊕»، «  »، «  »، «  »، «○-○»، «  » قاتارلىق بىرمۇنچە بەلگە، تامغىلار بار (بەلگە، تامغىلار نۇسخا رەسىمى ئايرىم كۆرسىتىلدى). يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ بۇرجەكلىك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەكلىك روجەك شەكىللىك كاتەكچىلەر نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆك تەڭرىگە، ئۇلۇغ تاغلارغا چوقۇنغانلىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى چوقۇنغان ئۇلۇغ تاغ تىزمىلىرىنى مۇشۇ خىل تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن (4 - رەسىمگە قاراڭ).

قىزىقارلىقى، قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ئاشۇ خىل ئۇلۇغ تاغلارنىڭ سىماسى — ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك نەقىشلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەڭدار ساپال قاچىلاردىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ. ئەجدادلار بۇ خىل نەقىشلەرنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن رەڭدار ساپال قاچىلارنىڭ يۇقىرى قىسمى (ئاغزى) غا سىزىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ رېئال تەسۋىرىنى رەڭدار ساپاللاردىمۇ نامايان قىلغان. «卍» بەلگىسى ئالتۇن تاغ، قۇرۇق تاغ، گوما ناھىيىسىدىكى كېيىكتۈز قاتارلىق جايلاردىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئارىسىدا ئۇچرىغاندىن باشقا، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى چوغاي تېغى قىيا تاش رەسىملىرىدە ھەمدە چىڭخەي ئۆلكىسىدىن تېپىلغان




4 - رەسىم

قىيا تاشلارغا چىكىلگەن ئوچبۇلۇڭ نەقىشلەر بىلەن رەڭلىك ساپال-لارغا چۈشۈرۈلگەن نەقىشلەر (ئوچبۇلۇڭ) نىڭ سېلىشتۇرمىسى

1، 2. چەرچەن ئالتۇن تاغدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە؛ 3. كۆك-چۆك ناھىيە تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال؛ 4. بار-ىكۆلدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال؛ 5. تۇرپان قاراغۇجىدىن تېپىلغان ساپال؛ 6. موڭغۇلكۈرەدىن تېپىلغان ساپال؛ 7. مورى جىلغىسىدىن تېپىلغان رەڭ-لىك ساپال؛ 8. ئارغۇغول (ئالغوي) جىلغىسىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال.

«ماچاڭ مەدەنىيىتى» (بۇنىڭدىن 6400 — 6000 يىل ئىلگىرى) گە ئائىت ساپاللاردا ۋە ئالتاي رايونى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى) دىن تېپىلغان ساپال قاچىلار (بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى) دىمۇ ئۇچرايدۇ.

«○»، «⊙» بەلگىسى قۇياشنى بىلدۈرىدۇ. «⊕» بەلگىسى ھەققىدە ھەر خىل تەبىرلەر بار. بەزىلەر ئۇنى: «ئالەمنىڭ سىمۋولى» دېسە، بەزىلەر: «كىگىز ئۆينىڭ بەلگىسى» دەيدۇ. بۇ خىل بەلگىنىڭ «⊕-⊕»، «O-O» شەكىللىرى قەدىمكى ھارۋىنىڭ چاقىنى كۆرسىتىدۇ. دۆربىلجىن ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان بىر پارچە قىيا تاش رەسىمىدە «⊕⊕» بەلگىسىنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەم چىقىۋالغان. بۇ — ئادەمنىڭ ھارۋىدا كېتىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ھەر خىل بەلگە، شەكىللەر ئىچىدە قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) ھەرپلىرىگە ئوخشايدىغان بىرمۇنچە ھەرپ (بەلگە، تامغا) لار بار، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەڭ دەسلەپ قوللىنىلغان ۋاقتى ۋە تارقالغان جايلىرى توغرىسىدا تېخى ئېنىق ۋە ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىلمىغان ۋاقىتتا، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلار (ئالتۇن تاغ، قۇرۇق تاغ)، تىيانشان ئېتەكلىرىدىكى تېكەس ناھىيىسىنىڭ قاپسالاڭ، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ پەنجىر تاغ، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بوزدۆڭ، تۇرپان سىڭگىم، پىچاندىكى سىركىپ قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل بەلگىلەرنىڭ كەينى-كەينىدىن تېپىلىشى قەدىمكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىمۇ يېڭى ۋە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىسقىسى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئوخشايدىغان بۇ خىل بەلگىلەرنى تەتقىق قىلغاندا، تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان ھۇن — تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق قەدىمكى يېزىق (مەدەنىيەت) نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ خىل تىل — يېزىقلارنى بىۋاسىتە قوللىنىپ

كېلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدىن، ھازىرقى تىل - يېزىق پاكىتلىرىدىن دەلىل ئىزدەش ئەڭ مۇھىم ئىلمىي ئۇسۇل ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان.


قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل - دەۋرىنى بېكىتىشتە، بەزى تەتقىقاتلار تازا چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، ئوخشاشماسلىقلار مەۋجۇت. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئېلىمىز تەۋەسىدىكى جايلار (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ چۇغاي تاغلىرى قاتارلىق جايلىرى) بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل — دەۋرىدە خېلى چوڭ پەرقلەر بار. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان، ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت بىرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەڭ قەدىمكى نۇسخىلىرىنى ئۇنىڭ ئويۇلۇش ئۇسلۇبى، شەكلى، مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن كەم دېگەندە بۇنىڭدىن 3000 — 6000 يىللار ئىلگىرى (يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن تاكى ئاخىرقى مەزگىلىگىچە) مەيدانغا كەلگەن، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. قىيا تاشلارغا ئويۇلغان سانسىزلىغان رەسىملەر قىسقىغىنا بىر دەۋرنىڭلا مەھسۇلى ئەمەس. ئۇنى ئۆز زامانىسىدىكى سەنئەتكارلار زاماندىن - زامانغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇپ ئىجاد قىلغان. شۇڭا بەزى جايلاردا مىلادىيىدىن خېلى كېيىنكى ئەسىرلەر-

گه تەئەللۇق قىيا تاش رەسىملىرىمۇ تېپىلدى. ئۇنىڭ تېپىلىشى ۋە كېيىنكى ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئويۇلۇش ئۇسلۇبى ۋە ئەجدادلارنىڭ رەسىملەرنى ئويۇشتا ئىشلەتكەن قورال - سايمانلىرىغا كەلسەك، ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت ئەڭ قەدىمكى ئۇسخىلىرىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى ياسىغان ئۆتكۈر بىسلىق، قاتتىق جىنسلىق ئۇچلۇق تاش قوراللار ئارقىلىق قىيا تاش يۈزىنى تاللاپ، دەسلەپ مەلۇم ياۋايى هايۋان ياكى باشقا نەرسىنىڭ ئىزناسىنى سىزىپ چىقىۋېلىپ ئاندىن ئويۇش، چېكىش، سۈركەش ئارقىلىق بەرپا قىلغان. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەسىملەر ئادەتتە ئانچە قاتتىق بولمىغان بىر خىل گرانىت تاشلارغا ئويۇلغان. ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا قاتتىق تاشلاردىن ياسىغان هەرخىل، ئۇچلۇق، ئۆتكۈر تاش قوراللىرى ئارقىلىق سانسىزلىغان رەسىملەرنى سىزىپ، سۈركەپ ئويۇپ چىققان.

بىرونزا قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە قىياتاش رەسىملىرىدە ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەجدادلار ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان هەرخىل بىرونزا ئۇچكە قاتارلىق قوراللار ئارقىلىق شەكلى، مەزمۇنى، دائىرىسى، سۈپىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆپ خىللىق، كۆپ قاتلاملىق، هەر خىل ئوبرازلىق، كۆركەم، نازۇك قىيا تاش سەنئىتىنى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل سەنئەت مەزمۇنلىرىنى ئىشلەشتىن ئاۋۋال، رەسىم ئويۇلىدىغان قىيا تاشلار، مەيدان، مۇھىتمۇ ئالاھىدە تاللىنىدىغان بولغان. ئويۇلىدىغان رەسىمنىڭ تېمىسى تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەكلى - ئىزناسىنى مېتال (بىرونزا) ئۇشكىلەر بىلەن قىيا تاش يۈزىگە چېكىۋېلىپ، ئاندىن شۇ ئىز (چېكىلگەن دائىرە) نىڭ ئىچىنى ئىزچىل ئويغان، ئاخىرىدا

مۇركەپ سىلىقدىغان. مەسىلەن، پىچان ناھىيىسىنىڭ سىركىپ ئېغىزىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان بەزى رەسىملەردە ئويماقچى بولغان رەسىمنىڭ دائىرىسىنى ئالدى بىلەن برونزا ئۆشكىلەر ئارقىلىق بىرمۇ بىر چەككەنلىكىنى ھازىرمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ دەۋرگە ئائىت بەزى قىياتاش رەسىملىرى ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، مەزمۇنىنىڭ مولۇقى، ئوبرازلاردىكى ئالاھىدىلىك بىلەن كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدۇ.




5 - رەسىم

ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى

1، 2، 3. ئالتاي رايونىدا؛ 4. چاغانتوقاي «قىزىل تاش بولاق»تا؛ 5. قورغاس ناھىيە قۇلۇستۇدا؛ 6، 7، 8. دۆربىلجىن ناھىيىسىدە؛




6 - رەسىم

1. قومۇل ناھىيە تاشئۆلىق تەۋەسىدىكى تاغدا؛ 2. پىچان ناھىيە سىركىپ ئېغىزىدا؛ 3، 4. ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى «دىڭگەك» دېگەن جايدا.




7 - رەسىم

1، 2. چەرچەن ناھىيە ئالتۇن تاغ ئىچىدە.

قەدىمكى قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىدە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرى ۋە باشقىلار يېزىق تېخى ئىجاد قىلىنمىغان دەۋردە، ئۆز زامانىسىدىكى سەنئەتكارلار تەرىپىدىن تاغۇ - تاشلارغا ئويۇلۇپ، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (5، 6، 7 ـ رەسىملەرگە قاراڭ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان بۇ خىل قىممەتلىك سەنئەت يادىكارلىقلىرى يەنە ئۆزىنىڭ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن يېقىنلىقى، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت باغلىنىشلىرى، يىل - دەۋرىنىڭ ئانچە كۆپ پەرقلەنمەسلىكى جەھەتلىرىدىن جەنۇبىي سىبىرىيە دالاسى، خېشى كارىدورى (ئوردوس يايلاقلىرى)، چوغاي تاغلىرى، ئالتاي رايونى (سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى) ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش ئويما سەنئىتى نەمۇنىلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قەدىمكى قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى ئەكس ئەتتۈرگەن رېئال ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭمۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمكى خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا، ئىستېتىك تۇيغۇغا، بەدىئىي تەسۋىرلەش ماھارىتىگە ئىگە مەدەنىيەت ياراتقۇچىلاردىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

× × × × × ×

ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرى بولغىنىدەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيەسىمۇ ئارخېئولوگىيە، تارىخ، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، قەدىمكى يېزىق تەتقىقاتى ۋە باشقا مۇ-

ناسۇتلىك پەنلەردە تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ باش مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىنى ئەتراپلىق ئىگىلىشىمىز، چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسى، قەدىمكى مەدەنىيىتى ھەققىدە يېزىلغان بەزى ئىلمىي ماقالە، ئەسەرلەردە بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشلار، (يەنى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت سىستېمىسى، تۈرى، دەۋرى، مەدەنىيەت ياراتقۇچىلىرى، باشقا جايلاردىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە باشقىلار توغرىسىدا) سالماق ئورۇننى ئىگىلەپ كەلدى. چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل كۆز قاراشلار تەكرارلاندى.

مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتى ھەققىدە 1959 - يىللاردىن تارتىپ كۆپرەك ئىزدەندىم. ئۇزۇن يىللىق دالا ئارخېئولوگىيىسىدە توپلانغان »بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تەكرار سېلىشتۇرۇپ، ئۇنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان بەزى خاتا، مۇجمەل، بىر تەرەپلىمە يەكۈنلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار، ئەقىلگە مۇۋاپىق خۇلاسىلەر بىلەن تۈزەتتىم.

ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بۇنىڭدىن كېيىن تولۇقلانسا، بەزى يەكۈنلەر ئاغدۇرۇپ تاشلانسا، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا قولغا كەلگەن يېڭى نەتىجە دەپ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن.

## پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار

1. 1956 -، 1957 -، 1959 -، 1961 -، 1963 -، 1983 -، 1985 -، 1986 - يىللاردىكى دالا ئارخېئولوگىيىسىدە يازغان تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىم؛

2. ش ئۇ ئا ر مۇزېي مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئەترىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت ئارخىپلار.

3. خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئويمانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى»، ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 1958 - يىل نەشرى.

4. ئابدۇقېيۇم خوجا: «شىمالىي شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرى»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار ژۇرنىلى»، 1962 - يىللىق 7 -، 8 - سانلار.

5. ۋۇجېن: «شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىزلار»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، 1964 - يىلى 7 - سان.

6. «تاشقورغان جىرغالدىكى كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىزنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى 1 - سان.

7. ياڭ يىيۇڭ: «مورى ناھىيە سىداۋگۇ جىلغىسىدىكى ئىپتىدائىي كەنت»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، 1982 - يىل 2 - سان.

8. «شىنجاڭ توققۇزاق ناھىيە، ئاقدالادىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش»، «ئارخېئو-لوگىيە» ژۇرنىلى، 1977 - يىلى 2 - سان.

9. چېڭ گې: «شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە 1982 - يىلى 3 - سان.

10. «شىنتالا (چۇقو) قاتارلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەدەنىيىتىگە ئائىت قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1986 - يىل 1 - سان.

11. ش ئۇ ئا ر مۇزېيى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئەترىتى قېزىپ رەتلەۋاتقان، مورى جىلغىسى، كۆچۈك، قۇمۇل يانبۇلاق قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى ئىز، قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە يادىكارلىقلار (تەكشۈرۈش - قېزىش دوكلاتلىرى ئېلان قىلىنىش ئالدىدا).

12. ئا. مۇھەممەت ئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۆت ئاناسىر كۆز قارىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىلى 3 - سان.

13. «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ باستۇرغان، 1981 - يىلى.

14. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى 9 - ئاي نەشرى.

15. ئا. مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇمۇمىي ئىستېتىكا»، 261 - 262 - بەتلەر، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى.

16. قۇربان ۋەلى: «شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىدىن تۆت تامچە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1984 - يىلى 2 - سان.

17. ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرى: «قەدىمكى قىيا تاش سەنئىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1986 - يىلى 5 - سان.

18. چەرچەن ناھىيە «زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىلىرى» نى قېزىپ تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى، 1985 - يىلى، (قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلىنىۋاتىدۇ).

19. ۋاڭ مىڭجې: «نىلقا نۇراسايدىكى قەدىمكى مىس كېنىنىڭ تېپىلىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1986 - يىلى 1 - سان.

# شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار

يۇرتىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامان ئوۋچىلىق - چارۋىچىلىق تارىخى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخى، سۇ ئىنشائاتى تارىخى، ئورمانچىلىق تارىخى ۋە باشقىلار ھەققىدە ئىلگىرى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ئاز ئىشلەنگەنلىكى، يازما ۋە قېزىلما ماتېرىياللارنىڭ كەم بولغانلىقى، جۈملىدىن بار ماتېرىياللارنىڭ ھازىرغىچە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ توغرىدا بىر قەدەر روشەن ئۇقۇم، مۇئەييەن ئىلمىي يەكۈن كەمچىل بولۇپ كەلدى. بەزى مۇھاكىمە ئەسەرلەر ۋە مەخسۇس تەتقىقاتلاردا يۇرتىمىزنىڭ بالدۇرقى مەزگىلدىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى نوقۇل ھالدا پۈتۈنلەي ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان سىپىلىق (سىپتا) تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغاندىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىمۇ دەۋرىي جەھەتتىن كېيىنرەك مۆلچەرلەندى، بىر مۇنچە مۇجمەل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى....

ئازادلىقتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن سانسىزلىغان ئارخېئولوگىيىلىك

ماتېرىياللار، تەتقىقات نەتىجىلىرى يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلار-نىڭ ئىلمىيلىككە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

تۆۋەندە يۇرتىمىزنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغ-ۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## چارۋىچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار

ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق بىلەن ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق زادى قايسى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن؟ ئۇنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى تەرەققىياتى قانداق بولغان؟ بۇ مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىش بىرقەدەر قىيىن.

ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قولغا كەلگەن ئارخېئولوگىيە-لىك ماتېرىياللار، ئارخېئولوگلار ۋە ئاگرونوملارنىڭ بۇ مۇھىم تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، تەبىئەتتىن ئوزۇقلۇق توپلاشتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش تەخمىنەن مىلادىدىن 5000 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممىگە باب شەرت - شارائىتىغا مۇناسىپ ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇ ئالدى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنى، ئىپتىدائىي باقمىچىلىقتىن تاكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسى مۇنبەت يايلاق (يەنى ئوت - چۆپ، سۇ) نى زۆرۈر شەرت قىلىدۇ.

ئالتاي تاغلىرى، تىيانشان تاغلىرى، پامىر، قارا - قۇرۇم كوئىنلۇن تاغلىرى، ئالتۇن تاغلىرى قاتارلىق تاغ ئېتەكلىرىدە پايانسىز يايلاق (كۆكلەم، كۈزلەك، قىشلاق) لار ۋە بۇ خاسىيەتلىك تاغ تىزمىلىرى ئەتراپىدىكى بىر قاتار ئويمانلىق، ئېدىر - جىلغىلاردا يەنە ئەتىۋارلىق ياۋايى هايۋانلار، ئوزۇقلۇقى مول هەر خىل ياۋا مېۋىلەر، ئېسىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى، هەر خىل ياۋا كۆكتات - زىرائەتلەر مول بولغاندىن تاشقىرى، كۆلىمى ناهايىتى كەڭ هەر خىل ئورمان، ئورمان بەلباغلىرى، سانسىزلىغان دەريا - ئېقىن، بۇلاق - كۆللەر، ساي - تارماق - تارامالار بار. بۇ جايلار ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى بىلەن هايۋانات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئېهتىياجىنى قامداپ كەلگەن، شۇڭا يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز ئاشۇ پايانسىز يايلاق، ئېدىر - جىلغا، ئورمانلىق يەرلەردە ياشاپ، ئاۋۇپ، قەدىمكى زامان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، دېهقانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىقلارنى يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا قاراپ يۈكسەلدۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ هەرقايسى تاغ - جىلغىلىرىدىن تېپىلغان (ۋە تېپىلىۋاتقان) هەر خىل مەزمۇنغا ئىگە سانسىزلىغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىكى ياۋايى هايۋانلار، ئوۋچىلىق، مال - چارۋىچىلىققا ئائىت كۆرۈنۈشلەر، قەدىمكى قەبرە، ئېپتىدائىي كەنت، تۈرلۈك ئىزلىرى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن كەنت خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىققا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن مەلۇمكى، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىز ئاسىيا زېمىنى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جاي-

لىرىدا قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن
كەچۈرگەن خەلقلەرگە ئوخشاش دەسلەپدە ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن
ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن تەدرىجىي چۆپخور
ياۋايى هايۋانلارنى تۇتۇپ، قولغا ئۆگىتىش، بېقىپ كۆپەيـ
تىش ۋە ئاخىر بىر قەدەر راۋاجلانغان چارۋىچىلىق ئىگىلىـ
كىنى ئىگىلەش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن.
ئالتاي تاغلىرى، تىيانشان تاغلىرىنىڭ هەرقايسى تارـ
ماقلىرى، ئالتۇنتاغدىن تېپىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچـ
لىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن هەر خىل قىيا تاش رەسىملىرىـ
دە ئوۋ نىشانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىنسانلارغا پايدىـ
لىق بولغان چۆپخور هايۋانلار رەسىملىرى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل
رەسىملەردە، ئومۇمەن، مەيلى تەنها هايۋان ياكى هايۋانلار
توپىدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ هەممىسىدە هايۋانات دۇنياسى بىلەن
تەبىئەت دۇنياسىنىڭ، جۈملىدىن تەبىئەت دۇنياسى بىلەن
ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلار ئەكس ئەتتۈـ
رۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا چۆپخور هايۋانلار ئىچىدە ئاچا
تۇياقلىق هايۋانلار بىلەن كاۋاك مۈڭگۈزلۈك هايۋانلار رەسـ
مى ئاساسىي ئورۇندا، توم تۇياقلىق هايۋانلار بىلەن پۈتەي
مۈڭگۈزلۈك هايۋانلار رەسىمى 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. گۆشخور
هايۋانلاردىن بۆرە، يولۋاس، يىلپىز، تۈلكە قاتارلىقلارنىڭ
رەسىملىرى ئاز ساندا ئۇچرايدۇ.
ئەجدادلىرىمىز چۆپخور هايۋانلاردىن بۇغا ـ مارال،
غۇلجا ـ ئارقار، جەرەن، كېيىك، تاغ تېكىسى، بۆكەن، كۆكـ
مەت (تورۇق تېكە)، تاغ ئۆچكىسى، ياۋا قوتاز، ياۋا كالا،
ياۋا ئات، ياۋا تۆگە (تاق لوكىلىق ۋە جۈپ لوكىـ
لىق تۆگە)، ياۋا (قۇلان)، ئېشەك، ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، ئىپار
كېيىك، يورغا قاتارلىقلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى
بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى

هەرخىل ئامال ـ چارىلەر ئارقىلىق ئوۋلاپ، تۇتۇپ ئوۋ غەنىيە-
مەتلىرىنىڭ گۆش ـ ياغلىرىنى يېمەكلىك قىلسا، تېرە ـ يۇڭ-
لىرىنى يېپىنچا ـ سېلىنچا قىلغان.

تاياق ـ توقماق، سالغا تاش، قىلتاق ـ قىسماق، لەخمە (ئورا) قاتارلىق قورال، ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئوۋ ئوۋ-
لاش، برونزا (سېپتە ـ ئىنچىكە تاش) قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىغ-
غىچە داۋاملاشقانىدى. بۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ ئوۋ قوراللىرى ئاددىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەربە بېرىش
ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوۋغەنىيمەتلىرى-
گە ئېرىشىشمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى.

سېپتە تاش قوراللاردىن تاش باشاق (قاتتىق تاشلار-
دىن ياسالغان ئوق)، ئېگىلۇچان ۋە چىدامىلىق ياغاچ ماتېرى-
ياللىرى (كېيىنچە مۈڭگۈز ۋە تارسمۇشلارمۇ ئىشلىتىلدى ـ ئا)
دىن يا، ھايۋانلارنىڭ تېرە ـ پەيلىرىدىن كىرىچ ئىختىرا
قىلىنىپ، ئىنسانلار ئوقيانى ياساپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ
ئوۋچىلىققا خېلى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى ھەمدە ئوۋچىلىقتىكى
ھەرخىل ئەپچىل ئۇسۇل ـ چارە، تەجرىبىلەرنىڭ تېخىمۇ
تاكامۇللىشىشى نەتىجىسىدە، ئوۋچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى تېز
سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، كېڭەيدى. قولغا كەلتۈرۈلگەن
ئوۋ غەنىيمەتلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، بەزىدە ھەتتا ئېھتى-
ياجدىن ئېشىپمۇ كەتتى. ئەجدادلار ياۋايى ھايۋانلار بىلەن
بولغان بىۋاستە ئېلىشىشلاردا ئۇلارنى ئەپلەپ، تۇزكوم ـ تور-
كۆملەپ تىرىك قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جىسما-
نىي ئالاھىدىلىكلىرى ـ خۇي ـ پەيلىنى تەدرىجىي ئېگىلەپ،
ئۇزۇن زامانلارغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قولغا كۆندۈرۈش ئارقى-
لىق مال ـ چارۋا (ئۆي ھايۋانلىرى) قىلىپ ئۆزگەرتىشكە
قادىر بولالىدى.

ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئوۋچىلىق

ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەلدىن كېيىن، ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا، تەدرىجىي چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇننى، ئوۋچىلىق ئىگىلىكى قوشۇمچە ئورۇننى ئىگىلىدى.

ئالتاي تاغلىرى، تىيانشان تاغلىرى، قارا قورۇم كۇئېنلۇن تاغلىرى، ئالتۇنتاغ، چۆلتاغ (قۇرۇقتاغ) ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تاغلىرى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئوۋچىلىق تۇرمۇشى تېما قىلىنغان سانسىزلىغان قىيا تاش رەسىملىرىدە ئوقيا تۇتقان، پىيادە تەنھا ئوۋچىنىڭ؛ بەزىلىرىدە بىر نەچچە ئوقيالىق ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئارقار - غۇلجا، كېيىك - جەرەن، تاغ تېكىسى، بۆكەن، ياۋا كالا، ياۋا قوتاز، بۇغا - ماراللارنى ئوۋلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بەزى رەسىملەردە ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سىماسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان نىقابلانغان (باشلىرىغا مۈڭگۈز، ھەر خىل پەيلەر تاقاپ، بەدىنىگە ھايۋان تېرىلىرى، قۇيرۇقلىرىنى ئارتىۋالغان) ئوۋچىلارنىڭ ئەپچىللىك بىلەن سەزگۈر شاش ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاۋاتقانلىقى، بەزى رەسىملەردە بىرمۇنچە ئاتلىق، پىيادە ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئوبيېكتلىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىپ ئوۋلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئومۇمەن، ئاشۇ خىلدىكى ئوۋچىلىق تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردە تەبىئەت بىلەن ئوۋ مەيدانى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئەينەن ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلەش، ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈشكە شارائىت يارىتىپ بەردى. ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈش تەرەققىياتى دەسلەپكى

چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى شەكىللەندۇردى. مەخسۇسلاشقان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ شەكىللىنىشى قەبىلىۋى ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى زامان چارۋىچىلىق تۇرمۇشى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مال- چارۋىچىلىق كۆرۈنۈشلىرى خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

ئەجدادلارنىڭ مال - چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردە قوي، كالا، قوتاز، تۆگە، ئۆچكە، ئات قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن بىر قاتاردا يەنە غۇلجا - ئارقار، بۇغا - مارال، تاغ تېكىسى قاتارلىق قولغا ئۆگىتىلگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياپلاقلاردا بىللە بېقىلىۋاتقانلىقى بەزى رەسىملەردە توپ - توپ مال - چارۋىلارنىڭ ياپلاقتىن قايتىپ، قوش - قوتان ئەتراپىدا ياتقانلىقى، ئات، تۆگە مىنگەن چوپانلارنىڭ مال - چارۋا پادىلىرىنى ھەيدەپ ياي- لاقتىن - ياپلاققا كېتىۋاتقانلىقى، ئات، كالا قاتارلىقلارنىڭ چاقلىق ھارۋىلارغا قوشۇلغانلىقى قاتارلىقلار ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكى باسقۇچىغا كەلگەندە، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەجىر سىڭدۈرۈپ قوي، كالا، ئۆچكە، يىلقا (ئات - قۇلان)، تۆگە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلگەن نەسىللىك سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. مەخسۇسلاشقان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ھەرخىل مال - چارۋىلارنى تۈر - خىللىرى بويىچە بېقىشنىمۇ يولغا قويغان.

ئومۇمەن، تەتقىقاتچىلار ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ھايۋانات سۆڭەكلىرى ۋە تاغ - جىلغىلاردىكى تاغۇ - تاش

لارغا ئويۇلغان ھەرخىل ھايۋانات رەسىملىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن قولغا ئۆگىتىلگەن، كۆندۈرۈلۈپ مال - چارۋىغا ئۆزگەرتىلگەن دەۋر - باسقۇچلىرىنى تۆۋەندىكىچە ھېسابلايدۇ:

«ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۆندۈرۈلۈش دائىرىسى داۋاملىق كېڭىيىپ بارغان. بۆرە ئۇزۇنغىچە قولغا كۆندۈرۈش نەتىجىسىدە تەخمىنەن ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە، ئالدى بىلەن ئائىلە ئىتىغا ئۆزگەرگەن؛ ئۆچكە ۋە قوي قاتارلىقلار تەخمىنەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا؛ كالا ئېھتىمال يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ كۆندۈرۈلگەن؛ ئات ۋە تۆگە قاتارلىقلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ كۆندۈرۈلگەنلىكى پەقەت 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مۈشۈكنىڭ قولدا بېقىلىشى 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە.»*

تۆۋەندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدىكى قەدىمكى زامان چارۋىچىلىقىغا ئائىت بىر قىسىم ماددىي پاكىت، يادىكارلىقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

70 - يىللاردا، بارىكول ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپى 6 كىلومېتر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر قەدىمكى ئىز قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، بۇ جايدىن تېپىلغان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە يەنە ئات، كالا، قوي سۆڭەكلىرى، كۆيگەن ئارپا دانلىرى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بىللە چىققان. بۇ ئورۇندىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ($C_{14}$)

* گىەي شەنلىڭ: «چۇفاي تېغى قىيا تاش رەسىملىرى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 357 - بېتىدە. كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن.

ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىنغاندا، ئۇنىڭ يىل ـ دەۋرى بۇنىڭدىن 3280 يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

قۇمۇلدىكى قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ جايدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تېرە شىم، رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن يۇمىلاق ياقىلىق ئۇزۇن تون، ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك قاتارلىقلار بار. يۇڭ توقۇلمىلارغا ھەر خىل رەڭدىكى جۇلالىق يۇڭ يىپلار بىلەن خىلمۇ خىل گۈل نۇسخىلار چىقىرىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا قىزىل، قوڭۇر ۋە قارا رەڭلىك يۇڭ يىپلار ئارقىلىق ئىشلەنگەن يەنە بىر پارچە كەشتىنىڭ تېگى قىزىل، كەشتىسى سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ كىچىك كاتەكچىلەر، كەڭ ـ تار يوللۇق سىزىقچىلار ۋە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرى كۆركەم قىلىپ كەشتىلەنگەن. بۇ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەبرىلەردىن يەنە ياغاچ، تاش، بىرونزىدىن ياسالغان ھەر خىل سايمانلار، ساپال قاچىلارمۇ تېپىلغاندى. قەدىمكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلار قۇرغاق ھاۋا سەۋەبىدىن چىرىمەستىن قۇرۇپ قېتىپ قالغان.

قارا دۆۋىدىكى بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن تاشقىرى ئۇ نەرسىلەر يەنە بۇ جايدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زامانلاردا خېلى تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، جۈملىدىن خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى قول ھۈنەر — يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

1979 ـ، 1980 ـ يىللاردا لوپنۇر رايونىدا قېزىلغان

قەدىمكى قەبرىلەردىن كالا، قوي مۈڭگۈزلىرى، ئۇزۇن قونچىلۇق ئۆتۈك، كالا تېرىسىدىن قوپال ئىشلەنگەن چورۇق، يۇڭ توقۇلما پالاز، ئېگىز، ئۇچلۇق كىگىز قالپاق قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغانىدى. قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ($C_{14}$) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، بېكىتىلگەن يىل دەۋرى بۈگۈندىن 3800 يىل بۇرۇنقى مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ دەپ ھېسابلانغان.

1984 - يىلى، خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىنىڭ سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا خىلمۇخىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغانىدى. شۇلارنىڭ قاتارىدا 41 - نومۇرلۇق (قېزىپ تەكشۈرگەندە بېرىلگەن نومۇر — ئا) قەبرىدىن مېيىتلار بىللە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق بوز ئاتنىڭ جەسىتى چىققان. ئاتلارنىمۇ ئادەملەرنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش لەھەت ئىچىگە قويۇپ، ئۈستىدىن شاخ - شۇمبا تاشلاپ توپا بىلەن كۆمگەن. كۆمۈلگەن ئاتلارنىڭ ساقلىنىشى خېلى ياخشى بولۇپ، ھەر ئىككى ئاتنىڭ بېشىغا قۇش پەيلىرى (ئۆكە) قادالغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئات ئېگەر - توقۇم بىلەن توقۇلغان ھالەتتە كۆمۈلگەن. ئات جابدۇقلىرى ئىچىدە تېرە قاپلانغان قۇش باشلىق ئېگەر، ئۈچ قەۋەت ئاق كىگىزدىن تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەن توقۇم بار. ئېگەر ئۈستىگە 76.5 × 73 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى رەڭدار ئېگەر گىلىمى يېپىلغان بولۇپ، گىلەمنىڭ تۆت بۇرجىكىدە چۇچىلىرى بار. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى 2290±65 يىل دەپ بېكىتىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ياغاچ تاۋاق، ياغاچ تەگنىلەرگە سېلىپ قويۇلغان پاقلان، ئوغلاق گۆشلىرى، بۇغداي، تېرىق يارمىسى سېلىنغان ئاشلانغان تېرە خالتىلار، ھەرخىل - ھەر رەڭدە توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلار، يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم-

كىچەكلەر، گىلەم، كىگىز، پالاس، يىپەك توقۇلما قاتارلىقلار توقۇلۇشىنىڭ سىپتىلىقى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، چىرايلىقلىقى، رەڭلىرىنىڭ جۇلالىقلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى، 1929 - يىلدىن 1949 - يىلىغا قەدەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى گورنو - ئالتاي ئۆلكىسى پازىرىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردىن II ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە تەئەللۇق بىر مۇنچە يادىكارلىقلار بىلەن بىللە توڭلىغان پېتى بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان ئادەم ۋە ئاتنىڭ جەسەتلىرىمۇ چىققان. بۇ يەردىن چىققان ئاتلارغىمۇ تارىم ۋادىسىدىكى سەنپۇلادىن تېپىلغان ئاتلارغا ئوخشاش بېشىغا پەي - ئۆكىلەر تاقالغاندىن تاشقىرى، ئاتنىڭ يۈزىگە يۈزلۈك (نىقاب) تاقاپ، ئېسىل ئېگەر - جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن.

1985 - يىلى 9 - ئايدا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىكتە مۈڭگۈزى بار پاقلاننىڭ بېشى، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ، ئاتنىڭ باش سۆڭىكى، ئات پاچىقى، كىگىز توقۇم ۋە بۇلغارى (كۆن) دىن تىكىلگەن توقۇم قاتارلىقلار قويۇلغان. قەبرە ئۆگزىسى ئاستىدىكى بورا ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بورا تېگىدىن يەنە ئات، تاي ۋە قۇلان تېرىسى چىققان. بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 2960±115 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

يۇقىرىقىدەك ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارنى يەنە كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن پاكىت - ماتېرىياللار، يۇرتىمىزنىڭ چارۋىچىلىق تارىخى-

نىڭ ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن تارتىپ باشلانغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

يىراق قەدىم زامانلاردىن بۇيان بىپايان ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشاپ كەلگەن جامائە - قەبىلىلەر ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوۋچىلىق، مال - چارۋىچىلىق (ئايرىم دېھقانچىلىق)، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، ھەممىگە باب كېلىدىغان مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۇلارنىڭ داۋاملاشتۇرغان، راۋاجلاندۇرغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ياشىغان «ئەجدادلار مەدەنىيىتى» نىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ.

مىلادىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ياشىغان ساق، ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر خانلىقلىرى زامانلىرىغا كەلگەندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق بىرمۇنچە مۇھىم ئىگىلىكلىرى تېخىمۇ يۈكسىلىپ مىليونلىغان ئات، كالا، قوي، تۆگىلەرگە ئىگە بولغانىدى.

ئەجدادلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئاتچىلىق، قويچىلىق، كالىچىلىق، تۆگىچىلىك، مال - چارۋا ئەمچىلىكى (مال دوختۇرلۇقى)، ئۇرۇق ۋە نەسىل يېتىشتۈرۈش — ئىرسىيەتچىلىك قاتارلىق بىرمۇنچە ساھەلەردە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئۆز زامانىسىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا، مىلادىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن سۇلالە - خانلىقلارنىڭ ھەربىي تېخنىكىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە خەن - تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان «ئات - تاۋار سودىسى» قاتارلىقلاردا ئالاھىدە تۆھپە قوشقانىدى.

قەدىمكى زامان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ شارائىتى شەكىللەندۈرگەن كەڭ كۆچمەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شەكلى

چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە نوخ-
تىغان مەزمۇنلارنى نامايان قىلغان بولۇپ، ساق، هون، تۈرك، ئۇيغۇر
خاقانلىرى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە ئۇلارنىڭ يېمەك ـ
ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكى ھەم تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ بىر
قىسمى چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن تەييارلىنىپ كەلمەكتە.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە «چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى»نى
ياراتقان ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا ياۋايى هايۋانلار ۋە
ئات، كالا، قوي، قوتاز، ئۆچكە، تۆگە، ئەتىۋارلىق ياۋا قۇش-
لارنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ گۆشى-
دىن قېزا ـ قارت، سۇرئەت (گۆش) لەرنى تەييارلايتتى. ئۇلار-
دىن يەنە سۈت، قېمىز، قېتىق ـ ئايران، قايماق، پىشلاق،
قۇرۇت، ئىرىمچىك، سېرىق ماي قاتارلىقلارنى ئىشلەيتتى. ھەر
خىل چارۋا تېرىلىرىدىنى پىششىقلاپ، ئاشلاپ، ئۇنىڭدىن جۇۋا،
ھەر خىل ئاياغ كىيىم، سابا، تۇلۇم، تورسۇق، تۇلۇم قېيىق؛
ئات ـ ئېگەر جابدۇقلىرىدىن يۈگەن ـ نوقتا، قوشقۇن، ئۈزەڭگە
بېغى، بەلباغ، تۆشباغ، ھەر خىل توقۇم قاتارلىقلارنى؛ قوي،
تۆگە، ئۆچكە قاتارلىق هايۋانلارنىڭ يۇڭ ـ تىۋىتلىرىنى
پىششىقلاپ، ئۇنىڭدىن كىگىز، تېكىمەت، ھەرخىل توقۇم، ئار-
غامچىلارنى تەييارلايتتى. ئەجدادلار قول هۈنەر-
ۋەنچىلىك ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىدا يىللارسېرى قە-
دەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ، يۇڭ ـ تىۋىتلارنى ئېگىرىپ، يىپ
ئېشىپ، ئۇنىڭدىن يۇڭ پالاز، يۇڭ چەكمەن قاتارلىقلارنى
توقىغاندىن تاشقىرى كېيىنچە بوياقچىلىق تېخنىكىسىنىمۇ
ئىگەللىگەنىدى. ئۇلار يۇڭ يىپلارنى ھەرخىل ـ ھەررەڭدە بو-
ياپ، ئۇلاردىن نەپىس رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇپ، كى-
يىم ـ كېچەكلەرنى ھەتتا ھەرخىل يۇڭ كەشتە، خىلمۇخىل
باش كىيىملەرنىمۇ تەييارلاپ تۇرمۇشىنى قامدىغانىدى.

كالا، قوتاز، قېچىر، ئېشەك قاتارلىقلار قەدىمدىن تارتىپ ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇلاغ - كۆلۈك ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. ئۇلارنى ئۇۋدا، سەپەردە، مال - پادا بېقىشتا، يۈك توشۇشتا، جەڭ ۋە يۈرۈشلەردە دائىم ئىشلەتكەن. شۇڭا ئات، تۆگە، كالا قاتارلىقلارغا ئالاقىدار ئەنئەنىۋى ئادەتلەر چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەڭ مول ۋە كۆپ خىل مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. ئاتچىلىق، قۇلانچىلىق، قويچىلىق، كالىچىلىق، تۆگىچىلىك قاتارلىقلار ئەجدادلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ياراتقان ئەڭ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك، قالتىس تۆھپىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدا ئاتنىڭ ئوبرازى ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر)دا ئاتقا چوقۇنۇش، ئات ئىلاھىغا سېغىنىشتەك ئېتىقادلارمۇ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «ھازا راسپ» (مىڭ ئات) ئەپسانىسىدە ئېيتىلىشىچە: «قەدىمكى زامانلاردا تارىم بويىدا مىڭ ئۇچار ئات بار ئىكەن. بۇ ئۇچار ئاتلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دائىم كېلىپ سۇ ئىچىدىغان بۇلىقىغا بىھوش قىلىدىغان دورا سېلىپ قويۇپتۇ، مۇشۇ ھىيلە بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن ئاتلارنى تۇتۇپتۇ، قاناتلىرىنى قىرقىپتۇ ۋە ئۇلارنى ئىنسان خىزمىتىگە كۆندۈرۈپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشۇ جاينىڭ نامىنى ‹ھازا راسپ› دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ... قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ‹دۇلدۇل› ھەققىدە قىزىقارلىق رىۋايەتلەر ئېقىپ يۈرمەكتە.»*

يۇقىرىدا ھەرقايسى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قەدىمكى ساق، ھۇن، تۈرك قەبىلىلىرى

---

* ئا. راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، 1989 - يىل، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى نەشرى، 105 - بەت.

دىن چىرايلىق بېزەپ بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان ئات جەسەتلى-
رىنىڭ تېپىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ ئەھۋال
بىزگە ئەجدادلىرىمىزدا ئاتنى ئۇلۇغلاش تۇپەيلىدىن خاقان،
پادىشاھ، ۋەزىر، سەركەردە، مەشھۇر چەۋەنداز، ئاتاقلىق ئەربابە
يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقال قاتارلىقلار قازا تاپسا، ئۇلار ئىشلەت-
مىنگەن ئاتلىرىنىمۇ قوشۇپ، بىرگە دەپنە قىلىنىش ئادىتى بولۇ-
ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى، 1960 — 1970 — 1980 - يىل-
لاردا تۇرپانىدىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بې-
رىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە، مىلادى V
ئەسىردىن IX ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە تەئەللۇق ھەر خىل
قىممەتلىك يادىكارلىقلار قاتارىدا ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغان
بىر مۇنچە ئات، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىقلارنىڭ ھەيكەللىرى
تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قامەتلىك، كۈچلۈك، ئېسىل جىرەن
قاشقا جەڭ ئاتلىرىنى مىنگەن لەشكەرلەر، چىلان تورۇق، جەدە،
چىپار تورۇق ئارغىماق ئاتلارغا مىنگەن ئىسلادە خېنىملار،
ئاجايىپ پۈرۈر ئېگەر - جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن كۆك بوز
ئارغىماق ئات، نەسىللىك كالا، قوي قاتارلىقلارنىڭ ھەيكەللىرى،
بېشىغا ئېگىز ئۈچلۈك قالپاق، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن
تون، پۇتىغا پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن چوڭ ئورا كۆز، قاڭشار-
لىق بىر تۆگىچىنىڭ نار (تاق ئۆركەشلىك) تۆگىنى يېتىلەپ
كېتىۋاتقان ھەيكىلى ۋە باشقىلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا «سۇڭنامە.
قوچۇ تەزكىرىسى»دە: «...قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشبالىق دې-
گەن يېرىدە ئات كۆپ، خان، خانىش ۋە خانزادىلەر ھەر قاي-
سىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاتلىرى بار. تۈزلەڭلىكتە باقىدۇ، بىر-
بىرىنىڭ ئارىلىقى يۈز چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، رەڭگىگە قاراپ
ئۆز يىلقىلىرىنى ئايرىيدۇ، ئۇنىڭ سانى ھېسابسىز...» دېيىلگەن.

خېلى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان مال - چارۋىلارنى

نەسلى، تۈرى، سورتى، رەڭگى بويىچە تاللاپ، ئەن سىلىپ،
قورۇ - قوتان، ئوتيۇرلارغا ئايرىپ باقىدىغان بۇ خىل ئىسىل
ئەنئەنىۋى باقمىچىلىق تەجرىبىلىرى، قائىدە - يوسۇنلار بۈگۈن-
گىچە داۋاملاشماقتا. مەسىلەن، بارىكۆل، ئاراتۈرك، مورى
ياپلاقلىرىدىن چىقىدىغان مەشھۇر، چىدامىلىق «بارىكۆل ئېتى»،
يوگۇرۇك، ئاقمەنلىك، كۆچلۈك «ئىلى ئېتى»، يۇلتۇز ۋە قارا
شەھەردىن چىقىدىغان «يورغىلار». ئالتاينىڭ يوغىلۇق، گۆشلۈك
چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلىرى، ئىلى - يۇلتۇز قويلىرى، توقسۇننىڭ
چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلىرى، كۇچا رايونىنىڭ خاس ئەلتىرە -
كۆرپە ئۈچۈن بېقىلىدىغان ئېسىل سور-تىلۇق قويلىرى، خوتەن -
چەرچەنلەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا بېقىلىدىغان داڭلىق يېرىم
يىلىنىك يوڭلۇق قويلىرى، ئەلا سورتلۇق تىۋىتلىك ئۆچكىلەر
قاتارلىقلار مۇ ئۆز نەسلى، خىلى، سورتى، رەڭگى بويىچە ئىنت-
چىكە تاللىنىپ بېقىلماقتا.

... يوقىرىقىلاردىن باشقا، شۇنىڭدەك قوشۇمچە ئىزاھلاپ ئۆتۈش
لازىمكى، ئەجدادلىرىمىز مال - چارۋا ئەمچىلىكى (مال دوختۇر-
لۇق) ئارقىلىق مال - چارۋىلىرىنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ ئەلا
سورتلۇق ئۇرۇق ۋە نەسىللىرىنى يېتىشتۈرگەندىن تاشقىرى،
ئەتىۋارلىق گۈل - گىياھلار، دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ياۋايى ھاي-
ۋانلار ۋە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سۈتى، گۆش - پەيلىرى ۋە باشقا
ئىچكى - تاشقى ئەزالىرىدىن پايدىلىنىپ شىپالىق دورىلارنى
ياساپ، ئادەملەردە ئۇچرايدىغان خىلى مۇرەككەپ ئىچكى - تاش-
قى كېسەللەرنىمۇ ئۈنۈملۈك داۋالاپ ساقايتقان، قىممەتلىك
داۋالاش تەجرىبىلىرىنى توپلىغان ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام-
لاشتۇرۇپ كەلگەن.

تۆۋەندە ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۇرپاندىكى قەدىمكى خارابە،
ئىزلاردىن تېپىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يازما
يادىكارلىق پارچىلىرى (ھازىر بۇ يادىكارلىقلىرىمىز گېرمانىيىدە

ساقلانماقتا) دىن ئازغىنا بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇ يازما يادىكارلىقلار گەرچە، قوچۇ ئۇيغۇر دەۋرى (تەخمىنەن مىلادى 850 — 1250 - يىللار) دە پۈتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بەزى رېتسېپ ۋە ئەملەش - داۋالاش تەجرىبىلىرى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. «تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىق پارچىلىرى»-نىڭ ئەسلى ئوقۇلۇشى ۋە ھازىرقى تىلىمىزغا يەشمىسى تۆۋەندىكىچە:

[...ئىنە كۆكە ئەم: ئىككى سۆڭۈك ئەركەچ ئەدىن بىر بادىر
ئاياق بوز، بىر بادىر ئاياق سۆۋ بىرلە قايىنتۇرۇپ، سۆۋى
سوغۇلمىشتا ئىچەر كىدەر.]

يەشمىسى: قورساق ئاغرىقىغا ئەم (داۋا): ئىككى سۆڭەك (مىقدار سۆز) ئۆچكە گۆشىنى بىرقاچا مۇسەللەس، بىر قاچا سۇ بىلەن قاينە تىپ، سۈيى سوۋۇغاندىن كېيىن ئىچە، قورساق ئاغرىقى توختايدۇ.

[كۆز ئاغرىق ئەمى: كىشى ئۆدى، توڭۇز ئۆدى، ئەچكۈ
ئۆدى، تاۋىشقان ئۆدى بۇ تۆرتەگۈ - تە قايۇسى بولسار،
قاراقاچ ئىغاچ قاسىقىن ئوتقا كۆيۈرۈپ كۈلەن ئالىپ
سۆۋقا يوغۇرۇپ كۆزگە ياقغۇ ئول، بات ئەدگۈ بولۇر.]

يەشمىسى: كۆز ئاغرىقىنىڭ داۋاسى: قارا ياغاچ قوۋزىقىنى ئادەم ئۆتى، توڭگۇز ئۆتى، ئۆچكە ئۆتى، توشقان ئۆتى — بۇ تۆتىنىڭ قايسىسى بولسا بولىۋېرىدۇ — بىلەن كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈرتسە، تېز ساقىيىدۇ.

[كىمنىڭ قولدىقى يىدىغ بولسار، ئۆۋكەنى سۆكۈلۈپ ئۈچ
كۈن ياقسۇن يىدىغى كىدەر. بەش ئۈن يىل قارت بولۇپ
بۇد مەسەر ياقغۇ ئول، بات بۇدەر. تاقى بۇد مەسەر قارا
مىن (يار) تۈزى بىرلە يوغۇرۇپ ياقزۇن بۇدەر.]

يەشمىسى: كىمنىڭ قولتۇقى پۇرىسا، ئۆپكىنى يانچىپ ئۇدا ئۈچ كۈن قولتۇقىغا يېقىپ (سۈرتۈپ) بەرسە، پۇرىمايدىغان بولىدۇ.

بەش ـ ئون يىلغىچە ساقايمىغان جاراھەتكىمۇ سۇرتۇپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇلىڭغىمۇ ساقايمىسا، قارا ئۇننى يار تۇزى بىلەن يۇغۇرۇپ، خېمىرلى جاراھەتكە تېڭىپ بەرسە ساقىيىدۇ.

[قايۇ كىشى كېچە ئەدگۇ كۆرمەسەر، قارا ئەچكۈنىڭ ئۆكسۈز
باغىرنىغقا ئىچىنگە پىتىپىدىنى ساچىپ ئوتقا كۆمۈپ كۆبىكەن
ئالىپ كۆزگە سۇردگۇل. كېچە ئەدگۇ كۆرۇر.]

يەشمىسى: قايسى كىشى كېچىسى ياخشى كۆرمىسە (ناماز شام قارىغۇسى بولۇپ قالسا)، قارا ئۆچكىنىڭ يېتىم ئوغلىقىنىڭ جىگىرىنىڭ ئىچىگە قارامۇچ سېلىپ ئوتقا كۆمۈپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ كۆزگە سۇرتۇپ بەرسە، كېچىسى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ.

[قايۇ كىشى يان ئاغرىخ ئەرسەر، كۆكۈرۈچكە ماياقىن قارا-
مىن بىرلە چوقۇرادىپ ئۈچ كېچە ياقزۇن ئەدگۇ بولۇر.]

يەشمىسى: قايسى كىشىنىڭ يانپېشى ئاغرىسا، ياۋا كەپتەرنىڭ مايىقىنى قارا ئۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يوغۇرۇپ، خېمىرىنى يانپېشىغا ئۈچ كېچە ياقسا ساقىيىدۇ.

[تەلىنمەز قارتقا ئىنەكىنىڭ، قوينىڭ مۆڭزىن سوقۇپ ياقزۇن،
بات تەلىنمىپ، ئەدگۇ بولۇر.]

يەشمىسى: ئېغىز ئالمايۋاتقان يارىغا ئىنەكنىڭ، قوينىڭ مۈڭگۈزىنى سوقۇپ يېقىپ بەرسە، پات ئېغىز ئېلىپ ساقىيىپ كېتىدۇ.

[تەۋە سۇدۇكىن ئالىپ باشقا سۇردسەر باشتاقى كەبەكى
كىدەر. كىم قال بولسار، سۇغۇن مۈڭگۈزنى يۇمشاق ئۇگۇپ
سۇۋقا ئىچەر، كىدەر. قۇلاق شاقشى بولسار، قاراغۇ سىچ-
قاننىڭ ئۆدىن تامسار ئاچىلۇر. تەۋەنىڭ ئۆۋكەسىن قۇرۇ-
تىپ سوقۇپ ئەلگەپ تىن بوسغاقىقا ئىچۇرسە، ئەدگۇ
بولۇر. قال ئىت تارتمىش كىشكە ئۇلارنىڭ مېيىن يېسەر،
ئەدگۇ بولۇر......]

يەشمىسى: تۆگە سۈيدۈكىنى باشقا سۇرتسە، باشتىكى كېپەك يوقىلىدۇ. ئېلىشىپ قالغان ئادەمگە بۇغا مۈڭگۈزىنى يۇمشاق سوقۇپ

سۇ بىلەن قوشۇپ ئىچۇرۇپ بەرسە، ئۇخشىلىپ قالىدۇ.
قولاققا كىر توشۇپ قالسا، قارىغۇ چاشقاننىڭ ئۆتىنى ئېمىتىپ بەرسە، قولاق ئېچىلىدۇ. تۆگىنىڭ ئۆپكىسىنى قورۇتۇپ سوقۇپ، تاسقاپ دېمى سىقىلىدىغان كىشىگە ئىچۈرسە ساقىيىدۇ.
غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىنگە ئۇلارنىڭ مېگىسىنى يېگۈزسە، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ....
[بەسگەك ئەم: بۆرى ماياقى ئۇد سكى بىرلە ئىچۇرسە كىدەر....]
يەشمىسى: بەزگەككە داۋا: بۆرى مايىقىنى كالا سۈيدۈكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۇرۇپ بەرسە ساقىيىدۇ...

## دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار

دېھقانچىلىق ۋە زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى
ئىنسانىيەت تارىخىدا ئوتتىن پايدىلىنىش ۋە دېھقانچىلىقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى — ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ئۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئوۋ ئوۋلاپ، ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ يەپ، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىش جەريانىدا؛ بەزى ياۋا مېۋە ئۆسۈملۈكلىرى ئۇرۇقلىرىنىڭ يەرگە چۈشسە ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ خىل بايقاشلار ئارقىلىق دەسلەپكى (ئىپتىدائىي) دېھقانچىلىق مەيدانغا كەلگەن. دېھقانچىلىق مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئوزۇق ئىزلەپ كۆچۈپ يۈرىدىغان ھالەتتىن تەدرىجىي تاغ يامىزاللىرى، جىلغا ئېغىزلىكى تار تەكشىلىكلەر، دەريا ۋادىلىرىدا ئىسپىنىي تۇراقلىشىشقا باشلىغان. ئىنسانلار ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى

لەبىئىي ئۆزگىرىش، تەبىئىي تاللىنىش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياخشىلىرىنى يىلمۇ يىل تېرىش ئارقىلىق سۈنئىي ئۆستۈرۈلىدىغان مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەر پەيدا بولغان.

يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت (يېڭى تاش قوراللار دەۋرى) باسقۇچىدىكى قەدىمىي يادىكارلىق ۋە قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان تۈرلۈك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، دېھقانچىلىق زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت پاكىتلار قەدىمكى زاماندىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى توغرىسىدىكى تونۇشىمىزنى تېخىمۇ بېيىتتى. دېھقانچىلىققا دائىر بىرمۇنچە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا يېڭى بىر زېمىن ھازىرلاپ بەردى، شۇڭا ھازىرچە بار بولغان چەكلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا مۇبالىغە قىلماستىن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 — 5000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتا، تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىن تاكى قارا قۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ رايون دائىرىسىدىكى تاغ يامزاللىرى، جىلغا تۈپلىكلىرى. دەريا ۋادىلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەردە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ۋۇجۇدقا كەلگەن؛ ئۇلارنىڭ باشلانغان ۋاقتى تېخىمۇ بالدۇر بولۇشى مۇمكىن.

يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى دېھقانچىلىق ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش، چوڭقۇر ئىزدىنىشتە ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ماددىي پاكىتلىق رولى بىلەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىغا ئائىت قەدىمىي يادىكارلىق ئىزلىرى ۋە قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان دېھقان-

چىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر ماتېرىياللارنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەدىمكى ئۆي - ئىمارەت ئىزىدىن تېپىلغان يارغۇنچاق قاتارلىق سايمانلار؛

ئاراتۈرك ناھىيىسىدىكى «كارساك قەدىمكى ئىزى»؛ قۇمۇل ناھىيىسىدىكى «قارادۆڭ قەدىمكى ئىزى»؛ قۇمۇل «يانبۇلاق قەدىمكى ئىزى»، «لاپچۇق قەدىمكى ئىزى»، «ياماتېپ قەدىمكى ئىزى»، «قىزىل چوققا قەدىمكى ئىزى»... قاتارلىق جايلاردىنمۇ ھەر خىل دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى — تاش كەتمەن (تۆشۈك ئېچىلغان)، تاش ئوتىغۇچ، يارغۇنچاق، تاش پالتا ۋە دان ئايرىش، يانچىش قوراللىرى تېپىلغان.

قۇمۇل بىلەن پىچان ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان «يەتتە قۇدۇق قەدىمكى ئىزى» دىن سىلىق - سىپتا ئىشلەنگەن ھەر خىل تاش قوراللاردىن باشقا يەنە چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى— تاش پالتا ۋە يانچىش قوراللىرى تېپىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن يېزىسى قوشجاڭزا قەدىمكى ئىزى، تۇرپان ئاستانە ۋە سىڭگىم قەدىمكى ئىزى، تۇرپان ناھىيە يارغول يېزىسىنىڭ شىمالى جىلغىسىدىكى قەدىمكى ئىزلار، توقسۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى ئىزلار، توقسۇن ناھىيىسىدىكى پارچە شاغال قەدىمكى ئىزى، سەيۋۇپو قەدىمكى ئىزى، مورى دەرياسى ياقىسىدىكى قەدىمكى ئىزلار، غۇلجا ناھىيە «ئاقتۆپە قەدىمكى ئىزى»، كۆنەس ناھىيىسىدىكى قەدىمكى ئىز، خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسىنىڭ شەرقى، باغراش كۆلىنىڭ قىيپاش شەرقىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان شىنتالا (چۇقو) قەدىمكى ئىزى ۋە

ئاغارچى يېزىسىدىكى قەدىمكى ئىز، لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمكى ئىزلار، ئوپال- ئاقدالادىكى قەدىمكى ئىزلار، ئاقسۇ قارا يۇلغۇندىكى قەدىمكى ئىز قاتارلىق بىرمۇنچە قەدىمكى ئىزلاردىن سۇركەش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان بىرقەدەرچوڭ تىپتىكى ھەرخىل تاش قوراللار — ھەر خىل يارغۇنچاق، تاش كەتمەن، تاش ئوتىغۇچ. تاش پىچاق، ئورغاق شەكلىدىكى تاش قورال قاتارلىق بىرمۇنچە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تېپىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ناھايىتى قەدىمكى مەزگىلگە مەنسۇپ بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىن ياغاچتىن ياسالغان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىمۇ تېپىلدى.

كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ بىرىدىن ياغاچتىن ياسالغان 8 × 22 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچى ۋە ئىككى يېنىدا ئۆتكۈر، نېپىز بىسى، ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلگەنلىك ئىزى بار.

قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن ئىككى دانە ئۈچ بۇرجەكلىك توپا قېزىش سايمىنى (90 سانتىمېتىر)، بىر دانە ياغاچ گۈرجەك (گۈرجەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28·5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 16·5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ) تېپىلغان. قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان توپا قېزىش سايمىنىنى ئادەمنىڭ ئېگىزلىكىگە نىسبەتلەشتۈرۈپ، يەنى ئۆرە تۇرۇپ ئەمگەك قىلىشقا قولايلىق قىلىپ ياسىغان. ئۇنىڭغا ئۈچ بۇرجەكلىك بىس چىقىرىلغان. بۇ سايمان ئەينى زاماندا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلگەچكە، ئۇچى پارقىراپ نېپىزلەپ كەتكەن، دەستىسىمۇ (تۇتقۇچ قىسمى) پارقىراپ سىلىقلىشىپ كەتكەن.

ياغاچ گۈرجەكنىڭ بىسى نېپىز، ئىتتىك. يۇقىرى قىسمىغا دەستە (ساپ) بېكىتىش ئۈچۈن ئىككى تۆشۈك ئېچىلغان.

ياغاچتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئالغۇي (ئارغۇغول) جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆركەپ ئۈچ چىقىرىلغان ياغاچ سايمان بىلەن قوش ئاشىكلىك ياغاچ ئارا بار.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلار ئاساسەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى باسقۇچلىرىغا ئائىت قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بولۇپ، مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىگە ئائىت خارابە ئىزلاردىن تېپىلغان ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمىدۇق. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تاش، ياغاچلاردىن پايدىلىنىپ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياساپ ئىشلەتكەن بولسا، كېيىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرگە ئوخشاشلا ھەر خىل مېتاللاردىن تۈرلۈك سايمانلارنى ياساپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىپ، دۇنيا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان تۆمۈر ساپان (چىش)، ئورغاق قاتارلىق سايمانلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىماقتا.

زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى

ئاپتونوم رايونىمىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى جەھەتتە، ياۋروپا - ئاسىيا ئورمان ۋە ئوتلاق رايونى، مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا چۆللۈك رايونى بىلەن ھىمالايا ئۆسۈملۈك رايونىنىڭ تۇتاشقان ئورنى بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈر تەركىبى ۋە ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئىنسان ۋە ھايۋانلار ئۆسۈملۈكسىز ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار بۇغداي (سۆلۈ)، تېرىق (سۆك)،

ئارپا، قوناق، چوجگون (قىياق) قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى، قىچا، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىق مايلىق زىرائەتلەر، ھەر خىل پۇرچاق تۈرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئوزۇقى قىلىپ كەلگەن. كەندىر، سىرىق كەندىر، لوپنۇر كەندىرى، كېۋەز قاتارلىق تالالىق زىرائەتلەر ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەككە بولغان ئېھتىياجىنى قامدىغان (چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھايۋانلارنىڭ يۇڭ - تېرىلىرىدىن ھەر خىل كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەنگەن) ئوزۇقلۇقى مول خىلمۇ خىل مېۋىلەر (ياۋا مېۋىلەرنىڭ بىر مۇنچە تۈرى كېيىن ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلدى)، مىڭلىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى قەدىمدىن تارتىپلا ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ مۇھىم ئوزۇقلۇقى ۋە ھەر خىل كېسەللىرىنى داۋالاشتا شىپالىق دورا بولۇپ كەلدى.

ھەر قانداق مەدەنىي ئۆسۈملۈكنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولىدۇ. بىرەر جايدا تېرىلىۋاتقان مەدەنىي ئۆسۈملۈك ياۋا تۈرىنىڭ بار - يوقلۇقى ئۇنىڭ كېلىپ چىققان ئورنىنى بېكىتىشتە مۇھىم پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى، بەزى مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياۋا تۈرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان جايلىرى ھەققىدە بىرقانچە ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى، لېكىن مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىش، چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقات تولۇق ئېلىپ بېرىلمىغانچىقا، بۇ بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە بەزى ئەسەرلەردە: ئاپتونوم رايونىمىزدا قەدىمدە ئۆستۈرۈلگەن مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەردىن ئاشلىق-مايلىق دان زىرائەتلىرى، تالالىق زىرائەتلەر ۋە مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى 1000 — 2000 يىلدىن

ئاشمايدۇ، دېگەن قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەپسۇسكى، كېيىنكى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە بۇنىڭدىن 4000 —5000 يىل بۇرۇنقى ئاشلىق دىرائەتلىرى، 2000 — 3000 يىل بۇرۇنقى مېۋە - چېۋە ئەۋرىشكىلىرى، پاختا، كەندىر، يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار تېپىلىپ، مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىلىش تارىخىنى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى سۈرۈۋەتتى؛ جۈملىدىن، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە قارىتا يېڭى مەسىلىلەرنى مەيدانغا چىقاردى. بۇلار بىزگە ئىنسانىيەت ۋە مىللەت، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا ئالدى بىلەن ئەتراپلىق ئىزدىنىش، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئاندىن خۇلاسە چىقىرىشىمىز كېرەكلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

«ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، تاغ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈر سانى تۈزلەڭلىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭكىدىن كۆپ، مەسىلەن، تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى قىسمىدا تارالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك تۈرلىرى تەخمىنەن 2300 خىل بولۇپ، (تىيانشان تېغىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى قىسمىدا 3000 تۈرگە يېقىن)، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. گەرچە قاراقۇرۇم، كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈر تەركىبى ئاز، يارىش (جۇڭغارىيە) ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى تەخمىنەن 600 تۈرگە يېتىدۇ...»*

«...ئاپتونوم رايونىمىزدا ئورۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئۆسۈملۈكلەر فلورىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن،

---

* م. خۇدا بەردى: «شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا تارالغان مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر 120 ئۇرۇقداشقا مەنسۇپ تەخمىنەن 470 تۈردىن ئىبارەت بولۇپ، شىنجاڭ ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ چوڭ ئائىلە ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن قالسا باشاقلىقلار ئائىلىسى، لويلا ئائىلىسى، پۇرچاق ئائىلىسى، كرېس گۈللۈكلەر ئائىلىسى، ئەتىرگۈل ئائىلىسى، ئېيىق تاپان ئائىلىسى، قىياقلار ئائىلىسى، چۈقا ئائىلىسى، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، چىنىگۈل ئائىلىسى، جېنتىيانا ئائىلىسى، گۈلسامساق ئائىلىسى، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى. قامچا ئوت ئائىلىسى، بوتاكۆز ئائىلىسى قاتارلىق 15 ئائىلىنىڭ ھەرقايسىسى سەككىزدىن ئارتۇق ئۇرۇقداش ۋە 50 تىن ئارتۇق تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئائىلىلەردۇر.»*

تۆۋەندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەر ئەۋرىشكىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئاشلىق زىرائەتلىرى

1) بۇغداي: بۇغداي دەسلەپتە بارىكۆل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئىز ئەينى زاماندا كۆيۈپ ۋەيران بولغانلىقتىن، بۇغداي دانلىرىمۇ كۆيۈپ كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ($C_{14}$) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3280 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ ئىزدىن تېپىلغان بۇغداي دانلىرى «تىيانشان مەدەنىيىتى»گە ئائىت باش-

* م.خۇدابەردى: «شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

قا قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1979 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980 - يىلى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلار ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا، قەبرىلەردىكى مېيىت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئاساسەن بۇزۇلماي ياخشى ساقلىنىپ قالغان. يۇلغۇن، كەندىر چىۋىقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەردىن ناھايىتى زىچ ۋە قېلىن قىلىپ توقۇلغان كىچىك سېۋەتلەرگە ئۇن نەچچە تالدىن يۈز نەچچە تالغىچە بۇغداي دانلىرى سېلىپ قويۇلغان. بۇ بۇغداينىڭ رەڭگى قارامتۇل بولۇپ، چىرىمەي ياخشى ساقلىنىپ قالغان. قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ($C_{14}$) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا ئۇنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە بولغان: 1 - قېتىم نەنجىڭ داشۆ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى ئەۋرىشكىلەرنى تەجرىبە قىلىپ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن $6412 \pm 117$ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېكىتتى. بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا زور غۇلغۇلا قوزغىۋەتتى. ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار، ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كېيىن 2 - قېتىم بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى قايتىدىن تەجرىبە قىلىپ، ئۇنىڭ بېكىتىلگەن يىل دەۋرىنى بۇنىڭدىن 3800 يىللار بۇرۇنقى، دەپ ئېلان قىلدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان بۇ قەدىمكى بۇغداي دانلىرى ھازىرغىچە «تارىم مەدەنىيىتى» گە ئائىت قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بۇغداي ئەۋرىشكىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇغداي دۇنيا بويىـ

چە ئەك بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى. كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇغداي ئەۋرىشكىلىرى ئەجدادلارنىڭ ئارىم بۇغدىيىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش تارىخى ۋە ئارىم بۇغدىيىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

يوقىرىقىلاردىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش جەريانىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن يەنە بىر مۇنچە بۇغداي دانلىرى، بۇغداي باشقى، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، بۇغداي تېرىش ھەققىدە يېزىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى خاتىرە - پۈتۈكلەرمۇ تېپىلدى. مەسىلەن، بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن بۇغداي دانلىرى تېپىلىش بىلەن بىللە بىر تال پىچەرىم بۇغداي باشقىمۇ تېپىلدى. تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاستانە ۋە قاراغوجىدىكى VI — VII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن بۇغداي، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان نان، ھەر خىل پېچەنىلەر، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، بۇغداي كېپىكى قاتارلىقلار ۋە بۇغدايدىن ئىجارە - باج تۆلىگەن، قەرز - ئۆتنە بەرگەنلىك توغرىسىدىكى خەت - چەك ۋەسىقىلەر قېزىۋېلىندى. يوقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بۇغداي ۋە بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، ھەر خىل تىل - يېزىقلاردا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر يۇرتىمىزنىڭ ئاشلىق زىرائەتچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

2) ئارپا: قۇمۇل بارىكۆل ناھىيىسى قارادۆۋىدىكى بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى قەدىمكى قەبرىلەردىن ئارپا باشقى، ئارپا پوستى (قارا دۆۋىدىن) تېپىلغان. بۇ ھازىر-

نچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى ئارپا ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئارپىنىڭ يۇرتىمىزدا تېرىپ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەكلىماكاندىكى قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن، تۇرپان ئاستانىدىكى IV — IX ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىلەردىن بىرمۇنچە ئارپا دانلىرى چىققان. قەبرىلەردىن تېپىلغان بەزى ۋەسىقىلەردە ئات - ئۇلاغلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەم - خەشەكلەر ھېساباتىدا سەرپ قىلىنغان ئارپىنىڭ سانىمۇ ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، چاقىلىق ناھىيەسىدىكى قەدىمكى مىران خارابىسىدىنمۇ ئارپا دانلىرى تېپىلغان. بۇ نەرسىلەر بىزگە ئارپىنىڭ ئۇ زامانىسىدا تېرىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى، ئىستېمال سەرپىياتىنىڭمۇ خېلى زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3) تېرىق: بۇ قەدىمكى زامان ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە، تېرىلىش دائىرىسى كەڭ، ئىستېمال سەرپىيات مىقدارى زور زىرائەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېرىق — قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ئۆسۈش مەۋسۇمى نىسبەتەن قىسقا، بىر تەدەر يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ساقلاشقا چىداملىق زىرائەت بولغاچقا، قۇرغاق رايونلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۇنى كۆپرەك تېرىغان. ئۇنىڭ ئەڭ بالدۇرقى زىرائەت ئەۋرىشكىسى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇنقى قۇمۇل قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان. ئۇ بىر خىل تېرىق قاتامىسى بولۇپ، كۆپ قىسمى چاسا شەكىلدە. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 — 4 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تېرىق ئۇنى تازا يۇمشاق تارتىلمىغاچقا، قاتلىما ئارىسىدىكى تېرىق دانلىرى يەنىلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1985 - يىلى 9 - ئايدا، چەرچەن ناھىيەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىنمۇ تېرىق (سۆك) ئۇنىدىن تەي-

يارلانغان نان (توقاچ) تېپىلدى. بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ ئەڭ تېگىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. 1959 - يىلى، بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن تېرىق تېپىلغاندىن باشقا، بەزى ئۆيلەرنىڭ خارابە ئىزىدىن قېلىن بىر قەۋەت تېرىق قاتلىمى (تېرىقلار ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرىكىپ قېتىپ كەتكەن) تېپىلغان. كېيىن يەنە تۇرپان ئاستانە، كروران خارابىسى، قارا شەھەر ناھىيىسىدىكى «ساردۆڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسى» قاتارلىق ئورۇنلاردىنمۇ تېرىق دانلىرى تېپىلدى.

4) چۆجگۈن: چۆجگۈن تېرىققا ئوخشاپ كېتىدىغان، دېنى يۇمىلاق ئۆسۈملۈك. ئۇ ئادەتتە قىياق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى قىسقا، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار.

قەدىمكى نىيە خارابىسى ۋە تۇرپان ئاستانىدىكى VI — VIII ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىلەردىن كۆپلىگەن چۆجگۈن دانلىرى تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا 2000 نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى قۇمغا كۆمۈلگەن «قەدىمكى كروران خارابىسىنىڭ تاملىرىدا ئۆز زامانىسىدا سۇۋالغان كاكىل لايلار ساقلانغان بولۇپ، لايلارغا كۆپ مىقداردا بۇغداي سامىنى، چۆجگۈن سامىنى ۋە چۆجگۈن پوستى ئارىلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدەك، شەھەر خارابىسى ئىچىدىكى بىر قەدىمكى مۇنارنىڭ شەرق تەرىپىدىن تەخمىنەن 32 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بىر دۆۋە ياغاچلار ئاستىدىن 70 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى چۆجگۈن دۆۋىسى تېپىلغان. ئۇنىڭدىكى چۆجگۈن دانلىرى ھازىرمۇ ساپ-

شېرىق پارقىراپ تۇرىدۇ».*

5) ئاق قوناق (مەللە قوناق): بۇ زىرائەت قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى شور تەركىبى بىرقەدەر ئېغىر بولغان تۇپراقتىمۇ ماسلىشالايدۇ. شۇڭا ئۇ خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قەشقەر، قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا تېرىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ساردۆڭ قەدىمي شەھەر خارابىسىدىكى (قاراشەھەردە) قەدىمكى گەممىدىن ئاق قوناق تېپىلغان.

## مايلىق دان زىرائەتلىرى

ئاپتونوم رايونىمىزدا مايلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مايلىق دان زىرائەتلىرىدىن زىغىر، كۈنجۈت، قىچا، زاراغزا، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار ئومۇميۈزلۈك تېرىلىدۇ. يۇرتىمىزدىكى مايلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ھەققىدە تېخى ئەتراپلىق تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلمىدى. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ۋە چەكلىك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە بەزى مايلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. تۆۋەندە ئۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1) زىغىر: تىيانشان تېغىنىڭ ئالغۇي (ئارغۇغول) جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن (بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىل بۇرۇنقى) زىغىر دانلىرى تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر (VI — VIII ئەسىرلەرگە

* خۇشەن: «كروران قەدىمكى ئىزىنى تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە دوكلات»، «تارىخ، جۇغراپىيە ژۇرنىلى» 1981 ‑ يىللىق 1 ‑ سانى.

مەنسۇپ) دىن ۋە قاراشەھەردىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىنمۇ زىغىر دانلىرى تېپىلغانىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا زىغىر ئۇرۇقدىشىغا كىرىدىغان تەخمىنەن ئالتە تۈر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى زىغىر كەڭ مىقياستا تېرىلىدۇ.

2) كۈنجۈت: تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن كۈنجۈت تېپىلغان. «كۈنجۈت ئەسلىدە جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھازىر ئىسسىق ۋە مۆتىدىل بەلباغنىڭ كۆپلىگەن رايونلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى قۇۋۋەت دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلسە، غولىنىڭ پوستى ئارغامچا ۋە تاغار توقۇشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ».*

## پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر

پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تارقالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېپىنەكسىمان گۈللۈكلەر كەنجى ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئۇلاردىن تەخمىنەن 282 خىل تۈرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرىدىن بىدە، ياۋا بىدە، ياۋا ماش، ياۋا كۆك پۇرچاق قاتارلىقلار بار.

ئاپتونوم رايونىمىزدا چەكلىك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا، پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر ئاز تېپىلدى. خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىن (بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىل بۇرۇنقى قەبرىلەر) ماش دانلىرى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن دادۇر، قارا پۇرچاق دانلىرى تېپىلغان.

---

* م. خۇدابەردى: «شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 339 ـ بەت.

1) كەندىر: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرقانچە جايدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە، كەندىر تالالىرىدىن توقۇلغان بۇيۇملار خېلى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆنچى دەرياسى بويىدىكى تەخمىنەن 4000 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان قېلىن ۋە زىچ توقۇلغان سېۋەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇيۇملارنى ئېنىقلىغاندا، ئۇنىڭغا كەندىر تالاسى ئىشلىتىلگەن. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى ۋە يانلىرىغىمۇ لوپنۇر كەندىرى ئىشلىتىلگەن.

1985 - يىلى، چەرچەن زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەر (3000 يىل بۇرۇنقى) نى قېزىپ تەكشۈرگەندە، قەبرىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىنى يېپىش ئۈچۈن لوپنۇر كەندىرى ئىشلىتىلگەن. بۇلار ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى كەندىر ئەۋرىشكىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«لوپنۇر كەندىرى قۇرغاقچىلىققا ۋە شورغا چىدامىلىق، ئېگىزلىكى 1.5 ~ 3 مېترغىچە كېلىدىغان يېرىم چاتقال بولۇپ، تارىم ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ قۇرغاق ۋە شورلۇق چۆللىرىدە، دەريا بويلىرىدا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ غول پوستىنىڭ تالالىرى توقۇمىچىلىقتا، يوپۇرمىقى يۇقىرى قان بېسىمى، نېرۋا ئاجىزلىق، ئىششىق قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ (يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە ئاشلىغۇچى ماددا ۋە ئاپوتسېنتىن بولۇپ، دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. غولىنىڭ ئاق شىرنىسى تەركىبىدە 1% — 2%، يوپۇرماقلىرىدا 2% — 3% «كۆز پەسلىدە 6% كە يېتىدۇ» كاۋچۇك بولىدۇ».

ئادەتتىكى ياۋا كەندىر بىلەن چوڭ يوپۇرماقلىق ياۋا كەندىرلەرنىڭ غول پوستىنىڭ تالالىرىمۇ قەغەز ياساش ۋە توقۇمىچىلىقنىڭ خام ئەشياسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. لوپنۇر كەندىرى ۋە ياۋا كەندىرلەرنىڭ ھەممىسى ھەسەل مەنبەسى

ئۆسۈملۈكلىرى ھېسابلىنىدۇ».*

2) كېۋەز: ئاپتونوم رايونىمىزدا كېۋەزنىڭ تېرىلىشى نا-
ھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر-
نىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ۋا-
دىسى (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقانچە ۋادىلار) دا
كېۋەز ئەڭ بۇرۇن تېرىپ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈشكە بولىدۇ.

1959 - يىلى بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى قۇم
ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئادەم ۋە گۈل
نۇسخىلىرى كۆك بوياقتا بېسىلغان پاختا رەخت (ھەمزەك دەپمۇ
ئاتىلىدۇ) تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىرىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى
«ئۆيلەك» خارابىسىدىمۇ گۈللۈك پاختا رەخت ۋە مارالبېشى
ناھىيىسىدىكى توقۇقۇز ساراي (بارچۇق) خارابىسىنى قېزىپ
تەكشۈرگەندە، IX — VI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىيەت قات-
لىمىدىن پاختا تېپىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چىگىتمۇ
تېپىلدى. بۇ چىگىتنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمى-
يىسى پاختا تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەھلىل تەتقىق قىلىش
ئارقىلىق ئۇنىڭ بىر خىل ئافرىقا كېۋىزى تىپىدىكى كېۋەزنىڭ
سورتىغا تەۋە چىگىت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەھۋال-
دىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك خىز-
مەتلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تارىم ۋە تۇرپان ۋادى-
سىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن پاختا، كەندىرگە ئوخشاش تالا-
لىق زىرائەتلەرنىڭ تېخىمۇ قەدىمكى ئەۋرىشكىلىرى تېپىلىشى
مۇمكىن.

3. باغۋەنچىلىك ۋە مېۋە - چېۋىلەر

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىيانشان تېغى، ئالتاي تې-

* م. خۇدابەردىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

غىدىكى پايانسىز ئورمان بەلباغلىرى ۋە جىلغا، ئېدىرلىقلىرىدا
خىلمۇخىل ياۋا مېۋىزارلىقلار بار. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ ھەر خىل كېلىماتلىق تەبىئىي شارائىتىغا ماسلاشقان
بولۇپ، ئەزەلدىن يۇرتىمىزنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تەڭشەش، ئىن-
سانلار ۋە جانلىقلارغا ئوزۇقلۇق مەنبەسى بولۇش رولىنى
ئۆتەپ كەلگەن. يۇرتىمىزنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى، مۇنى-
بەت تۇپرىقى، ياۋا مېۋىزارلىق بايلىقى باغۋەنچىلىكنى تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشقا ھەر جەھەتتىن باب كەلگەنلىكى ئۈچۈن،
ئەجدادلىرىمىز ئۆز يۇرتىدىكى ياۋا مېۋە دەرەخلىرىنى ئۆزلەشتۈ-
رۈپ، تىكىپ ـ ئۆستۈرۈپ، ھەر خىل مېۋە سورتلىرىنى يېتىشتۈ-
رۈش يولىدا تەبىئەت بىلەن ھارماي ـ تالماي كۈرەش
قىلغان. ئۇلار يېتىشتۈرگەن شېرىن ـ شەربەتلىك مېۋە ـ چې-
ۋە، يەل ـ يېمىشلەر ئۆز زامانىسىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسى-
يا رايونى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى جايلارغا تار-
قىلىپ داڭق چىقىرىش بىلەن بىللە، مۇھىمى ئاشۇ رايونلار-
دىكى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتقان، شۇڭا ئەجدادلى-
رىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا
قوشقان تۆھپىلىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلگەن ماددىي
پاكىت، ماتېرىياللار مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا ئەج-
دادلىرىمىزنىڭ تارىم، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان ۋادىلىرىدا ئۈزۈم-
چىلىك، قوغۇنچىلىق، ھەر خىل مېۋىلىك باغلار — ئۆرۈكلۈك،
ئالمىلىق، چىلانلىق، شاپتۇللۇق، نەشپۈتلۈك، جىگدىلىك، ئۈجە-
مىلىك، ياڭاقلىق ۋە باشقىلارنى خېلى كەڭ دائىرىدە يېتىش-
تۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. مەسىلەن، مەشھۇر ئارخېئولوگ،
ساياھەتچى ئا. ستەيىن 1901 ـ يىلى تەكلىماكاندىكى قە-
دىمكى نىيە خارابىسى (2000 يىل بۇرۇنلا قۇمغا كۆمۈلۈپ
كەتكەن) نى تەكشۈرگەندە، خارابە دائىرىسىدە شاپتۇل، ئۆرۈك،

ئالما قاتارلىق مېۋە دەرەخلىرىنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ
كەتكەن قالدۇقلىرىنى، ئەتراپى چىتلانغان (قورشالغان) باغلار
خارابىلىرىنى ئۇچراتقان ۋە بۇ توغرۇلۇق ئۆز ئەسەرلىرىدە
تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

1959 - يىلى كۈزدە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخې-
ئولوگىيە ئەترىتى تەكلىماكاندا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بار-
غاندا، ستەيىن ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرگەن ئورۇنلارنى قايتا تەك-
شۈرۈش بىلەن بىللە، بەزى ئورۇنلارنى نۇقتىلىق قېزىپ تەك-
شۈردى. قېزىش جەريانىدا ھەر خىل مېۋە - چېۋە ئەۋرىشكى-
لىرى ۋە مېۋە ئورۇقلىرى تېپىلدى. خارابە دائىرىسىدىكى بىر-
قانچە ئورۇندا ئەتراپى چىتلانغان مېۋىلىك باغلارنىڭ قالدۇق-
لىرى ئېنىقلاندى. بۇلار ھازىرغىچە تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان
ئەڭ قەدىمكى باغ ۋە مېۋىلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتمۈشتە ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ئاز ئىشلەنگەنلى-
كى، قېزىلما ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى ۋە بار ماتېرىياللار-
نىڭ ھازىرغىچە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىن
يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان باغۋەنچىلىكى توغرىسىدىمۇ مۇ-
ئەييەن ئىلمىي يەكۈن كەمچىل بولۇپ كەلدى. بۇنى بۇنىڭ-
دىن كېيىن داۋاملىق تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە. تۆ-
ۋەندە ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان مېۋە - چېۋە، يېمەك -
يېمىش ئەۋرىشكىلىرىنى ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئۈزۈم: ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈزۈمنىڭ ھەر خىل سورت-
لىرى ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۈزۈم ئۈزۈمدىشىنىڭ 40 قا يېقىن تۈرى
بولۇپ، ئاساسەن شىمالىي ئامېرىكا بىلەن شەرقىي ئاسىيادا
كەڭ تارقالغان. تارىخىي يازما مەنبە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك
تېپىلمىلار — ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن يۇرتىمىزدا قەدىمدىن
ياشاپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زا-
مانلاردىن تارتىپ ئۈزۈمچىلىك بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىپ

كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

«ستەيىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» (斯坦因西域考古记) ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 8 - بېتىدە، قەدىمكى نىيە خارابىسى جەنۇبىي قىسمىنىڭ فوتو سۈرىتى تولۇق بېرىلگەن. ئەنە شۇ فوتو سۈرەتنىڭ (E) بۆلىكىدە ئەينى زاماندىكى ئۈزۈملۈك باغنىڭ قالدۇق خارابىسى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بۇ بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرى خارابىلىققا ئايلانغان ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، هازىرغىچە تەكلىماكاندا ئېنىقلانغان بىردىنبىر ئەڭ قەدىمكى ئۈزۈملۈك باغ ھېسابلىنىدۇ.

1959 - يىلى، قەدىمكى نىيە خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا بىرمۇنچە رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار، گىلەم، زىلچىلارنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەكتى سارغۇچ، گۈللىرى كۆك رەڭدە توقۇلغان يۇڭ توقۇلما رەختكە ئادەم، ياۋايى ھايۋان ۋە ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى يارقىن، ئوبرازلىق قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. يۇڭ توقۇلما رەخت گەرچە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى، مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈملەرنى، تاڭشارلىق، ئوراكۆز بىر ئادەمنىڭ سېۋەت كۆتۈرۈپ ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا بىر قويىنىڭ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

60 - يىللاردىن بۇيان تۇرپان ئاستانىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا، بۇ جايدىكى IV — IX ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى قەبرىلەردىن ئۈزۈم ئەۋرىشكىلىرى خېلى كۆپ تېپىلدى. ئۈزۈملەرنىڭ بەزىلىرى ساپىقىدىن ئاجرىماي ئۈز پېتى قۇرۇپ قالغان (بۇيۇملار ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي كۆرگەزمىسىدە).

1985 - يىلى 12 - ئايدا، تۇرپان ئاستانە يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قاراغوجا قەدىمكى قەبرىلىرىنىڭ ئىچىدىن جەسەت ساندۇقىنىڭ تېگىگە سېلىنغان ئۈزۈم تەكلىرى تېپىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئاستانىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان سۈرەتلەر ئىچىدىمۇ ئۈزۈملۈك باغنىڭ مەنزىرىسى سىزىلغان رەسىملەر بار. تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى مىڭئۆي ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە تام - تورۇسلارغا ئۈزۈملۈك مەنزىرىسى رەڭلىك قىلىپ سىزىلغان (بۇ سىزمىلار قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ).

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي كۆرگەزمىسىگە تىزىلغان بۇيۇملار ئىچىدە بىر پارچە كەشتە بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئۈزۈم رەسىمى كەشتىلەنگەن. بۇ كەشتىمۇ تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەر ئاستىدىن تېپىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر (قەدىمكى ئۇيغۇرچە، سوغدىچە، خەنزۇچە) دە ئۈزۈملۈك باغنىڭ سېتىلغانلىقى، ئىجارىگە بېرىلگەنلىكى، نەچچە تاغارلاپ كىشمىشنىڭ سېتىلغانلىقى، قەرزگە بېرىلگەنلىكى توغرۇلۇق مەزمۇنلار يېزىلغان. بەزى خەت - چەكلەرگە ئۈزۈمدىن مەي - شاراب ئىشلەنگەنلىكى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەر پۈتۈلگەن. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن پاكىتلار بىزگە ئەينى زاماندا تارىم ۋە تۇرپان ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىكى بەزى شەھەر - كەنتلەرنىڭ باغ ۋە ئۈزۈملۈكلەر بىلەن قورشالغانلىقىنى، باغۋەنچىلىكنىڭ جۈملىدىن ئۈزۈمچىلىكنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە خېلى مۇھىم ئىقتىسادىي رول ئوينىغانلىقىنى، ئۆز زامانىسىدا ئۈزۈمدىن ياسىلىدىغان مەي - شارابلارنىڭ كەم بولمايدىغان ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— تۇرپان ئۈزۈمى تارىختىن بۇيان داڭلىق. تۇرپاننىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ئىسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى بولغاچقا، ئۈزۈمنىڭ شېكەر تەركىبى يۇقىرى، شېرىن - شەربەتلىك. تۇرپاندىكى «بويلۇق» چەكسىز كەتكەن ئۈزۈمزارلىق بولۇپ، داڭقى ئالەمگە مەشھۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بور» سۆزى «ئۈزۈم» دېگەن مەنىنى، ئۇنىڭغا «لۇق» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ «بورلۇق» — ئۈزۈملۈك، ئۈزۈمزارلىق دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئاتالغۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، (بەزىلەر بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىپ) «بۇيلۇق»، «بوليۇق» بولۇپ قالغان.

— ئۈزۈم ھەققىدە خەنزۇچە مەنبەلەردە ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلار ساقلانغان. جاڭ چيەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 128 - يىلى غەربىي يۇرتلار (ئوتتۇرا ئاسىيا، پەرغانە، زەرەپشان ۋادىلىرى) غا ئەلچىلىككە بارغاندا، ئۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقى، شال، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدىغانلىقى، باغ - ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ بارلىقى، ئۈزۈمدىن مەي - شاراب چىقىرىدىغانلىقى، بايلىرىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مەي - شارابلارنى نەچچە ئون يىلغىچە ساقلايدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان، جاڭ چيەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىشىدا نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى، دورا - ماتېرىياللىرى جۈملىدىن ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى ئالغاچ كەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۈزۈم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقالغان.

— سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈزۈمچىلىكىنىڭ تېخىمۇ قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. «نامازغا — تۆپە» (جەنۇبىي تۈركمەنىستان) دە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا، ئۈزۈمنىڭ

مىلادىيىدىن III ـ IV ئەسىر ئىلگىرىكى ئۇرۇقلىرى تېپىلغان.
ئۈزۈم ئۇرۇقلىرى يەنە خارەزىمنىڭ «قوي قىرىلغان قەلئە»،
(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن مىلادى IV ئەسىرگىچە)،
«تۇپراق قەلئە» (مىلادى III ـ IV ئەسىر) قەدىمىي شەھەر
خارابىلىرى؛ «تالى ـ بارزۇ» قىشلىقىنىڭ (سەمەرقەنت
يېنىدا) VII ئەسىرگە تەۋە يەر قاتلىمى ۋە بالالىق تۆپە
قەلئەسى (V ـ VII ئەسىر) دە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە-
لىك قېزىشلاردىمۇ تېپىلغان. قەدىمكى پەنجىكەنت ئىبا-
دەتخانىسى خارابىلىرىنىڭ بىرىدە ئۈزۈم نوتىسىنىڭ قالدۇقى
تېپىلغان... VII ـ VIII ئەسىردىكى سوغدى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
ئەفراسىياب (سەمەرقەنت) تىكى ساراي تاملىرىنىڭ بىرىدە
ئۈزۈم نوتىسى رەسسام تەرىپىدىن شۇنداق ماھىرلىق بىلەن
ئىپادىلەنگەنكى، مۇتەخەسسىسلەر ھېچ قانچە قىينالمايلا
ئۇنىڭ ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان ئۈزۈم
سورتى ـ «خۇسەينى» (قىز بارمىقى) ئىكەنلىكىنى تونۇغان.

«ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىزنى يەنە ئۈزۈم مەي-
شارابى ئىشلەش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. جەنۇبىي
تۈركمەنىستاننىڭ كونا نىسا شەھەر خارابىسىدىن (مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى I ـ II ئەسىرلەر) پادىشاھنىڭ ئۈزۈم ھاراقلىرىنى
ساقلايدىغان ناھايىتى چوڭ بىر ئورنى تېپىلغان.

ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ
خۇددى قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ «دىئونىس» (قەدىمكى يۇنان-
لىقلاردا ئۈزۈمچىلىك ۋە ۋىنو ئىلاھى) ئىلاھىغا
ئوخشاش ئۈزۈمچىلىك ۋە ۋىنو ئىلاھىغا سېغىنىدىغان
مۇراسىملىرى بار ئىدى. «دىئونىس» دىنىي مۇراسىملىرىدىكى
شەخسلەرنىڭ رەسىملىرىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ مىلا-
دىيىدىن بۇرۇن نىسا تاملىرىغا ئويۇلغان دىنىي مۇراسىملار
كۆرۈنۈشى، «قوي قىرىلغان قەلئە» دېگەن خارابىنىڭ مىلادى

دىن بۇرۇنقى I — II ئەسىرگە تەئەللۇق يەر قاتلىمىدىن تېپىلغان ھەيكەل فراگمېنتى (ئۇنىڭدا بىر قولىدا بىر ساپاق ئۈزۈم، يەنە بىر قولىدا ئۈزۈم تېلى كېسىش پىچىقى تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيالىقنىڭ سىياقىدىكى بىر كىشى ئىپادىلەنگەن)، دۈشەنبە شەھىرىدىن تېپىلغان برونزا ئىگەر جابدۇقىدىكى نەقىشلىك تەسۋىرلەر مۇ (ئۇنىڭدا بېشىغا ئۈزۈم نوتىسىدىن ياسالغان گۈل چەمبىرەك كىيىۋالغان بىر يىگىت ئويۇلغان) «دىئونىس» دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. قەدىمكى پەنجىكەنتنىڭ شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان ساقاللىق ئەر كىشىنىڭ سارغۇچ - قىزىللايدىن ياسالغان ھەيكىلى (بېشى ئۈزۈم - تال چەمبىرىكى بىلەن بېزەلگەن) مۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈزۈم مەي - شارابى ئىلاھى ئوبرازىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.*

بادام: تۇرپان ئاستانىدىكى IX – VI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن بادام تېپىلغانىدى. بۇ كەمگىچە ئېلان قىلىنغان بەزى ماتېرىياللاردا بادام، ئۈزۈم، ئۆرۈك، ياڭاق، شاپتۇل، قوغۇن - تاۋۇز، ئامۇت - نەشپۈت، ئەينۇلا - چىلان، قاتارلىق بىرمۇنچە مېۋىلەرنىڭ ئەسلى ماكانى، ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ھەققىدە تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولمىغان مۇجمەل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ھەممىگە ئايانكى، ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ ياۋا تۈرلىرى قەيەردىن تېپىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسلى ماكانىمۇ شۇ يەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

* «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۈزۈمچىلىكى ۋە ئۈزۈم شارابى ئىشلەش تارىخى» — سوۋېت تارىخ پەنلىرى كاندىداتى د.ئابدۇللايېۋ. «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 1986 - يىلى 2 - سانى، 41 —، 42 — بەتلەر.

«ياۋا بادام قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا 3 - ئېرا هاياتلىق دەۋرىنىڭ هەر خىل گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەردىن ئامان قالغان ئۆسۈملۈكى هېسابلىنىدۇ. گېئولوگىيە تارىخى تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا 3 - ئېرا دەۋرىنىڭ باشلىرىدا يارىش تۆزلەڭلىكى (جۇڭغارىيە ئويمانلىقى) نىڭ هاۋا كىلىماتى نەم، مۆتىدىل ئىسسىق بەلباغ كىلىماتىغا مەنسۇپ بولۇپ، ياۋا بادام مانا مۇشۇ دەۋردىن هايات قالغان ئۆسۈملۈك. هازىر ئۇ پەقەت قازاقىستان بىلەن دۆلىتىمىزدىكى شىمالىي شىنجاڭدا تەبىئىي تارقىلىپ ئۆسمەكتە.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ياۋا بادامنىڭ تا هازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئالمىشىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور تارىخىي ئەهمىيەتكە ئىگە. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ كېين ئامبىرىغا قوشۇلغان قىممەتلىك بايلىق هېسابلىنىدۇ.»*

1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان ياۋا بادامنىڭ تەبىئىي تارقىلىپ ئۆسكەن جايلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ ئۇلاستاي جىلغىسى، قىزىل بېت، مادىباي جىلغىسى قاتارلىق جايلىرى؛

2) بارلىق تېغىنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن شەرقىي شىمالىدىكى ئېدىرلىق ۋە دەريا ياقىلىرى؛

3) چاغانتوقاي ناهىيىسىدىكى دۆلەت ساي ۋە بۆرگەن دەرياسى بويلىرى؛

4) تولى ناهىيىسىنىڭ شامال ئېغىزىدىكى ئالمىلىق ساي ۋە ئۆرۈكلۈك ساي قاتارلىق جايلىرى؛

5) ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي شىمالى، قابا دەرياسى

---

* «بادام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 152 - بەت.

مۇتىراپىدىكى كۆندىلەڭ تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە تارقىلىپ ئۆسكەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدا بادامنىڭ ئۈچ تۈرى (يەنى ئادەتتىكى مەدەنىي بادام تۈرى، ياۋايى بادام تۈرى، سىبىدە يوپۇرماقلىق بادام تۈرى)، بەش ئۆزگەرگەن كەنجى تۈرى بار. قارباغاتاي تېغى، بارلىق تېغى، ئالتاي تېغى، چاغانتوقاي، تولى ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى تاغ، ئېدىر، دەريا بويلىرىدا قەدىمكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قالدۇقى بولغان بادامنىڭ تا ھازىرغىچە تەبىئىي تارقىلىپ ئۆسۈۋاتقانلىقى، بادامنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا يۇرتىمىزدا ياۋايى تۈردىن مەدەنىي تۈرگە ئۆزگەرتكەنلىكىنى، جۈملىدىن، ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان بادامنىڭمۇ ئەسلى ياۋايى بادامدىن ئۆزگەرگەن بادام تۈرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا خەنزۇچە تارىخىي پۈتۈكلەردىن «تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، لى شىجېننىڭ «دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» قاتارلىق كىتابلاردا بادامنىڭ تىكىپ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ھەققىدە مۇھىم بايانلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى «بادام دوپپا»نىڭ ئۈستىگە بادام مېۋىسىنىڭ كەشتىلەنگەنلىكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە بادام مېغىزى ئاساسلىق دورىلارنىڭ خام ئەشياسى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا شىپالىق دورا ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى... قاتارلىقلار بادامنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن تىكىپ ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئامۇت، نەشپۈت، يۇرتىمىز نەشپۈت، ئامۇت تۈرلىرىنى ئۆستۈرۈشتە ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. 1984 - يىلى ئېنىقلانغان بەزى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك نەشپۈت، ئامۇت تۈرلىرىدىن قوتۇر

ئامۇت، كۆك ئامۇت، نەشپۈت، جۇجۇلە، غەربىي ياۋروپا ئامۇتى قاتارلىق تۈرلەر ۋە ئۇلارنىڭ 58 خىل سورتى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كورلا نەشپۈتى، چىپان نەشپۈتى، قورغاش قىشلىق سېرىق ئامۇتى، سۈيدۈك تاش ئامۇتى، قىزىلىق ئامۇت، قەشقەر قىشلىق ئامۇتى، قوتۇر ئامۇت، ئاقسۇ ياۋا ئامۇتى، غۇلجا دۈشەشى، خوتەن چىلگە ئامۇتى، پىچاننىڭ كەنجە جۇجۇلىسى، يېمىش جۇجۇلىسى، قەشقەر ناكى، بوگۇر پىستە ئامۇتى، چۆچەك كۆزلۈك ئامۇتى، كورلا قارا ئامۇتى، چۆچەك ياۋا ئامۇتى، غۇلجا يازلىق ئامۇتى، يەكەن كەشمىر ئامۇتى... قاتارلىقلار خېلى داڭلىق سورتلار ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمىي كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ تۈگۈنى بولغاچقا، ئۆز زامانىسىدا بىر قىسىم داڭلىق نەشپۈت، ئامۇت سورتلىرى ئىچكى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەرگىمۇ ئېلىنىپ بېرىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. V ئەسىردە يېزىلغان «غەربىي پايتەخت خاتىرىسى»دە: «قۇماۋقتا نەشپۈت بار... قورغاقچىلىققا چىدامىلىق، قۇرۇپ قالمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن «قۇمۇلۇق» تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ. 630 - يىللىرى يېزىلغان «تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نى تۈزگەن تەزكىرىدىمۇ: «ئاگنى* دۆلىتى... سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىدۇ، تۇپرىقى مۇنبەت، بۇغداي، چىلان، ئۈزۈم، نەشپۈت... كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ»، «كۇچا (چۇزى) دۆلىتىدە... بۇغداي، ئۈزۈم، ئانار، نەشپۈت، ئۆرۈك، شاپتۇل... چىقىدۇ» دېيىلگەن.

60 — 70 - يىللاردا تۇرپان ئاستانىدىكى IV — IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن نەشپۈت (ئامۇت) قاقلىرى تېپىلدى. تۇرپاننىڭ ئالاھىدە قۇرغاق ئەقلىمى شا-

* ئاگنى — ھازىرقى قاراشەھەر

رائىتى سەۋەبىدىن بۇ نەشپۈت (ئامۇت). ئەۋرىشكىلىرى چىرىمەستىن قۇرۇپ قاق بولۇپ قالغان. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاتىرە ۋە يەر ئاستىدىن تېپىلغان ماتېرىياللار يۇرتىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك ۋە مېۋە سورتلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئەينۇلا (قارا ئۆرۈك): ئەينۇلا قاقلىرى تۇرپان ئاستانىدىكى IV — IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان.

ئۆرۈك: ئۆرۈك ئۇرۇقچىلىرى نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان.

شاپتۇل: شاپتۇلنىڭ ئۇرۇقچىلىرى تەكلىماكاندىكى كرورەن شەھەر خارابىسى، قەدىمكى نىيە شەھەر خارابىسى (بۇ شەھەرلەر بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن) ۋە تۇرپان ئاستانىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان.

ياڭاق: 1957 - يىلى، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «توققۇز ساراي» (بارچۇق) قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن ۋە تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن خېلى كۆپ تېپىلغان.

چىلان: 60 — 70 - يىللاردا تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەندە چىلان كۆپلەپ تېپىلدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مېۋىلەرنىڭ ئەسلى ماكانى، تېكىپ ئۆستۈرۈلۈش جەريانىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تىيانشان تاغلىرىدىكى ھەر خىل ياۋا مېۋىزارلىقلار، بولۇپمۇ تىيانشان تېغىنىڭ ئىلى رايونىدىكى تارماقلىرىغا تارالغان خىلمۇخىل ياۋا مېۋىزارلىقلارنى مىسالغا ئالساق،

تېخىمۇ قىممەتلىك ئىلمىي يەكۈنلەرنى چىقىرىشىمىزغا ئاساس بولالايدۇ.

ئىلى رايونىدىكى ياۋا مېۋە ئورمانلىقلىرىنىڭ ھازىرچە ئېنىقلانغان كۆلىمى تەخمىنەن 150 مىڭ مودىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار ئىلى تاغلىرىدىكى 60 نەچچە جىلغىغا تارالغان. بۇلاردىن كەڭسايدىكى ياۋا مېۋىزارلىق (ئالمىلىق، ئۆرۈكلۈك)، داشكۇ ئاقسۇ جىلغىسى ۋە باشقا جىلغىلاردا قويۇق ئۆسكەن ياۋا ئالمىلىق، ياۋا ئۆرۈكلۈك، ياۋا ئەينۇلا قاتارلىقلار، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ موخور تاغ ياۋا مېۋىزارلىقى، تېكەس ۋە كۈنەس، نىلقا تاغلىرىدىكى ياۋا مېۋە ئورمانلىقلىرى ئالاھىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياۋا مېۋىزارلىقلاردا ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ياڭاق، ياۋا ئەينۇلا، ياۋا ئالۇچا، ياۋا نەشپۈت، ياۋا مالىنا، بۆلجۈرگەن، قارا قات، دولانە، زىرىق قاتارلىق ئوزۇقلۇقى مول ئېسىل مېۋىلەر ساقلانغاندىن باشقا يەنە، ياۋا كۆكتاتلاردىن: پىياز، سامساق، كۈدە قاتارلىقلار، قۇلماق، قىزىلگۈل، سۇغىگۈل، قانتېپەر، ئۈچقات قاتارلىق بىرمۇنچە قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەرلا 16 ئۇرۇقداش، 40 نەچچە تۈرگە يېتىدۇ. مۇنچىۋالا كۆپ خىل ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى تەبىئىي گېن خەزىنىسى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ يۇرتىمىزدىكى ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

قوغۇن: قوغۇن — ئەڭ داڭلىق مېۋىلەردىن بىرى. ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن. قوغۇننىڭ ئەسلى ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا — شىنجاڭ بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەدەنىي تۈرگە ئايلىنىش تارىخىنى دەلىللەشتە يۇرتىمىزدىن تېپىلغان ياۋا قوغۇن، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەزەلدىن تېرىلىپ كېلىۋاتقان ھەرخىل قوغۇنلار تەمىنىڭ تاتلىقلىقى، كۆرۈنۈشىنىڭ چىرايلىقلىقى، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ساقلىغىلى بولىدىغانلىقى بىلەن باشقا جايلاردىن چىقىدىغان قوغۇنلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. قوغۇن ئوزۇقلۇق، ئۇسسۇزلۇق بولۇپلا قالماي، بەلكى شىپالىق دورا بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. قوغۇننىڭ تەركىبىدە شېكەردىن باشقا يەنە ئاقسىل، ھەرخىل ۋىتامىنلار، تۆمۈر، فوسفور، كالتسىي قاتارلىق ھەر خىل مىنېرال ماددىلارمۇ كۆپ بولىدۇ.

1959 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن (IV — IX ئەسىرلەرگە تەئەللۇق) قۇرۇپ كەتكەن قوغۇن شاپاقلىرى، «توققۇز ساراي» خارابىسىدىن IV — X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قوغۇن ئۇرۇقلىرى تېپىلدى. بۇ ئۇرۇقلارنىڭ شەكىللىرى ھەرخىل بولۇپ، ھازىر تېرىلىۋاتقان بالدۇر پىشار قوغۇنلار، ئارا پىشار كۆكچىلەر ۋە جاغدا سورتلارنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغانلىرى بار.

«1961 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۈگۈز ۋە ماچاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن ھەرخىل تىپتىكى ياۋا قوغۇن تېپىلغان. 1981 - يىلى قۇمۇلدىنمۇ ياۋا قوغۇن تېپىلغان. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ قوغۇنلارنىڭ گۆشى كىچىك، يوپۇرمىقى ئوششاق، پىلىكى ئىنچىكە، پىلىكىنىڭ چاتاقلىشى كۈچلۈك، سويىمىسى كۆپ بولۇپ، بىر تۈپتە 100 دىن ئارتۇق سويما چۈشىدىكەن. سويمىلىرى قىرتاق، ئاچچىق بولۇپ يېگىلى بولمايدىكەن، لېكىن بۇ ياۋا قوغۇننىڭ ئالاھىدىلىكى ھازىرقى قوغۇن سورتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ياۋا قوغۇنلارنى پۇراقسىز ھەم پۇراقلىق دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بۇلارنى يەلە شاپىقىدا رەڭلىك پىچىم يوللىرى بار ۋە پىچىم يوللىرى يوق (سىدام) دەپ ئىككى تۈركە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ ياۋا قوغۇنلاردىن ھازىرقى قوغۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ».①

پىچان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ياۋا قوغۇننىڭ تېپىلغانلىقى، قوغۇننىڭ ئەسلى ماكانىنى ئېنىقلاشتا ۋە قوغۇننىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوغۇن ئەجدادىنىڭ ماكانى شىنجاڭ ئىكەنلىكىگە تارىخىي پاكىتلار گۇۋاھلىق بېرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن شىنجاڭنىڭ قۇرغاق ـ ئىسسىق ھاۋا كىلىماتى ۋە تۇپراق شارائىتى ئوخشاپ كەتكەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان قوغۇنلارنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان قوغۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ. دېمەك، قوغۇن سورتلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇش نەتىجىسىدە كىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ قوغۇن ئەجدادىنىڭ ئۆزئارا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنداقلا قوغۇننىڭ ئانا ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا ــ شىنجاڭ دائىرىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.»②

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلاردىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە

---

① نۇرنىسا قاسىم: «قوغۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 7 ـ ۋە 9 ـ بەتكە قاراڭ.

② يۇقىرىدىكى كىتاب 9 ـ بەت.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمەتلىرىدە يەم ـ خەشەك زىرائەت-
لىرىنى ئۆستۈرۈش ـ تېرىش، ئىستېمال قىلىشقا ئائىت بىر-
مۇنچە خەت ـ چەكلەر، مەسلەن، تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان
II ـ IV ئەسىرلەرگە ئائىت بىر پارچە خەنزۇچە ھۆججەتتە
ئوقۇۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ «بېدە ئورۇش» مەجبۇرىيىتىنى ئۆ-
تەيدىغانلىقى يېزىلغان. بېدە ئاقسىل ماددىسىغا باي ياخشى
يەم ـ خەشەك بولۇپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ
يىللار ئىلگىرىلا ياۋا تۇردىن ئۆزگەرتىپ يېڭى سورتلارنى
يېتىشتۈرگەن. خەن سۇلالىسى زامانىسىدىن تارتىپلا ئوتتۇرا
ئاسىيا يايلاقلىرى جۇملىدىن ئالتاي، ئىلى، يۇلتۇز، باركۆل
يايلاقلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن ھەرخىل نەسىللىك ئاتلار، قېچىر-
لار، مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىلغان. ئۆز زاما-
نىسىدا ئات، قېچىرلارنىڭ ئىچكىرىدىگە كىردىشى بىلەن بىللە،
بېدىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يېتىپ بارغان.

1959 ـ يىلى، نىيە قەدىمكى خارابىسىدىن قۇرۇپ
كەتكەن ئاش چامغۇرمۇ تېپىلدى. ئاش چامغۇرى تەملىك، شىپا-
لىق كۆكتات بولۇپ، ھازىرغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئومۇمىيۈز-
لۈك تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

# قىيا تاش رەسىملىرى

## كۆجاي* قىياتاش رەسىملىرى

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا كۆجەي يېزىسى جايلاشقان. مۇشۇ يېزىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتا تىيانشان تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە تەۋە بىر جىلغا بار. بۇ جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئېگىز - پەس تاغ تاشلارنى يەرلىك ئۇيغۇرلار «پەنجىر تاغ» دەپمۇ ئاتايدۇ.

كۆجاي يېزىسىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا «توغراق بۇلاق» دېگەن جاي بولۇپ، ئەنە شۇ پەنجىر تاغ» ۋە«توغراق بۇلاق»تىكى تاغ تاشلاردا بىرمۇنچە قىياتاش رەسىملىرى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «رەسىملەر» دېيىلىدۇ) بار.

بۇ جايلار 1985 - يىلدىن 1988 - يىلى 10 - ئايغىچە ئىلگىرى - ئاخىر ئۈچ - تۆت قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، قەدىمدە بۇ ماكاندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن قىياتاش ئۇيىما رەسىمچىلىك سەنئەت ئەسەرلىرى، قەدىمكى ئىز، قەدىمكى

* كۆجاي «كۆچ جاي» — پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، كۆچكەن مالچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان جاي بولۇپ، «كۆجاي» كۆچ، كۆچۈرۈپ ماڭغان مالچىلار قونىدىغان ماكان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بەزىلەر: «كۆجاي. كۇھ (تاغ) جاي، يەنى تاغلىق جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.» دەپمۇ قارايدۇ.

قەبرە قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئېنىقلاندى.

«پەنجىرتاغ» باغىسى بىلەن «توغراق بۇلاق» تىن تېپىلغان رەسىملەر تيانشان قىياتاش رەسىملىرى تۈركۈمى ئىچىدە دائىرىسى كەڭ، سانى كۆپ، مەزمۇنغا باي، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سەنئەت ئەسەرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ رەسىملەرنىڭ تېپىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى تاغ تىزمىلىرىدىن تېپىلغان سانسىزلىغان قىياتاش رەسىملىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش، جۈملىدىن تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئارخېئولوگىيىسى بىلەن تېخىمۇ ئەتراپلىق تونۇشۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پەنجىرتاغ قىيا تاش رەسىملىرى

پەنجىرتاغ جىلغىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 1 كىلومېتر ئەتراپىدا بولۇپ، جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، قاتمۇقات، ئېگىز - پەس تاشلىق تاغلار بار. تاغلار ئارىسىدىكى بەزى قىيالىق تاشلار خۇددى ھەرىنىڭ ئۇۋىسىدەك ئۆتمەتۆشۈك بولۇپ كەتكەچكە، يەرلىك ئۇيغۇرلار شۇنىڭغا قاراپ «پەنجىر تاغ» دەپ ئاتىغان (8 - فوتو سۈرەتكە قاراڭ).

تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ جىلغا ئۆزىنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى بىلەن قەدىمدىن تارتىپلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق مەيدانى ۋە مال - چارۋىلارنى قىشلىتىدىغان تازا مۇۋاپىق قىشلىقى بولۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ جىلغىدىكى ئېقىن، بۇلاقلار ئەتراپىدا، تاغ يامزاللىرى ۋە تەكشىلىكلەردە يۇلغۇن، قومۇش، تال، يانتاق، سۆكسۆك، چاكاندا، ئازغان، قوڭغۇراق، تىكەن قاتارلىق



8 ـ رەسىم

ئۆسۈملۈكلەر باراقسان بولۇپ ئۆسىدۇ. يۇلغۇن، يانتاق، قوغۇشتىن ھاسىل بولغان چاتقاللىقلاردا ياۋا توشقانلار، تاغ تاشلاردا تۈلكە، جەرەن، كەكلىك، ياۋا كەپتەر قاتارلىق بىرمۇنچە ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار بار.

قىيا تاش رەسىملىرى شەرقىي قىرغاقتا كۆپ ۋە زىچ، ھازىرغىچە ئېنىقلانغانلىرى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سانىغاندا تۆت نۇقتا (ئورۇن)دا 25 گۇرۇپپا؛ غەربىي قىرغاقتا ئازراق بولۇپ، ئېنىقلانغان ئىككى نۇقتا (ئورۇن)دا ئالتە گۇرۇپپا رەسىم بار. پېشقەدەم ئۇيغۇر خاتىرىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى بۇ جىلغىدىكى تاغ تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر خېلى ئۇخېلى كۆلىمى چوڭ، كۆركەم ۋە خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغانىكەن. رۇدا قېزىش. كان ئېچىش. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇ ئامبارلىرىغا تاش ماتېرىيالى ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا بىرمۇنچە تاغۇ تاشلارنى قالايمىقان كولاش، پارتلىتىش نەتىجىسىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك رەسىملەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىكەن. شۇڭا بىرمۇ بىرنەچچە قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانىدا، بىرقانچە نۇقتىدا ھەرخىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەت

لەر سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ پارچىلانغان، بۇزۇلغان، چاك -
چېكىدىن يېرىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنى ئۇچراتتۇق.

رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىرخىل قىزغۇچ
قوڭۇرساڭغۇ تاشلارنىڭ تەكشى يۈزىگە چېكىپ ئويۇلغان بولۇپ،
ئۇلار ئادەتتە تاغ بەلدەمچىلىرىدىكى كۆڭگەيگە قاقلانغان
تەبىئىي «تاش تام»لاردا، بەزىلىرى يوغان قورام تاشلاردا
ۋە، بەزىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان، تۇتاش دۆمبەلچە تاش
بېتىدە ئۇچرايدۇ. شەرقىي قىرغاقتىكى رەسىملەر جەنۇبتىن
شىمالغا قاراپ 2 كىلومېتىر دائىرىگە، غەربىي قىرغاقتىكىلىرى
1 كىلومېتىر ئارىلىقتا سوزۇلغان دائىرە ئىچىگە جايلاشقان.
رەسىملەرنىڭ جايلاشقان ئورنى، كۆلىمى، سانى، تېمىسى،
مەزمۇنى قاتارلىقلار خىلمۇخىل بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ
ئويۇلۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزى يوغان
«تاش تام»لاردىكى بىر كۆرۈنۈشتە تۈرلۈك قىياپەتتىكى،
نەچچە ئونلىغان ھەرخىل ھايۋانات رەسىملىرى بار بولسا،
بەزى يوغان قورام تاشلاردا پەقەت بىرنەچچىلا ھايۋاننىڭ
رەسىمى ئۇچرايدۇ. ئادەتتە دەسلەپكى دەۋرلەرگە خاس رەسىم -
كۆرۈنۈشلەردە بەزى ياۋايى ھايۋانلار ئوبرازى ناھايىتى توپال،
ئاددىي، تۇرغۇن ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولسا، بىر قەدەر
كېيىنكى دەۋرلەرگە خاسلىرى باشقىچە ئۇسلۇبتا، مەسىلەن،
ھايۋانلار بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇۋاتقان، جىددىي ھۈركۈپ
قېچىۋاتقان، بويۇن، بەللىرىنى تولغاپ ھەريان قاراۋاتقان،
سەكرەۋاتقان، مەلۇم نەرسىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىۋاتقان
قىياپەتلىرى خۇددى تىرىكتەكلا، جانلىق، كۆركەم، ئوبرازلىق
قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىرپارچە يوغان تاش بېتىگە ئويۇلغان
بەزى كۆپ قاتلاملىق رەسىملەردە خىلمۇخىل ياۋايى ھايۋانلار،
ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، توتېم ۋە باشقا ئابستراكتلاش -
تۇرۇلغان ئوبرازلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دىققەت بىلەن كۆزەت -

مىسە قايسى خىللىرىنىڭ بۇرۇن، قايسى خىللىرىنىڭ كېيىنرەك ئويۇلغانلىقىنى ئايرىش تەسكە چۈشىدۇ. ھەتتا بەزى ھايۋان رەسىملىرى ئوڭدىن قارىسا بىر خىل، سولدىن قارىسا يەنە بىر خىل، تەتۈر قارىسا يەنىمۇ باشقىچە كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بەزى بىر خىل رەسىملەر كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ، ئىرماش - چىرماش ئالاھىدىلىككە ئىگە.

«پەنجىر تاغ» رەسىملىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار رەسىملىرى.

بۇ خىل رەسىملەر — گۆشخور ھايۋانلاردىن، بۆرە، يولۋاس، يىلپىز، تۈلكە، ئىت قاتارلىقلارنى، چۆپخور ھايۋانلاردىن، بۇغا - مارال، غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى، بۆكەن، غاز بويۇن بۆكەن، كۆكمەت (تورۇق تېكە)، جەرەن؛ ئۆي ھايۋانلىرىدىن: ئات، تۆگە، قېچىر، كالا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (9 - رەسىمگە قاراڭ).

2) ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە توتېمغا دائىر رەسىملەر.

3) ھەرخىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى.

بۇ خىلدىكىلەردە ئوقيا ئېتىۋاتقان، ئوقيا بىلەن ئاتلىق ۋە پىيادە ئوۋ قىلىۋاتقان، ئات مىنگەن، تۆگە مىنگەن، قېچىر مىنگەن ئادەم رەسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

4) مال - چارۋا پادىلىرى ۋە مالچىلار رەسىملىرى.

5) ھەرخىل تامغا، بەلگە - نىشان، يېزىققا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىللەر رەسىملىرى.

ئەمدى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھەرقايسى تۈرلەر ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم رەسىملەرنى ئۆز رېتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرىمەن: غەربىي قىرغاقتىكى يولنىڭ بويىدا چوقچىيىپ تۇرغان تىك دۆمبەلچە قىيالىق تاش بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 6 — 7 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەرگە



9 - رەسىم

غەربىي قىرغاق 1 - نۇقتا 1 - گۇرۇپپا A — B رەسىملەر تۈركۈمى دەپ نومۇر بېرىلدى. بۇ قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چېقىپ، دىققەت بىلەن قارىسا، ئۇنىڭ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قىيپاش تەكشى يۈزىگە ئويۇلغان بىرمۇنچە بۇلاق، ئېقىن، كۆلچەك، تارماق - تاراملار، ئوقيالىق ئادەم، ئەجدادلىرىمىز توتېم قىلغان هايۋانلاردىن غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىقلار ۋە ھەرخىل تامغا، بەلگە - نىشان، ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئىرماش - چىرماش نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قارىماققا ناھايىتى ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن «تاش خەرىتە»گىلا ئوخشايدۇ (شۇڭا تۆۋەندە ئۇنى قىسقارتىپ «تاش خەرىتە» دەپ ئاتايمىز).

قىيا تاش يۈزىدە بۇ خىل تاش خەرىتىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئوتتۇرىدە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان «A» بۆلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن (10 – رەسىمگە قاراڭ).




10 – رەسىم

تاش خەرىتىنىڭ «A» بۆلىكىنىڭ ئايىغى 7 × 6.60 مېتىر كېلىدىغان قىزغۇچ قومساڭغۇ تاشتا (2 – فوتو سۈرەتتىكى) بۇ قىممەتلىك «تاش خەرىتە» نەچچە مىڭ يىللىق جۇدۇن – چاپقۇنلارنىڭ سوققۇشى، كۈچلۈك كۈن نۇرىنىڭ چېقىشى بىلەن چاك كېتىپ، يېرىلىپ، خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان 40—50 كە يېقىن بۇلاق بېشى، ئېقىن سۇ، كۆلچەك ۋە بىر مۇنچە ھەر خىل قىياپەتتىكى ھايۋانات رەسىملىرىنى بىر مۇنبىر سىناپ چىققىلى بولىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، تاشقا ئويۇلغان چوڭ – كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، قوشۇلغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى كۆلچەكلەرگە قۇيۇلۇپ، ئاخىرىدا بەزى چوڭراق ئېقىنلار-

نى ھاسىل قىلغانلىقىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلار تاش-
نىڭ شىمالىي بۇرجىكى (ئېگىزرەك) دىن، جەنۇبىي (پەسرەك)
تەرىپىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ ئويۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن
ئېقىن 3.50 مېتىر، ئويۇلغان سىزىقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 9 — 13
مىللىمېتىر، توملۇقى 15 — 30 مىللىمېتىر كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ كەمگىچە
تېپىلغان ھەر خىل قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ سۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان ئىپتىدائىي «ئاناسىر»
كۆز قاراشلىرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل خىسلەتلىك
«تاش خەرىتە» نىڭ تېپىلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەم—تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوتتىن
ئىبارەت «تۆت ئاناسىر» دىن تەركىب تاپقان دېگەن كۆز
قارىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات شارائىتلىرى، جۇغراپىيە-
لىك مۇھىت - ئىقلىمى ۋە بىلىش فورماتسىيىسى ئاساسىدا
شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تەخمىنەن ئۇرۇقداشلىق
جامائەسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدە ئالەم تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى
ئەڭ ئىپتىدائىي قاراشلىرىنى بىلدۈرەتتى. دېمەك، يۇقىرىدا
بايان قىلىنغان تاش خەرىتىدىكى سۇ — ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى
مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان قەدىمكى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۇنى مۇقەددەس — «ئىدۇق» (بەخت) ئاتا قىلى-
غۇچى شەيئىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىغانلىقىنى تېخىمۇ
ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تاش خەرىتىدىكى
بەزىبىر سۇ—ئېقىنلار ئارىسىدىكى مەلۇم ئارىلىقتا ھەر خىل
قىياپەتتىكى غۇلجا — ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ
رەسىملىرىنى ئالاھىدە قىلىپ، مەسىلەن، ئارقارنىڭ تېنى قامەت-
لىك، مۈڭگۈزلىرى ئەگمەچ ئويۇلغاندىن تاشقىرى يەنە شۇ
ئەگمەچ مۈڭگۈزىنىڭ ئىچى - تېشىغا تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ



11 - رەسىم

كىچىك ئارقارنىڭ رەسىمىمۇ بىللە ئويۇلغان (11 - رەسىمگە قاراڭ). بۇ خىل ئويۇش ئۇسۇلى ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەتتە توتېمغا ئائىت رەسىملەر قىيا تاشلارنىڭ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەرلىرىگە ئويۇلىدۇ. ئاشۇ خىل توتېمغا ئائىت رەسىملەرنىڭ بىر - بىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان نۇسخىلىرى چۇغاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، ئالتۇن تاغلىرى ۋە تىيانشان تاغلىرىنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال بىزگە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىگە «كالا»، «بۆركۈت»، «ئەجدىھا»، «ئېيىق» قاتارلىق ھايۋانلارنى توتېم

قىلغان بولسا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىگە «غۇلجا — ئارقار»، «تاغ تېكىسى»، «بۆرە»، «يولۋاس»، «شىر»، «قاپلان»، «بۇغرا»، «قارچىغا» قاتارلىقلارنى توتېم قىلغانلىقىنى ۋە ئاشۇ خىل توتېم، ئېتىقادلىرى ئارقىلىق ئۇرۇقداشلىق ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

توتېم قىلىنغان ھايۋانات، ئۇچار - قاناتلارنىڭ ھەر خىل ئوبرازلىرىنى قىيا تاشلارنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئويۇلغان بۇ ئەنئەنە كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ كېڭىيىپ، ساپالدىن، ياغاچتىن، ھەرخىل مېتالدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن تارتىپ تاكى يۇڭ، پاختا، كەندىردىن توقۇلغان خىلمۇ خىل توقۇلمىلارغا گۈل نۇسخا ئورنىدا چۈشۈرۈلىدىغان بولغانىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل يادىكارلىقلاردا ھايۋانات، ئۇچار - قانات تېما قىلىنغان گۈل نۇسخىلارنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، توتېم ۋە ھەر خىل تەڭرى ئېتىقادلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشقان؛ بۇ ئېتىقاد - يوسۇنلار ئەجدادلىرىمىزدىن ھەرقايسى تۈركىي قوۋم - مىللەتلەرگە قالغان.

تۆۋەندە ھايۋانات رەسىملىرى توغرىسىدا توختىلىمەن. پەنجىر تاغ رەسىملىرىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى چۆپخور ۋە گۆشخور ھايۋانات رەسىملىرى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چۆپخور ھايۋانات رەسىملىرىنىڭ تۈرى، سانى كۆپ بولۇپ، مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل رەسىملەردە ئومۇمەن مەيلى تەنھا ھايۋان ياكى ھايۋانلار توپىدا بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەممىسىدە ھايۋانات دۇنياسىنى بىلەن تەبىئەت

دۇنياسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۆپخور
ھايۋانات ئىچىدە ئاچا تۇياقلىق ھايۋانلار بىلەن كاۋاك
مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلار رەسىمى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. تېخىمۇ
قىزىقارلىقى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە زادىلا
ئۇچرىمايدىغان يولۋاس. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن يىلپىز، غاز
بويۇن بۆكەن قاتارلىقلارنىڭ كۆركەم ئويۇلغان رەسىملىرى
ئۆز زامانىسىدا تىيانشان تاغ تىزمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
مۇشۇ كەڭ زېمىندىمۇ يولۋاس، غاز بويۇن بۆكەن قاتارلىق
ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بەزى
ماتېرىياللاردا، XIX ئەسىرگىچە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى
ئېقىنىدا يولۋاس، قارا قۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرىدا يىلپىز بار
بولۇپ، XX ئەسىرگە كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنىڭ نەس-
لىنى قۇرۇتۇۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.*

قەدىمكى قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ئىنسانىيەت
ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمەلىي تۇرمۇشى جەريانىدا ئىجاد
قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئىستېتىك
تۇيغۇسى ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. ئىپتىدائىي
جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى تاش ئويما رەسىمچىلىك
سەنئىتىدىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن، شۇڭا
دەسلەپكى دەۋرلەرگە خاس، ئاددىي، قوپال، قالايمىقان،
قىياسەن ئىشلەنگەن رەسىملەرنىڭ ئورنىنى (بۇ خىل رەسىم-
لەردە ھايۋانات ئوبرازى كۆپرەك يان كۆرۈنۈشتىن بېرىلگەن

* «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»
17 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى،
ئۇيغۇرچە.

بولـۇپ، تـاق مۇڭگـۈزلـۈك، ئالـدى ـ ئارقا ئىككى پۇتلۇق، تۇرغۇن ھالەتـتە ئىپادىلەنـگەن)، كېيىنكـى دەۋرلەردە ساددا، ئوبرازلىق، مۇرەككەپ، كۆركەم، خىلـمۇ خىـل تىپما، مەزمۇن، ۋەقەلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەسىملـەر ئىگىلىگەن. قەدىمـكـى سەنئەتكـارلار ھايـۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنـى پەقەت قىياپەت، مەزمۇن ۋە قۇرۇلـما جەھەتتـىن ئاددىي ئىپادىلـەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمـاي، بەلكـى مەقسەتلىـك ھالدا مەلۇم ھايۋاننىـڭ مەلۇم جىسمانىـي خۇسۇسىيەتلىرىنـى مۇبالىغىلەشـتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلىغان. شۇڭا بەزى ھايـۋان رەسىملىرى قارىماققا ئاددىي ۋە تۇرغۇن ھالەتتە كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە كۆزەتسە، ئاشۇ تۇرغـۇنلۇقنىـڭ ئىچىـدە قانداقـتۇر بىر خىل جانلىقلىق بىلىنىدۇ. سەنئەتكـارلار ھايۋانلارنـىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتـلىـرى، ئالايلـۇق، جىنسى، خـۇي ـ پەيلـى، سەكـرەۋاتـقان، قېچىۋاتقان، بىر نەرسـىدىن ئۈركـۈگەن ۋە باشقـا ھالەتتىكى سەزگۈر، شاش، چاققان، زىلۋا ـ نازۇك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەن، شەكىل ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جانلىـق ئىپادىلىگـەن. بۇغا رەسىملـىرىدە ئۇلارنىڭ باراقسان شاخچىلىغان مۈڭگۈزلـىرى ۋە زىلـۋا ـ نازۇك بەل ـ پۇتلىرى بۆكەن، غۇلجا ـ ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلـىق ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈك ۋە قامـەتلىـك تۇرقـى، توم ۋە ئەگمەچ مۈڭگۈزلىرى، مۈڭگۈزلىرىنىڭ ياش (يىل) بەلدەنلـىرى، تۆگىلەرنـىڭ ئەگرى بويۇنـى بىلـەن لوكىلـىرى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلـەندۈرۈلگەن. بەزى كۆرۈنـۈشلـەردە گۆشخور (يىرتقۇچ) ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى ئالاھـىدە، ئوبرازلىق تەسۋىرلەنـگەندىـن تاشقىـرى، ئۇلارنـىڭ ئوۋ نىشانىمۇ بىللە ئورۇنلاشتۇرۇلـغان. مەسـىلەن، بۆرە، يولۋاس، يىلپىزلار بىلەن

ئۇلارنىڭ ئوۋ نىشانى تاغ تېكىسى، غۇلجا ــ ئارقار قاتارلىق- لار بىر كۆرۈنۈشكە بىللە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى تەتقىقاتىدا، رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن ھايۋانلارنى تۈر ـ خىللارغا توغرا ۋە ئېنىق ئايرىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇق، تۈر ـ خىللىرى بويىچە توغرا ئايرىپ چىقىلمىسا ھايۋانات ئوبيېكت قىلىنغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى- مۇ ئىلمىي ئاساستا توغرا شەرھلەنمەي قالىدۇ. چۈنكى، قىياتاش رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھايۋانات ئوبرازى پەقەت سەنئەتتىكىلا مەۋجۇتلۇقى، ھەرگىزمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى تىرىك ھايۋاننىڭ ئۆزى ئەمەس، شۇڭا بەزى ھايۋانات رەسىملىرىنى ھايۋانات تۈرلىرى ئالاھىدىلىكى بويىچە نوقۇل ھالدا مەلۇم تۈرگە ئايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنداق بولىدىكەن، بۇ خىل سەۋەنلىك بەزى چاغلاردا مەلۇم بىر رايون ياكى مەلۇم بىر تاغ تىزمىسىنىڭ قەدىمكى زامان بىئولوگىيىسى، جۇغراپىيىسى ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردىن توغرا يەكۈن چىقىرىشتا مەلۇم قالايمىقانچىلىق، ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

تۆۋەندە ھايۋانات تېما قىلىنغان، پەنجىر تاغ رەسىم- لىرى ئىچىدىكى كۆركەم، ئوبرازلىق، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە نۇسخىلىرىدىن بىرقانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.


پەنجىر تاغ جىلغىسىنىڭ شەرقىي قىرغاق جەنۇبىي ئۇچىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان، يىراقتىن قارىسا، خۇددى تاش دۆۋىس- گە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئايرىم بىر كىچىك تاغ بار. ئاشۇ دۆمبەلچە تاغ ئۈستىدىن تاغ باغرىغا غۇلاپ چۈشكەن بىر پارچە چوڭ قورام تاش (0.90 × 2.95 × 2.70 مېتر) يۈزىدە يولۋاس، غۇلجا ــ ئارقار، تاغ تېكىسى، بۆكەن، ئىت قاتارلىق- لارنىڭ ناھايىتى ئوخشىتىپ ئويۇلغان رەسىملىرى بار.

(رەسىملىك تاشنىڭ دالا نومۇرى شەرقىي قىرغاق 1 - لەۋھە
2 - گۇرۇپپا) بولۇپ، قورام تاشنىڭ رەسىم ئويۇلغان يۈزى نەچچە مىڭ يىللىق تەبىئىي بۇزغۇنچىلىق سەۋەبىدىن چاك كېتىپ يېرىلغان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ كۆرۈنۈشتىكى ئالاھىدىلىك يولۋاس ئوبرازى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىيانشان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ناھايىتى ئوخشىتىپ ئويۇلغان يولۋاس رەسىملىرىنىڭ تىپىكلىشىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. رەسىمدە يولۋاس ئوبرازلىرى يان كۆرۈنۈشتىن بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئالدى - كەينى پۇتلىرى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بىرلىكتە يەر بېغىرلىغان، قۇلاقلىرىنى ھۈرپەيتىپ، ئالدىغا قاراپ، مەلۇم نەرسىنى جىددىي كۆزىتىۋاتقان قىياپەتتە ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن (12 - رەسىمگە قاراڭ).
رەسىمدە يولۋاس سىماسى ئالدى بىلەن تاشقا چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ چېكىتلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىش ئۇسۇلى بىلەن چېكىپ، ئۇنى يەنە پاراللېل سىزىق ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئويۇپ چىققان. يولۋاس بەدىنى (باش، بېقىن، ئالدى - كەينى پۇت ساغرىلىرى) دىكى قارا مويلۇق ئالا - بۇلىماچ يوللىرى ھەر خىل ئەگرى - بۈگرى پاراللېل يۆگىمەچ سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. قارىغاندا مۇشۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى يالغۇز قىيا تاش ئويما رەسسامچىلىق سەنئىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىدىكى ھەر خىل توقۇلما رەڭدار ساپال قاتارلىقلاردىمۇ بىر خىل قېلىپلاشقان گۈل - نەقىش ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ئۈرۈمچى، تۇرپان، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئالغۇي (ئارغۇل) قاتارلىق جايلاردىكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV - V ئەسىرگە تەۋە قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل رەڭدار ساپاللارغا ئاشۇ خىل گۈل نەقىشلەر



12 - رەسىم

چۈشۈرۈلگەن (13 - رەسىمگە قاراڭ). يەنە مۇشۇ خىل «يول
ۋاس نۇسخا»لىق گۈل نەقىش 1985 - يىلى چەرچەن
ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق كەنتىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر (بۇنىڭ
دىن 2800 — 3000 يىل بۇرۇنقى) دىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ
توقۇلما رەختكىمۇ چۈشۈرۈلگەن. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، يولۋاس،
شىر، يىلپىز قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن،
ئالتۇندىن ئىشلەنگەن چىرايلىق بېزەك - قاداقلار مىلادىدىن
بۇرۇنقى IV—V ئەسىرگە تەۋە ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونى
ئەتراپىدىكى، تۇرپان ئايدىڭكۆل، توقسۇن ئالغوي؛ قازاق—




13 - رەسىم

1 -، 2 -، 3 -، 4 - خېجىڭ ناھىيە چاپچال جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغانلىرى. 5 -، 6 -، 9 -، 10 - توقسۇن ناھىيە ئارغۇغول (ئالغۇي) قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغانلىرى؛ 7 -، 8 - پىچاندىكى «دۆڭبازار» قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغانلىرى؛ 11 - پىچاندىكى «سۇ بېشى» قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغانلىرى.

تاندىكى ئېسىك (ئىشىك) قەدىمكى قەبرىلىرى ۋە ئۇردۇس يايلاقلىرىدىكى قەدىمكى ھونلار قەبرىلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلماقتا. بۇ تېپىلمىلار — مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى، دائىرىسى ۋە بۇ قىممەتلىك سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى ياراتقانلارنىڭ ياشىغان، ھەرىكەت قىلغان يەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاشتا تولىمۇ مۇھىم ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي قىرغاق 3 - نۇقتا 9 - كۆرۈنۈشتە، «يىلپىز-

لىك ئارقارنى ئوۋلىشى» تېما قىلىنغان ۋەقەلىك ئويۇلغان.
ئۇنىڭدا يىلپىز ئوبرازى يان كۆرۈنۈشتە بېرىلگەندىن تاشقى-
رى، يىلپىزنىڭ مۇشۇكلەرگە خاس ئەۋرىشىملىك بىلەن ئې-
گىلگەن تېنى، ھۇرپەيگەن قۇلاقلىرى، يوغان ئېچىلغان ئاغ-
زى، ھالقا شەكلىدە قايرىلىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىغان قۇيرۇقى
ۋە ئۇنىڭ چاققانلىقى بىلەن ۋەھشىيلىكى چىقىپ تۇرغان
قىياپىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن
(14 - رەسىمگە قاراڭ). بۇ خىل يىلپىزلار ئەڭ ئەتىۋارلىق
ياۋايى ھايۋانلار قاتارىدا تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسى-
دىكى قارلىق چوققا ۋە جىلغىلاردا ئىنتايىن ئاز ساندا ئۇچ-
رايدۇ. ھازىر ئۇ «تىيانشان قارا يىلپىزى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



14 - رەسىم


شەرقىي قىرغاق 3 - نۇقتا 7 - كۆرۈنۈشنىڭ شىمالى
بۇرجىكىدىكى بىر گۇرۇپپا رەسىمدە «بۆرىنىڭ تېكە ئوۋلىشى»
تېما قىلىنغان ۋەقە تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا ئېچىرقاپ كەت-
كەن بىر ۋەھشىي بۆرىنىڭ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، پۈتۈن
كۈچى بىلەن بىر جۈپ تاغ تېكىسىنى قوغلاپ كېتىپ بارغان-
لىقى، شۇنداقلا يېتىلگەن، قامەتلىك تېكىلەرنىڭ بۆرىگە
يېتىنك بەرمەي قېچىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق قى-

لىپ ئويۇلغان (15 - رەسىمگە قاراڭ).



15 - رەسىم

يۇقىرىقىلاردىن باشقا شەرقىي قىرغاقتىكى 3 - نۇقتا 1 - كۆرۈنۈش تېخىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. 3.30 × 3 مېتىر كېلىدىغان يوغان بىر پارچە تاش يۈزىگە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، بىر نەچچە تۈركۈم (قاتلام)، ئونلىغان ھايۋانات، ئاتلىق ۋە پىيادە ئوۋچىلار رەسىملىرى ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تاشتا ئانچە پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان رەسىملەرمۇ بار. شۇنداقتىمۇ ھازىر يەنە 50 نەچچە ئوبرازنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. كۆرۈنۈشنىڭ 2 - قاتلىمىغا بىر رەت قاتار قىلىپ ئويۇلغان، ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان غاز بويۇن بۆكەنلەرنىڭ ئوبرازى تولىمۇ جانلىق ۋە كۆركەم بولۇپ، ئۇنىڭدا سەنئەتكارنىڭ يۇقىرى ماھارىتى نامايان قىلىنغان (16 - رەسىمگە قاراڭ).



16 - رەسىم

بۆكەن رەسىملىرىدە ئاددىي، يالاڭ پاراللېل سىزىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆركەم، يېتىلگەن، ھەيۋەت مۈڭگۈزىدىكى ياش (يىل) بەلدەملىرى، ئۇزۇن زىلۋا پۇتلىرى، چىرايلىق چاققان قامىتى يا شەكلى «⌒» دە ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئاددىي ۋە ئالاھىدە ئۇسلۇب «پەنجىر تاغ» رەسىملىرى ئىچىدە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن، غاز بويۇن بۆكەن ئوبرازىنىڭ «تىيانشان» قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئۇچرىشىمۇ تېخى تۇنجى قېتىم، شۇڭا ئۇ تىيانشان بېئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىدا گۆشخور ۋە چۆپخور ھايۋان رەسىملىرى ئىچىدىكى ھەر خىل مەزمۇنغا ئىگە رەسىملەردىن ئاز بىر قىسمىنى ئىخچاملاپ تونۇشتۇردۇم. تۆۋەندە ھەر خىل قىياپەتتىكى

ئادەملەر (پىيادە ۋە ئاتلىق ئادەملەر، ئوقيالىق ئوۋچىلار، مال پادىلىرى ۋە مالچىلار) نىڭ خىلمۇ خىل ئوبرازى، ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەردىن بىر قانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

بۇ خىل رەسىملەر «پەنجىر تاغ» رەسىملىرى ئىچىدە خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. بۇ رەسىملەر بىزگە تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى، ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تېخى يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان ئاشۇ زامانلاردا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان جايلاردىكى تاغ تاشلارغا ھەر خىل رەسىملەرنى ئويۇشتىن ئىبارەت ئەپچىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك «تارىخ» نى يېزىپ چىقالىغانلىقى ھەقىقەتەن كارامەت ئىجادىيەت ئىدى.

تاياق ـ توقماق، سالغا تاش، قىلتاق، ـ توزاق لەخمە (ئورا) قاتارلىق ئامال ـ چارىلەردىن پايدىلىنىپ ئوۋ ئوۋلاش سىپتە تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقانىدى، بۇ دەۋرلەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوراللىرى ئاددىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەربە بېرىش ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشىشمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە لازىملىق ئوزۇقلۇقلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەر خىل خەۋپ خەتەر، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇراتتى.


سىپتا تاش قوراللاردىن تاش باشاق (قاتتىق جىنىسلىق تاشلاردىن ياسالغان تاش ئوق)، ئېگىلمىشچان ۋە چىدامىلىق ياغاچ ماتېرىياللىرى (كېيىنچە مۈڭگۈز ۋە تارىمۇشلارمۇ ئىشلىتىلدى ـــ ئا) دىن يا، ھايۋانلارنىڭ تېرە ـ پەيلى-

ردىن كىرىپ ئىختىرا قىلىنىپ، ئىنسانلار دەسلەپكى ئوقيانى ياساپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يېڭىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا نۇرغۇن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. ئوۋچىلىق قورال ـ سايمانلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى ئەۋزەل جايلاردا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرى تەدرىجىي كېڭىيىپ، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

رەسىملەر ئىچىدە ئوقيا بىلەن تەنھا ياكى ئىككى كىشىلىك ئوۋ ئوۋلاش كۆرۈنۈشلىرى خېلى كۆپ. ئۇ خىلدىكىلەرنىڭ دەۋرى نىسبەتەن قەدىمىيرەك بولۇپ، بەزى كۆرۈنۈشلەردە تەنھا ئوۋچىنىڭ ئوقياسىنى مەلۇم نەرسىگە چەنلەپ تۇرغانلىقى، بەزىلىرىدە بىر نەچچە ياكى بولمىسا بىر توپ ھايۋاننى نىشانغا ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بەزى رەسىملەردە قۇيرۇقى بار (ئېھتىمال ئوۋ نىشانىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قىلىنغان نىقاب بولۇشى مۇمكىن) بىر ئوۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن مەلۇم نەرسىنى نىشانغا ئالغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

ئومۇمەن، ئاشۇ خىلدىكى ئوۋچىلىق رەسىملىرىدە ئوۋچىلارنىڭ ئالايلۇق، بەدىنىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئوقيانى نىشانغا توغرىلاپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوق ئۈزۈشكە تەييار تۇرغانلىقىدەك قىياپەتلىرى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئوخشاشلىق يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى بولۇپمۇ چۇغاي تاغلىرى، چۆلتاغ ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان ئوۋچىلىق رەسىملىرىدىمۇ ئورتاقلىقا ئىگە.

پەنجىر تاغ جىلغىسى شەرقىي قىرغاق 1 ـ نۇقتىدىكى بىر پارچە ئوۋچىلىق رەسىمدە ئوۋ مەيدانى تېخىمۇ قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن (17 ـ رەسىمگە قاراڭ). رەسىمنىڭ ئوڭ يېنىدا بىر ئوۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن بىر جۈپ تېكىنى ئاتقانلى-



17 – رەسىم

قى، ئاتقان ئوقنىڭ سول ياندىكى تېكىنىڭ ئوڭ پۇتىغا تەگ-
كەنلىكى، رەسىمنىڭ سەل يۇقىرى قىسمىدا بېشىغا قالپاق،
پۇتىغا پاشىنىلىق ئۆتۈك كىيگەن يەنە بىر ئوۋچىنىڭ ئوقيا-
دىن ئۈزگەن ئوقى ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان بوغاز ياۋا
ئۆچكىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچكىنىڭ ئالدى پۇتىغا تەگ-
كەنلىكى، رەسىمنىڭ تۆۋەنرەكىدە ئوۋ ئىتلىرىنىڭ يەنە بىر
يوغان بوغاز ياۋا ئۆچكىنى قوغلاۋاتقانلىقى قاتارلىقلار جان-
لىق ۋە ئوبرازلىق ئويۇلغان.

رەسىمدە تەبىئەت بىلەن ئوۋ مەيدانى زىچ بىرلەشتۈ-
رۈلۈپ ئەينەن ئىپادىلەنگەن، ئادەتتە ياۋا تېكە، غۇلجا —
ئارقار قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار تاقىر تاغلاردا ياشايدۇ.
ئوۋچىلار بىلەن ئوۋ ئىتلىرى ئۇلارنى قورشاپ قوغلىسا، ئۇلار
ھامان چوققىلاردىكى قىيالىقلارغا قاراپ قاچىدۇكى، ھەرگىزمۇ
پەسكە قاچمايدۇ. ئوۋچىلار ئەپچىل ھالدا قورشاۋغا چۈشۈپ
بېرىدىغان بۇ خىل ھايۋانلارنى نىشانغا يېقىنلاپ، قىستاپ
بېرىپ، تاللاپ تۇرۇپ خالىغانچە ئېتىۋالالايدۇ.

دېمەك، بىز بۇ كۆرۈنۈش ئارقىلىق قەدىمكى زامانىدا
ياشىغان ئوۋچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغ تېكىسى، ئارقار قاپ-

تارىلىق ياۋايى هايۋانلارنىڭ خۇي - پەيلى، خۇسۇسىيەتلىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

تاغ تېكىسى، ئارقار قاتارلىق تاشلىق تاغلاردا ياشايدىغان ياۋايى هايۋانلارنى يۇقىرىدىكى ئەپچىل چارىلەر بىلەن ئوۋلاش ئۇسۇلى قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە ئوخشاش داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بۇ رەسىمدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — بېشىغا قالپاق، پۇتىغا پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن ئوۋچىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئۆز زامانىسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ هايۋان تېرىلىرىنى، يۇڭلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۇنىڭدىن قالپاق، تون، ئىشتان، ئۆتۈك قاتارلىق كىيىم - كېچەكلەرنى تەييارلاپ، ئۇلارنى ئۆز تۇرمۇشلىرىدا خېلى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆۋەندە بىز رەسىمدىكى ئوۋچىنىڭ قالپاق، پاشنىلىق ئۆتۈك قاتارلىق كىيىم - كېچەكلەر بىلەن يۇرتىمىزنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەكلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

1979 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980 - يىللىرى تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلار ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى تېمەن دەرياسى ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەر قېزىلىپ، ئۇلاردىن ناهايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلغانىدى. قەبرىدىكى بەزى مېيىتلار تەبىئىي قۇرغاق هاۋا، قۇرۇق قۇم سەۋەبىدىن چىرىپ كەتمەي، بەلكى قۇرۇپ قاق بولۇپ بىجەرىم ساقلىنىپ قالغان. مېيىتلارنىڭ بەزىلىرىگە ئېگىز، ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. قالپاقنىڭ يېنىغا بىرنەچچە تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان (بەزىلىرىگە ئىككىدىن تارتىپ

**توققۇز تالچە ھەر خىل رەڭدىكى قۇش پەيلىرى قىستۇرۇل**
غان). 1986 — 1988 - يىللىرى كۆجاي يېزىلىق ھۆكۈمىتى
قۇرۇلۇش قىلغاندا، تۇپا ئىتتىرىش ماشىنىلىرى قۇرۇلۇش
ئورنىنىڭ ئەتراپى (بۇ يەرنىڭ تەكتى ئەسلىدە خېلى چوڭ
كۆلەمدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق ئىكەن) دىن بىر مۇنچە
قەدىمكى قەبرىلەرنى ئېچىۋەتكەن. قەبرىلەردىن گۈل - نەقىش-
لەر چۈشۈرۈلگەن ھەر خىل رەڭدار ساپاللار، رەڭدار يۇڭ
توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر، ئۇنىڭدىن باشقا
تۇم قارا يۇڭ يىپتىن توقۇلغان سالۋا تۇماق* قاتارلىق قىم-
مەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان (يادىكارلىقلار-
نىڭ دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى III — IV ئەسىرلەرگە توغرا
كېلىدۇ)..

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، «پەنجىر تاغ» رەسىملىرىدە
تەسۋىرلەنگەن ئوۋچىنىڭ تۇماق، ئۆتۈكلىرى بىلەن، لوپنۇر،
چەرچەن، كۆجاي قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن
قېزىۋېلىنغان ھەر خىل يۇڭ توقۇلما، كىيىم - كېچەك ۋە
قالپاق - تۇماقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ
تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭدىن بىز تېخى تارىختا مەلۇم بولمىغان
ئەڭ قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوقيا قاتارلىق

---

* سالۋا تۇماق — ھازىر خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قوزا
تېرىسى (سانسان) نى ئەيلەپ يوغان، ھەيۋەتلىك تۇماق تىكىلى-
دۇ. ئۆز زامانىسىدا يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بۇ سالۋا تۇماقنىڭ
چۇچىلىرى قوزا تېرىسىنىڭ ئۇزۇن مويلىرىغا شۇنچە ئوخشايدۇ.

كۆجاي قەبرىلىرىدىن يىغىۋېلىنغان ھەر خىل رەڭدار سا-
پاللار، يۇڭ توقۇلما ۋە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بۇ سالۋا تۇماق
ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش،
باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

ئوۋ قوراللىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوۋچىلىقتا خېلى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشى، ئوۋ ئىشلىرىدىكى ھەر خىل ئەپچىل ئۇسۇل - چارە، تەجرىبىلەرنىڭ تېخىمۇ تاكامۇللاشىشى نەتىجىسىدە، ئوۋچىلىق ئىشلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، كېڭەيدى. ئوۋچىلارنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن ئوۋ غەنىيمەتلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، بەزىدە ھەتتا ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ كەتتى. كىشىلەر ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بولغان بىۋاسىتە ئېلىشىشلاردا ئۇلارنى ئەپلەپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ تىرىك قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاستا - ئاستا ئىگىلەپ، ئۇزۇن زامانلارغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قولغا كۆندۈرۈش ئارقىلىق مال - چارۋا (ئۆي ھايۋانلىرى) قىلىپ ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالىدى.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن زامانلارغىچە ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان تۇرمۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئوۋچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدا، تەدرىجىي چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇننى، ئوۋچىلىق ئىشلىرى قوشۇمچە ئورۇننى ئىگىلىدى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ ئاساسىي بايلىقىغا ئايلانغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئۇلار ئۈچۈن ھەم تۇرمۇش ۋاستىسى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇپ قالدى.

تىيانشان قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان «پەنجىر تاغ» رەسىملىرىدە قەدىمكى زامان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مال- چارۋىچىلىق كۆرۈنۈشلىرى خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي قىرغاق 4 - نۇقتىغا جايلاشقان، ئابيۈزى 1·25 × 670 مېتر، چوڭ تاش بېتىگە ئويۇلغان چارۋىچىلىق رەسىملىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن (18 - رەسىمگە قاراڭ).



18 ـ رەسىم

رەسىم تەخمىنەن 30 — 40 مېتر يانتۇ ئېگىزلىكتىكى تاش تۆپىلىككە جايلاشقان. چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن بۇ رەسىم ئۆزىنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ زىچلىقى، سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئات (ئاتلىق چارۋىچى)، تۆگە، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن بىر قاتاردا يەنە غۇلجا ـ ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىق قولغا ئۆگىتىلگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوخشاش يۆنىلىش (شەرق) كە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. نەچچە مىڭ يىللىق كونىگە قاقلىنىش ۋە باشقا تەبىئىي بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلىدىن تاشنىڭ يۈزى چاك ـ چېكىدىن يېرىلىپ بەزى قاتلاملىرى سويۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەيۋەت تاش يۈزىدە يەنىلا 100 دىن ئوشۇق رەسىمنى پەرق ئەتكىلى (بەزىلىرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى) بولىدۇ.

رەسىمنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدە بىر ئاتلىق، ئوتتۇرىدا يەنە بىر ئاتلىق، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا (ئالدى ـ كەينى ۋە ئىككى يېنىدا) بىرمۇنچە ھايۋانلار يايلاقتىن ـ يايلاققا ئۇزۇن سەپ تارتىپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم

بىزگە ئۆز زامانىسىدا تىيانشان يايلاق ۋە قىشلاقلىرىدا ياشىغان چارۋىچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلىتىدۇ.

تىيانشان تېغىنىڭ كۈنگەي (جەنۇب) تەرىپىگە جايلاشقان «پەنجىر تاغ» جىلغىسى قىش ۋە ئەتىيازلىق پەسلىدىكى ھاۋاسىنىڭ ئىللىقلىقى، شامىلىنىڭ ئازلىقى، ئوت - چۆپ، بۇلىرىنىڭ مول بولۇشىدەك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن قەدىمدىن تارتىپلا چارۋىچىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىشلاقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن، شۇڭا بۇ جايدىكى رەسىملەردىن قەدىمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي ئىشلارنىڭ خاتىرىسىنى بۇ جىلغىدىكى تاغۇ تاشلارغا كېلىشتۈرۈپ ئويۇش ئارقىلىق تىيانشان مەدەنىيىتىگە يەنە بىر مەزمۇن قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلىرىدىن تاشقىرى «پەنجىر تاغ» جىلغىسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ھەر قايسى نۇقتىلاردىن تېپىلغان بىرقانچە يۈرۈش رەسىملەر ئىچىدە، ئات، تۆگە. قېچىر، مىنگەن چەۋەنداز، ئوۋچى، چارۋىچىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل كۆرۈنۈشلەر قارىماققا ئاددىيلا بىر رەسىمدەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆز زامانىسىدىكى تەبىئىي ۋە تارىخىي شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭدىن بىز خېلى كۆپ مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى تاغ - جىلغىلىرىدىن تېپىلغان سانسىزلىغان قىيا تاش رەسىملىرى جۈملىدىن ھەر خىل، باي مەزمۇنغا ئىگە تىيانشان قىيا تاش رەسىملىرىدىن مەلۇمكى، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ تىيانشان باغرىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرگە ئوخشاش دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە،

ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ چۆپخور ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىش، كۆندۈرۈش، بېقىپ كۆپەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق خېلى راۋاجلانغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلەش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن.

«... بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىر قېتىملىق سەكرەپ ئىلگىرىلەش. ئىدى بۇنىڭ بىلەن ئوتلاق ئاھالىلىرى بىرىنچى قېتىم ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىش ئارقىلىق يېمەك - ئىچمەكنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل - چارىنى ئۆگىنىۋالدى، شۇنداقلا ئوۋچىلىق ئىشلىرىدا دائىم دېگۈدەك تەبىئىي چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدىغان ھالەتتىنمۇ قۇتۇلدى.... شۇڭا، ئىنسانىيەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدىن تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدى.»*

ئوۋچىلىق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئوتلاق كىشىلىرىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان بولسا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى باسقۇچىغا كەلگەندە، ئەجدادلىرىمىز ھەر جەھەتتىن ئەجىر سىڭدۈرۈپ، قوي، كالا، ئۆچكە، يىلقا (ئات، قۇلان)، بۇغا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلگەن، نەسلىنىڭ سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېشىنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدىغان «ئەر قانىتى ئات» دېگەن ئىبارە دىققەت

---

* گەي شەنلىڭ: «چۇغاي تاغلىرىدىكى قىيا تاش رەسىملەر» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 359 - بەت.

كەسازاۋەردۇر، شۇڭا تۆۋەندە ئات ۋە ئاتلىقلار رەسىملىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن:

رەسىملەردە تەسۋىرلەنگەن ئات، ئاتلىق ئوۋچى، ئاتلىق مالچى ۋە باشقا قىياپەتلەردىكى چەۋەندازلار ئوبرازى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋايى ئاتلارنى ئوۋلاپ تۇتۇپ، قولغا كۆندۈرۈپ ئۇنى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇلاغ، كۆلۈك ئورنىدا سەپەردە، ئوۋدا، مال بېقىشتا، يۈك توشۇشتا، جەڭ ۋە يۈرۈشلەردە دائىم ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتچىلىق ۋە قولانچىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەجرى ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك، قالتىس تۆھپىلەرنىڭ بىرى ئىدى، دېسەك قىلچە مۇبالىغە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ پىكرىمىزنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئات ۋە ئاتچىلىققا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تارىخنامە، تارىخىي خاتىرىلەرگە پۈتۈلگەن قىممەتلىك بايانلار تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. مەسىلەن، «پىرژېۋالىسكىي ئېتى»دىن ئىبارەت بۇ ياۋايى ئات نەسلىنىڭ يۇرتى ياردىش تۈرلەڭلىكى (ھازىرقى جۇڭغارىيە ۋادىسى)دىكى پايانسىز يايلاقلار ئىدى.

1985 - يىلى 9 - ئايدا، تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرگەندە، قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىكتە مۈڭگۈزى بار پاقلانىنىڭ بېشى، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان جام (قەدەھ)، ئاتنىڭ باش سۆڭىكى، ئاتنىڭ بىر دانە پاقالچىقى (تېرە بىلەن تۈۋىقى قالدۇرۇلۇپ، سۆڭىكى ئېلىپ تاشلىنىپ ئىچىگە قومۇش تىقىلغان، ياسالما پاقالچاق)، كېگىز توقۇم ۋە بۇلغارى (كۆن) دىن تىكىلگەن تاش توقۇم قاتارلىقلار قويۇلغان؛ قەبرە ئۆگزىسى ئاستىدىكى بورا ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن بورا تېگىدىن يەنە ئات، تاي ۋە قولان تېرىسى تېپىلغان. بۇ قەدىمكى

قەبرىلەرنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىپ ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 2960±115 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يادىكارلىقلاردىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىشىمىز مۇمكىن:

1) قوي ۋە ئات باشلىرىنىڭ قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىككە قويۇلغىنىغا قارىغاندا، ئۇ تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد، قائىدە - يوسۇنلىرىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلىنغان «ئات قۇربانلىق»لىقى ۋە «قوي قۇربانلىق»لىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2) ئات بېشى، ئات، قۇلان تېرىسى ۋە تېرىدىن تىكىلگەن توقۇم قاتارلىقلار (بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا) تارىم ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىنىڭ چەت - ياقىلىرىدىكى جايلاردىمۇ ئات، قۇلان قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى خېلى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

1986 - يىلى 5 -، 7 - ئايلاردا، گۈچۈڭدىكى قەدىمكى ئىز قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، بۇ ئىزدىن ھەر خىل يادىكارلىقلار بىلەن بىللە ئات، كالا، قوي، ئىت قاتارلىقلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلغان. ماتېرىياللار تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۈرۈمچى ئۇلانباي ئەتراپى، توقسۇن ناھىيىسىدىكى ئالغۇي (ئارغۇغول) قاتارلىق بىرقانچە ئورۇنلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە ئات جابدۇقلىرىدىن: ئۈزەڭگە

يوگەن ـ نۇقتىغا ئىشلىتىلىدىغان تۇچتىن ياسالغان بېزەكلەر تېپىلغان.

1984 ـ يىلى 1 ـ ئاي ۋە 11 ـ، 12 ـ ئايلاردا، خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى سەنپۇلا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا، بىر قەبرىدىن چوققىسىغا ئۈكە (پەي) قادالغان، مەخسۇس جابدۇقلۇق ئات جەسىتى تېپىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ قەبرىستانلىقتىكى يەنە بىر قەبرە (دالا نومۇرى 84·HLSSM1) دىن پۈرمە پۆچىقلىق رەڭدار يۇڭ توقۇلما ئىشتان تېپىلغان. ئىشتاننىڭ ھەر ئىككىلا پۇچقىقىغا كامالەتكە يەتكەن رەڭدار، كۆپتۈرمە ئاجايىپ تەسۋىرىي رەسىملەر كەشتىلەش ئۇسۇلى بويىچە توقۇلغان. ئىشتاننىڭ ئوڭ پۇچقىقىدىكى گۈل ـ چېچەكلىك دائىرە ئىچىدە ئادەم باشلىق، ئات بەدەنلىك، ئاغزىدا ئۇزۇن نەيگە ئوخشاش بىر نەرسىنى چىشلەپ، ئۇنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ پۈۋلەۋاتقان، ئۇچىسىغا يەلمە (يوپۇق) يېپىنغان بىر غەلىتە ئوبراز تەسۋىرلەنگەن. بولۇپ، ئۇ ئەپسانىلەردىكى كېنتاۋرلارغا ئوخشايدۇ.

1969 ـ 1970 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئېسىك (ئىشىك) قەدىمكى قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان شاھزادىنىڭ ئالتۇن تاجىق باش كىيىمىنىڭ پېشانە قىسمىغا تىكە مۈڭگۈزلۈك، قاناتلىق ئاتلارنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان تەسۋىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «ساقلارنىڭ دىنىي قاراشلىرىدىكى بىرمۇنچە تەرەپلەر بىلىنىشە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تەسۋىرلەردە يېڭىچە ئېتىقاد شەكىللىرى بىلەن كونا ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى بىلىنىدۇ.»*

«......ساقلار ـــ ماسساگېتلار ئىلاھلار ئىچىدىكى ئەڭ تېز ئىلاھ كۈنگە ئاتاپ ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ تېز ھايۋان

* «ئېسىك (ئىشىك) قەبرىسى ھەققىدە دوكلات»، موسكۋا «سەنئەت نەشرىياتى»، 1978 ـ يىلى نەشرى.

ئاتنى قۇربانلىق قىلاتتى.»①

«ئېسك (ئىشك) قەبرىسىدىن تېپىلغان ئالتۇن تاجلىق باش كىيىمىدىكى تېكە مۈڭگۈزلۈك، قاناتلىق ئاتنىڭ تەسۋىرى ئېھتىمال كۆن ئىلاھى بىلەن ئۇرۇق تۇتېمىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىلدىكى تەسۋىرلەر يەنە ئالتايدىكى پازىرىق قەبرىلىرىدىنمۇ تېپىلغان. ئۇنىڭدا ئاتنىڭ بېشىغا بۇغا مۈڭگۈزى ئورنىتىلغان كىگىز كىيدۈرمە كىيگۈزۈلگەن. بۇنىمۇ ئېسك (ئىشك) قەبرىسىدىن تېپىلغان ئوبرازغا ئوخشاشلا بىرقانچە ئىلاھلار ئوبرازىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.»②

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مىلادىدىن بۇرۇنقى V — VI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، تۆۋەندە تارىخىي خاتىرىلەردىكى بىر قىسىم بايانلارنى تونۇشتۇرىمەن:

خەن ۋېندى زامانىسىدا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 179 — 157 - يىللار)، ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يوللىغان:

«كۆك تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھۇن تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ...

... نۆكىرىم ئارقىلىق مەكتۇپ يوللىدىم. ئۆزلىرىگە ئاتاپ بىر تۆگە، ئىككى ئات قوشۇلغان شاھانە ھارۋىدىن بىر جۈپ ئەۋەتتىم....».③

①، ②. «ئېسك (ئىشك) قەبرىسى ھەققىدە دوكلات»، موسكۋا «سەنئەت» نەشرىياتى، 1978 - يىل نەشرى.

③ بەنگۇ: «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، خەلق نەشرى، 11 - جىلد، 3756 — 3757 - بەتلەرگە قاراڭ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىت ۋە بايانلاردىن مەلۇمكى، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ بىپايان ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشاپ كەلگەن هون، ساق، تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا «چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى»نى يارىتىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. هازىرغىچە تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، تارىخىي خاتىرىلەر — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بۇ تۆھپىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلار ياراتقان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

مىلادىدىن ئىلگىرى ياشىغان ئەجدادلىرىمىزدىن هۇنلار زامانىسىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تېخىمۇ يۈكسىلىپ، مىليونلىغان ئات، كالا، قوي، تۆگىلەر يايلاق - دالالارنى قاپلىغانىدى.

هۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئاتچىلىق، قويچىلىق، كالىچىلىق، تۆگىچىلىك، مال - چارۋا ئەمچىلىكى (مال دوختۇرلۇق)، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق ۋە نەسىل يېتىشتۈرىدىغان، ئىرسىيەتچىلىك قاتارلىق بىرمۇنچە ساھەلەردە ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردا شۇنچىلىك تەرەققىيات بولمىسا، نەچچە يۈز مىڭلىغان قارا، كۆك، قىزىل تورۇق، ئاق بوز رەڭلىك جەڭ ئاتلىرى، «تۆتتىن ئات قوشۇلغان شاهانە هارۋا»لىرىمۇ بولمىغان بولاتتى، شۇڭا كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپانىڭ هەرقايسى جايلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن خىللانغان، ئېسىل نەسىللىك ئات، كالا سورتلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجداد - ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ياۋروپاغىچە يېتىپ بارغان هۇنلاردىن تارقالغانلىقىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى، 60 -، 70 -، 80 - يىللاردا تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرگەندە، ھەر خىل قىممەتلىك يادىكارلىقلار قاتارىدا يەنە ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغان بىرمۇنچە ئات، تۆگە، قوي، كالا قاتارلىقلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چىرايلىق، ئېسىل جىرەن قاشقا جەڭ ئاتلىرىنى مىنگەن لەشكەرلەر، توروق قاشقا ئات، توروق چىپار ئارغىماق ئاتلارغا مىنگەن ئېسىلزادە خېنىملار، ئاجايىپ پۈزۈر ئېگەر - جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن كۆك بوز ئارغىماق ئات، نەسىللىك كالا، قوي ھەيكەللىرى، بېشىغا ئېگىز ئۇچلۇق قالپاق، ئۇچىسىغا قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن تون، پۇتىغا پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن يوغان ئوراكۆز، قاڭشارلىق بىر تۆگىچىنىڭ تاق ئۆركەشلىك تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ھەيكىلى قاتارلىقلار بار (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان).


يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، بىرقانچە تارىخىي يازمىلاردا، ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى، مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن سۇلالە - خاندانلىقلارنىڭ ھەربىي تېخنىكا تەرەققىياتى، «خۇاشيا» مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەن - تاڭ سۇلالىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان «ئات - تاۋار سودىسى» قاتارلىقلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

خەن دەۋرىدە يېزىلغان «تۈز ۋە تۆمۈر ھەققىدە بايان»دا: «ئېشەك قېچىرى بىلەن تۆگە بىيىدى (شىمالىي تۇرالار)نىڭ دائىم ئىشلىتىدىغان مال - چارۋىلىرى ئىدى» دېيىلگەن*.

---

* گەي شەنلىڭ: «چۇغاي تاغ قىيا تاش رەسىملىرى» نىڭ 357 - بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

«پەلچىر تاغ» جىلغىسى شەرقىي قىرغاق 4 - لوقتىدىن تېپىلغان رەسىملەر ئىچىدىكى ئابىيۇمى 1.60 × 2.70 مېتىر كېلىدىغان بىر كۆرۈنۈشتە. قېچىرغا مىنگەن بىرقانچە ئادەم ۋە باشقا ھايۋانلار ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن (19 - رەسىمگە قاراڭ).



19 - رەسىم

تىيانشان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە «قېچىر مىنگەن» ئوبرازىنىڭ تېپىلىشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، بۇ رەسىمۇ مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئومۇمەن، تەتقىقاتچىلار ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ھايۋانات سۆڭەكلىرى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىدە ئويۇلغان ھەر خىل ھايۋانات رەسىملىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن قولغا ئۆگىتىلگەن، كۆندۈرۈلۈپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن دەۋر - باسقۇچلىرىنى تۆۋەندىكىچە ھېسابلايدۇ:

«ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۆندۈرۈلۈش دائىرىسى داۋاملىق

كېتكىسپ بارغان. بۇرە ئۇززۇلغىچە قولغا كۆلدۈرۈلۈش تەخمىن قىلىندە، تەخمىنەن ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە، ئالدى بىلەن ئاتىلە ئىتىغا ئۆزگەرگەن؛ ئۆچكە ۋە قوي قاتارلىقلار تەخمىنەن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، كالا ئېھتىمال يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ كۆندۈرۈلگەن؛ ئات ۋە تۆگە قاتارلىقلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ كۆندۈرۈلگەنلىكى پەقەت 5000 يىللىق تارىختا ئىكە بولۇشى مۇمكىن. مۈشۈكنىڭ قولدا بېقىلىشى 4000 يىللىق تارىختا ئىگە.»*

تۆۋەندە «پەنجىر تاغ» رەسىملىرى ئىچىدە ئۇچرايدىغان ھەرخىل تامغا، بەلگە ـ نىشان، شەكىللەرنى تونۇش تۇرۇپ ئۆتىمەن (20 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ خىل تامغا،



20 ـ رەسىم

بەلگە، شەكىللەر ئادەتتە قىياتاشلارغا ئويۇلغان توپ ـ توپ رەسىملەر ئىچىدە ئۇچرايدۇ. بەزى تاشلارغا ھەر خىل بەلگىلەردىن بىر ـ ئىككىسى، بەزىلىرىگە بىرنەچچىسى ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلچەم، نۇسخىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

غەربىي قىرغاقتىكى تاش خەرىتە ئىچىدە ئالىقاننىڭ ھەر خىل چوڭلۇقتىكى رەسىمىدىن بىرقانچىسى بار. بۇ، ناھايىتى

* گەي شەنلىڭ: «چۇغاي تاغ قىياتاش رەسىملىرى»، 357 ـ بەت.

قەدىم زامانلاردىن ئارتىپلا ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى شەكىل بولۇپ، ئۇ يەنە ئالتۇنتاغ، چۆلتاغ، قارا قورۇم كۇئىنلۇن ۋە تىيانشان تاغلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەسىملەر ئىچىدە، يۇننەندىكى رەسىملەر ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تاغ رەسىملىرىدە، جۇملىدىن فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كونا تاش قۇراللار دەۋرىگە ئائىت تاش ئۆڭكۈرلەرگە سىزىلغان رەسىملەر ئىچىدە ۋە ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئالىقان رەسىملىرىنىڭ قانداق مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەر خىل پەرەزلەر بار. بەزىلەر ئۇنى «بىر خىل ئىشارەت تىلى» دېسە، بەزىلەر ئۇنى: «قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەندە، شۇنى خاتىرىلىگەنلىكىنىڭ سىمۋولى» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «جەڭ ۋە ئېلىشىشلاردىن كېيىنكى غەلىبە قازانغانلىقنىڭ بەلگىسى...» ۋەھاكازا دەيدۇ.

ئومۇمەن تەبىرلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ئۇلاردا مەلۇم بىر ئاساسنىڭ بارلىقىدا گۇمان يوق. مەسىلەن، قەدىمدىن ئارتىپ تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئۆزئارا پۈتۈشۈش، توختام، كېلىشىم، سودا - سېتىقلاردىكى ھەر خىل ۋەدىلەرنى ئالىقاننى ئالىقانغا ئۇرۇپ، قول سىقىشىش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. تامغا، مۆھۈر بولمىغان شارائىت ئاستىدا تىلخەت، ھۆججەت قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ بارمىقىنى سۈرۈققا تەگكۈزۈپ بېسىش ئارقىلىق پۈتتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئالىقان (بارماق) ئىزلىرى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەدىلىرىنىڭ سىمۋولىنى، كىشىلەر ئۆزئارا بېجىرگەن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ ئىشانىنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا گۇمان بولمىسا كېرەك.

ئومۇمەن، ئالىقان رەسىملىرى ئوخشىمىغان دەۋر، دۆلەت، قوۋم - قەبىلە ۋە مىللەتلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى تەبىئىي، لېكىن ئۇلاردا بىر خىل چوڭقۇر ئىپتىدائىي ئېتىقاد-

چىلىق بار. بۇ جەھەتتىن ئۇلار ئورتاقلىققا ئىگە. «○» ۋە «⊙» بەلگىسى قۇياش تەسۋىرىنى بىلدۈرسە، يەزىبىر بەلگىلەر مەسىلەن: ↑، 8، D، 8 قاتارلىقلار قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) تامغا ھەرپلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزى ئىرماش - چىرماش، غەلىتە بەلگە ۋە شەكىللەرنىڭ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس، بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك.

## توغراق بۇلاق قىياتاش رەسىملىرى

توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يېلانلىق يېزىسىغا قاراشلىق كۆمۈر كانىنىڭ شىمالىدىن 1 كىلومېتىر يىراقلىقتا دائىم سۈيى قۇرۇمايدىغان بۇلاق بېشى بار. كىشىلەر بۇ بۇلاقنى دەسلەپ تاپقاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تەبىئىي ئۆسۈپ قالغان توغراقلارغا قاراپ ئۇنى «توغراق بۇلاق» دەپ ئاتىغانىكەن. بۇلاقنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى بىرنەچچە كۆمۈر كانلىرىدىكى كىشىلەر مۇشۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىدىكەن. ھازىر بۇلاق بېشىدا توغراقتىن باشقا سۆگەت (تال)، جىگدە، يۇلغۇن قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. بۇلاق ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەڭ دائىرىدە يۇلغۇنلۇق ۋە توغراقلىق بار ئىكەن. «توغراق بۇلاق» ئەتراپىدىكى ئېگىز - پەس تەكشىلىكلەردە ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن: چاكاندا، كۆك - ئاق يانتاق، ئازغان، ئۆچكە بېشى، يۇلغۇن، توغراق، سۆكسۆك، قومۇش، قوغۇراق تىكەن قاتارلىقلار؛ توشقان، كەكلىك، تۈلكە، جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، ئاق، قارا قۇشقاچ، قارچىغا، قىلغۇرغا قاتارلىق ئۇچار - قاناتلارمۇ بار ئىكەن.

بىز بۇ ئەتراپنى تەكشۈرۋاتقان چېغىمىزدا، نەچچە يۈز يىلىگەن قوي بۇلاق ئەتراپىدىكى توغراقلىقتا ئوتلاپ يۈرگە-

لىگەن، قويچىلاردىن سورىساق، ئۇلار بۇ قويلارنى ئالتاي كەرەيتىن ھەيدەپ كەپتۇ، توقسۇن ناھىيىسىگە ئاپىرىدىكەن. قويچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، «توغراق بۇلاق» قەدىمدىن تارتىپ بىر مەنزىل بولۇپ، بۇلاقنىڭ غەربىي شىمالىنى بويلاپ كەتكەن ئات - ئۇلاغ يولى بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار (ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ئالتاي قاتارلىقلار) غا بارغىلى بولىدىكەن.

بۇلاق بېشىنىڭ شىمالىدىكى جىرانى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قاتمۇقات قاقاس تاشلىق تاغلار ۋە تاغ باغرىدىكى چەكسىز كەتكەن چۆل، سايلىق كۆرۈنىدۇ. بىز مانا مۇشۇ ئەتراپتىكى تاغۇ تاشلاردىن جەمئىي تۆت ئورۇن (نۇقتا) دا 16 يۈرۈش قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلىدۇق. رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغ چوققىلىرىدىن غۇلاپ چۈشكەن قورام تاشلارغا، بەزىلىرى تاغ باغرىدىكى تەبىئىي قىيا تاش بېتىگە چېكىپ ئويۇلغان.

«توغراق بۇلاق» رەسىملىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى، كۆلىمى، سانى، تېمىسى، مەزمۇنى قاتارلىقلار خىلمۇخىللىققا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن رەسىملەرنىڭ ئويۇلۇش ئۇسۇلى، ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان «پەنجىر تاغ» رەسىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

«توغرا بۇلاق» رەسىملىرى ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلار رەسىملىرى (گۆشخور ھايۋانلار ناھايىتى ئاز ساندا، چۆپخور ھايۋانلار رەسىملىرى كۆپ ساندا) — تاغ تېكىسى، تۆگە، بۆكەن، غزلجا — ئارقار، ئىت، بۆرە قاتارلىقلار ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ھەر خىل قىيا پەتتىكى ئادەم رەسىملىرى — ئوقيا بىلەن ئوۋ ئوۋلاۋاتقان ئوۋچىلار، پىيادە ۋە تۆگە مىنگەن، تۆگە يېتىلىگەن ئادەم رەسىملىرى ۋە ھەر خىل مال - چارۋا پادىلىرى رەسىملىرى

خىلى كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدۇ.

تۆۋەندە توغراق بۇلاقتىن تېپىلغان رەسىملەردىن ۋەكىل-
لىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ
ئۆتىمەن.

1 - نۇقتا:

بۇ نۇقتا بۇلاق بېشىدىن يۇقىرى ئۆرلىگەندە، شىمالغا
قاراپ تەخمىنەن 400 مېترچە يىراقلىقتىكى قاقاس تاشلىق
تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان. بۇ نۇقتىدا جەمئىي ئۈچ پارچە
(يۈزۈش) رەسىملەر بار. بۇ ئۈچ پارچە رەسىم ئىچىدە 1 -
پارچە رەسىم ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. رەسىم ئويۇلغان
بۇ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتر، ئۇزۇنلۇقى 176 سان-
تىمېتر بولۇپ، خېلى يىراقتىن چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
تاشنىڭ يۈزى شەرقىي جەنۇبقا قارايدۇ. بۇ بىر پارچە
رەسىم يۈزىگە ھايۋانات ئوبرازىدىن تاغ تېكىسى، ئارقار،
بۆكەن، تۆگە، ئىت قاتارلىقلار، ئوقيا ئېتىۋاتقان ئوۋچى،
تۆگە مىنگەن ئادەم، تۆگە يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەم بولۇپ
جەمئىي 25 دىن كۆپرەك رەسىم ئويۇلغان. بۇنىڭدىكى بىر
ئالاھىدىلىك ئادەم رەسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە (پىيادە، تۆگە
مىنگەن، تۆگە يېتىلەپ، ئوقيا ئېتىۋاتقان رەسىم) دېگۈدەك
ئۇلار پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق، پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن. ئوڭ
تەرەپ ياندىكى ئىككى نەپەر پىيادە ئادەم بېلىگە بىر خىل
قورال (تىغ) ئاسقان. ئۈستۈنكى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئويۇلغان
تۆگىگە مىنىۋالغان ۋە تۆگە يېتىلىگەن ئادەمنىڭ بېشىدا بىر
خىل يوغان سالۋا تۇماق ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەنجىر تاغ جىلغىسىدىكى شەر-
قىي قىرغاق 1 - نۇقتىدىكى بىر پارچە ئوۋچىلىق رەسىمىدە
تەسۋىرلەنگەن، بېشىغا قالپاق، پۇتىغا پاشنىسى بار قونچ-
لۇق ئۆتۈك كىيگەن ئوۋچى ئوبرازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئومۇ-

ھەن، بۇ بىر پارچە رەسىمدە ئەجدادلىرىمىزلىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشى خېلى ئەينەن ئىپادىلەنگەن (21 - رەسىمگە قاراڭ).



21 - رەسىم

2 - نۇقتا:

بۇ نۇقتا بۇلاقنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 100 ئەچچە مېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، رەسساملار تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن يوغان بىر پارچە تاشقا ئويۇلغان. بۇ نۇقتىدا جەمئىي ئۈچ يۈرۈش (پارچە) رەسىم تېپىلدى. 1 - پارچە رەسىمنىڭ يۈزى جەنۇبقا مايىل بولۇپ، 187 × 55 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش كۆرۈنۈشتە ئاساسەن تاغ تېكىسى ۋە غۇلجا ــ ئارقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتتىكى ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە سول تەرەپتىكى بىر كۆرۈپيا رەسىمدە (تاغ تېكىسى ۋە ئارقار قاتارلىق سەككىز رەسىم ئويۇلغان) بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان تاغ ئۆچكىسىنىڭ ئوبرازى بىر خىل ساددا ۋە قوپاللراق ئۇسلۇبتا ئويۇلغان.

قالغان 2 - ۋە 3 - كۆرۈنۈشلەردە تاغ تېكىسى ۋە ئارقار قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى بىلەن

پىيادە ئۇۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن تاغ تېكىسىنى ئېتىۋاتقان قىيا-
پىتى تەسۋىرلەنگەن. رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئويۇلۇش ئۇسۇ-
لۇبىغا قاراپ ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ نىسبەتەن قەدىمكى
دەۋرلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3 - نۇقتا:

بۇ نۇقتا بۇلاقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن 900 مېتر يىراقلىقتا بولۇپ، ياردىن غۇلاپ چۈشكەن بىر پارچە تاشقا ھەر خىل قىياپەتتىكى چوڭ موڭگۈزلۈك ئالتە تاغ تېكىسىنىڭ ئوبرازى بىلەن بىر ئۇۋچىنىڭ ئوقيا بىلەن بىر تاغ تېكىسىنى ئېتىۋاتقان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن (22 — 23 - رەسىملەرگە قاراڭ).



22 — 23 - رەسىم

4 - نۇقتا:

بۇ نۇقتا بۇلاقنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن 600 مېتر يىراقلىققا جايلاشقان. بۇ يەردە تاپىلغىنىڭ

ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان، ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر كىچىك تاشلىق تاغ بار. دەل مۇشۇ تاغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قىيا تاش ۋە تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن قورام تاشلارغا ھەر خىل قىياپەتتىكى بىرمۇنچە ياۋايى ھايۋانلار رەسىملىرى ئويۇلغان بولۇپ، جەمئىي توققۇز كۆرۈنۈش تېپىلدى. بۇلارغا ئويۇپ چېكىلگەن ھايۋانات رەسىملىرىنىڭ سانى 60 تىن ئاشىدۇ. رەسىملەرنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانىنى تاغ تېكىسى، غۇلجا — ئارقار، ياۋايى ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى، ئۇنىڭدىن قالسا، تۆگە، ئىت ۋە باشقا ھايۋانلار ئىگىلەيدۇ (24 — رەسىمگە قاراڭ).



24 — رەسىم

ئومۇمەن، «توغراق بۆلاق» رەسىملىرىنىڭ ئىپادىلەش
ماھارىتى، ئادەتتە ئانچە ئىنچىكە ئەمەس، رەسىملەردە ھەر
قانداق بىر ئوبرازنىڭ باش، پۇت، قول قاتارلىق ئەزالىرى
بىر خىل ئاددىي، قوپاللراق ئۇسۇلدا ئىپادىلىنىش بىلەنلا
چەكلەنگەن. ھايۋانات رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ تۇرقى، قىياپ-
تىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتى ئىپادى-
لەنگەن. نەرسە - كېرەك ۋە قورال - سايمان قاتارلىقلارنىڭ
رەسىمى تېخىمۇ ئاددىي ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئوقيا قاتار-
لىق قوراللارنى ئويۇلغان رەسىمگە قاراپ پەرق ئېتىشكە
بولسىمۇ، بەزى نەرسىلەرنىڭ شەكلىگە قاراپ ئۇنىڭ نامىنى
توغرا دەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

رەسىملەردە مەيلى ئادەم، ھايۋان ياكى نەرسىلەرنىڭ
نىسبىتى بولسۇن ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ
مەلۇم يېرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھە-
رىكىتى ۋە بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرى-
شىلغان. مەسىلەن، 1 - نۇقتا 1 - كۆرۈنۈشتىكى تۆگە مىنى-
ۋالغان ئادەمنىڭ پۇتى تۆگىنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى-
گىچە ساڭگىلاپ قالغان؛ ئارقىغا ئوق ئېتىۋاتقان ئوۋچى
تەسۋىرلەنگەن رەسىمدە ئوقيانىڭ ئوقى ناھايىتى ئۇزۇن قىلىپ
تەسۋىرلەنگەن؛ 4 - نۇقتىدىكى تۇتېم ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك
بىر ئارقارنىڭ رەسىمىدە ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك مۈڭگۈزى ئۆز
تېنىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «پەنجىر تاغ» ۋە «توغراق بۆلاق»
قىيا تاش رەسىملىرى يەنە تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقى، شى-
مالى ۋە غەربىي ئېتەكلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قارا قۇرۇم، كو-
ئېنلۇن تاغلىرى، ئالتۇن تاغ ۋە چۆلتاغ قاتارلىق تاغ تىز-
مىلىرىنىڭ تارماق - تارامىلىرىدىكى تاغۇ - تاشلارغا ئويۇلغان

منگلىغان قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ يۇرتىمىزنىڭ
ئاجايىپ مول، رەڭگارەڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تارماقنى تەشكىل
قىلىدۇ. بۇ خىل رەسىملەر يەنە سىبىرىيە دالاسى، گوتتۇرا
ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، ئەزەربەيجان،
قىرغىزىستان، ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئوردۇس دالاسى، چۇغاي تاغلىرى
قاتارلىق بىرمۇنچەجايلاردىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى، قە-
دىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش،
بىرونزىدىن ياسالغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قورال -
جابدۇقلار، زىننەت بۇيۇملىرىغا چېكىلگەن خىلمۇخىل گۈل -
نەقىش، ئۆرنەك - نۇسخىلارغىمۇ ئوسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا
سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ.
ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي تەك-
شۈرۈش سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى قىيا تاش
رەسىملىرىدە يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرنىڭمۇ ئورتاق-
لىقىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن، قىيا تاش رەسىملىرى: 1) ئاسا-
سەن ئىنسانلار قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ھەرقايسى تاغ -
دالالارنىڭ قىشلاق ۋە كۈزلەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.
2) رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تاغۇ - تاشلاردىكى
تەبىئىي «تاش تام»، يۈزى بىر قەدەر سىلىق ۋە تەكشى
قىيا تاشلارغا ۋە تاغدىن غۇلاپ چۈشكەن چوڭ - كىچىك قو-
رام تاشلارغا ئويۇلىدۇ (بەزى يەرلەردە تەبىئىي غارلارغا بو-
ياق بىلەن سىزىلغان رەسىملەر ئۇچرايدۇ). 3) يۈزى (يۆنى-
لىشى) شەرققە قارىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملەر مۇت-
لەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ (تەبىئىي جايلىشىش سەۋەبىدىن
بەزىلىرىنىڭ يۈزى غەربكە، جەنۇبقا ۋە شەرق، شىمال تە-
رەپلەرگە قارىغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ). 4) قىيا تاش ئويما رەسىم-
چىلىك سەنئىتى يەككە - يېگانە بولماستىن، بەلكى رەسىم

لەر جايلاشقان جاينىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە، ئون نەچچە ھەتتا يۈز نەچچە كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تۇرالغۇ - كەنتلەرنىڭ خارابە ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرە ۋە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىللە ئۇچرايدۇ. 5) قەدىمكى قىيا تاش سەنئىتىنىڭ باشقا رايونلاردىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلەر بىلەن خېلى زىچ، يېقىن (ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە) مۇناسىۋىتى بولىدۇ ۋە باشقىلار.

## قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرى، مەدەنىيەت ئىگىلىرى ۋە تارىخىي باغلىنىشلىرى ھەققىدىكى قاراشلار

قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىنى تەبىئىي پەن ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېنىقلايدىغان يېڭىچە ئۇسۇل تېخى مەيدانغا كەلمىدى، شۇڭا ھازىرغىچە يەنىلا ئارخېئولوگىيە ۋە سېلىشتۇرما شۇناسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يىل دەۋرىنى بېكىتىش قوللىنىلماقتا.

قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇزۇن سوزۇلغان تاغ - جىلغىلاردىكى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇچۇقچىلىقتا تۇرغان ھەر خىل تاشلاردا بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ دەۋرىنى بېكىتىشكە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلار ئۇلار بىلەن بىر يەردە ئۇچرىمايدۇ، شۇڭا، مەلۇم جايدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە مۈشكۈل خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

«پەنجىر تاغ» ۋە «توغراق بۇلاق»تىن تېپىلغان قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى — قەدىمدىن تىيانشان ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان

كۆرەشلىرى نەتىجىسىدە ياراتقان سەنئەت بايلىقى، ئۇلار ياراتقان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم نامايەندىسى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەڭگارەڭ قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن پەنجىر تاغ ۋە توغراق بۇلاق رەسىملىرىنىڭ دەۋرىنى ـــ قەدىمكى زامان ئوۋچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، يەنى بۇنىڭدىن 4000 — 6000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىلدىن تارتىپ تاكى ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II ئەسىرلەر) ۋە قەدىمكى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ئىلىم ـ پەن ھازىرغىچە تېخى ئوتتۇرا ئاسىيا (جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسى) دا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ مەنبەسى، مىللەت، تەركىبى، ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇكەممەل، ئەتراپلىق شەرھلەشكە تولۇق ئاساس يارىتىپ بېرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ «...ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇرال ئەتراپى، سىبىرىيە، شىنجاڭ، قارا دېڭىز ساھىلى، شۇنداقلا مېسوپوتامىيە، ئىران ۋە ھىندى، ئوكيان بويلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ھەم تىل ـ تارىخىي ئالاقىلەر مەۋجۇت بولغان.»

دەشت ـ قۇملۇقلاردىكى يايلاقلار ۋە بوستانلىقلاردىكى ئوتلاقلاردا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ مىڭ يىللىقلاردا ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىغا مۇناسىپ ھالدا، كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە بوستانلىق بىلەن دەريا ئېقىنلىرى ئەتراپلىرىدا

ماكانلاشقان دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىگىلىك شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا كۆچمەنچىلىك بىلەن ماكانلىشىش ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي يۈز باغلىنىش بولغان.

... بىر مۇنچە تارىخچىلار: شەرقىي ئىران ئاھالىلىرى مىلادىيەدىن ئىككى ئىرا ئىلگىرىكى ۋاقىت بىلەن مىلادىيەدىن بىر ئىرا ئىلگىرىكى ۋاقىت گىرەلىشىۋاتقانىدا شەكىللەنگەن، دەپ قارايدۇ.

بىز بىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچى ساقلاردۇر.

... شەرقىي ئىران ئاھالىلىرى باشقا جايلاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن ئاللىقانداق كىشىلەر بولماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىدىن باشلاپلا مۇشۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئىرقلارنىڭ تەركىبلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆز جايىدا بارلىققا كەلگەن كىشىلەردۇر. شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭگەن.»*

«... تارىخشۇناسلىقتا كۆچمەن خەلق جەمئىيىتىنىڭ ئايرىم مەسىلىلىرى ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەتقىق قىلىنىپ كەلدى. ھالبۇكى، ھازىر كۆچمەن خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي — ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدىغان بۇ خىل كۆز قاراش

---

* ب. گ. غاپوروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 15 -، 16 -، 38 -، 39 -، 45 -، 50 - بەتلەر (غاپوروۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى).

لارنىڭ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوق خاتا كۆز قاراش ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا. تارىختا بۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ شەكىللىنىشىدە بىرقانچە سەۋەبلەر بار.

— بۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، كۆچمەن خەلقلەر تارىخى، يەنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەپسىلىي بىلمەسلىك؛ ئۇلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى، مەدەنىيەت مەسىلىلىرىنىڭ تولۇق تەتقىق قىلىنمىغانلىقىدىن ئىبارەت...

— بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىككىنچىسى، قەدىمكى كۆچمەن خەلقلەر جەمئىيىتىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ياۋروپا - ئاسىيادا ياشىغان بىر قىسىم كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ يېقىنقى ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت...

— بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئۈچىنچىسى... كۆچمەن خەلقلەر تارىخىنىڭ قانداقتۇر ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كلاسسىك - ئەسەرلەردىكى ئادەتلەنگەن قاراشلارغا ماس كەلمەسلىكى، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ يوقلۇقىنى، مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىنىڭ قالاقلىقىنى كۆرسىتىدۇ...

... ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئەنئەنىلىرى، ئادەتلىرى، تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى... قالاق، پەس، ياۋايى بولغانلىقتىن، تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ قارىلىپ كەلدى. ئەنە شۇنداق بىر خىل ئورتاق قاراتمىلىققا ئىگە بولغان بۇ خىل قاراش تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە دۇنيا تارىخ ئىلمىدە ئورۇن ئېلىپ كەلدى. تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ كۆچمەن خەلقلەر تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارنىڭ كەملىكىدىن بۇ خىل قاراشلار گويا قانۇنلۇق ۋە مۇتلەق بىر نەرسە بو-

لۇپ كەلدى.

«... بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ تارىخچى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنىلا شۇ كونا، ئىلمىيلىككە ئىگە بولمىغان خاھىشلار تەكرارلانماقتا. ئۇلار ئەسەرلىرىدە قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆچمەن خەلقلەرنى گويا مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى، يارىتىشقا قابىل بولمىغان ۋارۋار — باۋايىلار دېسە، كۆچمەن خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن تېپىلغان يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت — سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان باشقا ئەللەردىن كىرگەن دەپ قارىماقتا.»*

يەتتە سۇ رايونى بىلەن ئالتاي تاغلىق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ساقلار مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار ۋە «خەننامە» قاتارلىق تارىخ كىتابلىرىدىكى بايانلار بويىچە تەھلىل قىلغاندا، مىلادىدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىت (بۈگۈندىن 3000 يىللار ئىلگىرى) تىلا ئىلى دەرياسى ۋادىسى، كۈنەس — يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن تاكى ئالغۇي (ئارغول) جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىغىچە بولغان بۇ ئېسىل يايلاق رايونىمۇ ساقلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزى رايونلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ساقلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم ئېتنىك تەركىب بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان تىيانشان تاغلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي

---

* ك. ئا. ئاكىشېۋ: «ئىسسىك قەبرىسى» — قازاقىستان ساقلىرىنىڭ سەنئىتى»، موسكۋا سەنئەت نەشرىياتى، 1978-يىل رۇسچە نەشرى.

ھەلقىلەرنىڭ ئىچىدىكى تەركىبلىرى بىلەن بارا - بارا ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ساقلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك ئورنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ ئالتاي تىلى سىستېمىسىدا سۆزلەشكەنلىكى، تولۇق تۈركىي تۈس ئالغان بۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھونلارغا ئوخشاش بولۇپ، كۆندۈزى قۇياشقا، كېچىسى ئايغا چوقۇنىدىغانلىقى ۋە باشقىلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بايانلار ۋە «پەنجىرتاغ»، «توغراق بۇلاق» رەسىملىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ خۇلاسە قىلساق: «پەنجىرتاغ»، «توغراق بۇلاق» قىياتاش رەسىملىرىنىمۇ - ساق، ھۇن، تۈرك - قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن چىققان سەنئەتكارلار ئىجاد قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

× × × × × ×

«پەنجىرتاغ» ۋە «توغراق بۇلاق» قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى پەقەت باشلىنىش دېيىشكىلا بولىدۇ. چۈنكى، پۈتكۈل تىيانشان تىزمىسىنىڭ ھەرقايسى تارماق - تارماقلىرى ئىچىدە يەنە سانسىزلىغان قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا يەرلىك پېشقەدەم چارۋىچىلار، ئوۋچىلار، ساياھەتچىلەر ۋە تارىخىي يادىكارلىقلارغا قىزىققۇچى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئۇچۇر يەتكۈزمەكتە. مەن بۇ ھەقتە يەنە بىرمۇنچە ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تاپتىم.

پۈتكۈل تىيانشان تىزمىسىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىنى

تەلتۆكۈس تەكشۈرۈش — ئىنتايىن جاپالىق ۋەزىپە بولۇپ، بۇ خىزمەتنى يەنىلا بىر تۈركۈم ئارخېئولوگىيە كەسپىي خادىملىرى، يەرلىك پېشقەدەم چارۋىچىلار، ئوۋچى - يولۇچىلارنىڭ زىچ ماسلىشىپ ھەمكارلىشىشى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىي قوللىشى ئارقىسىدىلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، پەنجىرتاغ ۋە تۇغراق بۇلاق رەسىملىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە نادىر نۇسخىلار — خىسلەتلىك «تاش خەزىنە»، بېجىرىم ساقلىنىۋاتقان ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلار كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلار ياراتقان مەنىۋى بايلىقنىڭ بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تېزدىن ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ ساقلاپ قالالمىساق، كېيىن ھەرقانچە ماددىي بايلىق سەرپ قىلىپمۇ ئۇنىڭ زىيىنىنى تولدۇرالمايمىز. ئەگەر بۇ قىممەتلىك مىراسلار مەلۇم سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بىزنىڭ قولىمىزدا نابۇت بولۇپ كەتسە، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمىز، ئەلۋەتتە.

# ئىلى ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

## مۇقەددىمە

گۈزەل ئىلى ۋادىسىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىزگە قالدۇرغان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە. بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ئىلى ۋادىسىدا ياشاپ ئاۋۇغان ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەرقايسى مىللەت ۋە خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياراتقان ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىگىمۇ تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەنىدى.

ئىلى ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى (يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى) دىن ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ سېپتە تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت تۇرالغۇ ئىزلار؛ ئەجدادلىرىمىزدىن ساق، ئوغۇز، ھون، ئۇلۇغ توخرىيلار، تۈرك (قەدىمكى ئۇيغۇرلار)، ئاسىيۇ* قاتارلىق

---

* ئاسىيۇ — بۇرۇن «ئۇيسۇن» دەپ ئېلىنغان. قەدىمقى تۇرپان تېكىستلىرىدە «ئاسىيۇ» دەپ ئېلىنغانلىقتىن، بىزمۇ «ئاسىيۇ» دەپ ئالدۇق — تەھرىردىن.

قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىك قەبرە ۋە قەبرىستان-
لىرى؛ ھەر خىل مەزمۇندىكى قىيا تاش رەسىملىرى بالبال
ۋە سىنتاشلار؛ قەدىمكى كارۋان يولى (ئات يولى - يىپەك
يولى) نىڭ ئىلى ۋادىسىدىن ئۆتىدىغان تارماقلىرىدىكى
جام - ئۆتەڭلەر؛ قەدىمكى شەھەر - كەنت، قەلئە، قورغان،
سېپىللارنىڭ خارابىلىرى؛ تۈرك (ئۆرتۈن)، سوغدى، سۈرىيە،
ئەرەب، پارس، چاغاتاي يېزىقلىرىدا پۈتۈلگەن تاش پۈتۈك،
ئابىدە ۋە تەبرە تاشلىرى؛ خان - خاقان ۋە باشقا ئاتاقلىق
زاتلارنىڭ تەۋەررۈك مازارلىرى؛ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىشلىتىل-
گەن ئالتۇن، كۈمۈش پۇللار، مىس پۇللار؛ ئىلى ۋادىسىدا
ئۆتكەن ئالىملار، ئەدىبلەر، تارىخچىلارنىڭ قىممەتلىك قول-
يازما ئەسەرلىرى ۋە باشقىلار...

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلىرى ئاساسەن مەدەنىيەت يادىكار-
لىق ئورۇنلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قەدىمكى قەبرە،
قەلئە - شەھەر، قەدىمكى ئىز خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ۋە
تېپىلغان خىلمۇخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۆزىنىڭ
مەزمۇنى، سانى، تىپى، ئالاھىدىلىكى جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ
تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ (ماقالىدە ئۇلاردىن مۇھىملىرى ئالاھىدە
تونۇشتۇرۇلدى).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرىدىن: ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ باشلانغان
جايى — ئۇلاستاي؛ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىغا دائىر
ھەر خىل ئارخىپ - فوتو سۈرەتلەر، قىممەتلىك خاتىرە
بۇيۇملارمۇ بار.

ئىلى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىرقەدەر سىستېمىلىق،
پىلانلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى 1953 -
يىلىدىن تارتىپ باشلاندى؛ شۇ يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت
ئىدارىسى بىلەن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن

تەشكىللەنگەن «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى.

1958 – يىلدىن 1988 – يىللارغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگلار ئىلى رايونى تەۋەسىدە ئون نەچچە قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدىن تاشقىرى موڭغۇلكۈرەدىكى شوتا يېزىسى، تېكەس، كۈنەس، نىلقا، توققۇزتارا، قورغاس، چاپچال ناھىيىلىرىگە جايلاشقان بىر قىسىم قەدىمكى قەبرە، خارابە – ئىزلارنى بىرنەچچە قېتىم نۇقتىلىق قېزىپ تەكشۈردى ۋە رەتلىدى؛ ئۇ جايلاردىن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە ئائىت بىرمۇنچە قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپتى؛ تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى رەتلىنىپ تەتقىق قىلىندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم يادىكارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي كۆرگەزمىسىگە تىزىلغاندىن تاشقىرى، يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بەزى نادىر يادىكارلىقلار ياپونىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى؛ ئېنىقلانغان، تېپىلغان يادىكارلىقلار ھەققىدە بىرمۇنچە ئىلمىي تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى، قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى مەخسۇس تېمىلاردىكى ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى؛ بېيجىڭدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان مەخسۇس ئەسەر، كىتاب – ژۇرنال، رەسىملىك توپلام ۋە مەخسۇس تېلېۋىزىيە خەۋىرى، ھۆججەتلىك فىلىم قاتارلىقلاردىمۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ بىر قىسىم يادىكارلىقلىرى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى؛ بۇ ئارقىلىق خەلقئارا ۋە ئېلىمىزدە تارىخ – ئارخېئولوگىيە، تىل، پەلسەپە، ئانتروپولوگىيە،

ئېتنولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي خادىملار، تەتقىقاتچىلار بىرىنچى قول ماتېرىيال، ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

مەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى كەسپداشلىرىم بىلەن 1958 - يىلدىن 1983 يىلىغىچە شىمالىي شىنجاڭدا (جۈملىدىن ئىلى ۋادىسىدا) ئالتە - يەتتە قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشتىم. بۇ قېتىم ئاشۇ تەكشۈرۈشلەردە ئۆزۈم يازغان خاتىرە، جەدۋەل، بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ ماقالىنى تەييارلىدىم. ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىغىنچاقلاپ، ئاساسەن يادىكارلىقلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە ئائىتلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەندىم. نەشرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك خەرىتە، فوتو سۈرەتلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى قوشۇمچە قىلدىم. بۇ ماقالىدە، ئومۇمەن ھازىر قولىمىزدا بار بىر قىسىم نەق ماتېرىياللار ئۈستىدە تونۇشتۇرۇش، تەھلىل، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى، شۇڭا بۇنى يەنىلا ئىلى ۋادىسى ئارخېئولوگىيىسىنىڭ كىچىك بىر قىسمى، دېيىشكىلا بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بىلەن ئۇ جايلاردىن تېپىلىۋاتقان قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسىغا ئوخشاتساق، مېنىڭ تونۇشتۇرغانلىرىم ئۇنىڭ تارماق - تارامىلىرىنىڭ بىرىدىنلا ئىبارەت خالاس.

ئىلى ۋادىسىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخى ۋە بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ قەدىمىي يۇرتنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمى، تەبىئىي بايلىقلىرى... ھەققىدە قىسقىچە

توختىماي ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىلى ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 56 مىڭ 350 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلار 62% نى، تۈزلەڭلىك 18% نى، دۆڭلۈك (ئېدىر)، سۇ، سازلىق ۋە ساي - چۆللۈكلەر 20% نى ئىگىلەيدۇ. تىيانشان تىزمىلىرى ئىلى تەۋەسىگە كەلگەندە شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۈچ تاغ تىزمىسى ئارىسىغا دەريا ۋادىسى ياكى شەرقىي قىسمى ئېگىز، غەربىي قىسمى پەس، شەرقىي قىسمى تار، غەربىي قىسمى كەڭ بولغان، بىر - بىرىدىن ھۆسن تالاشقان گۈزەل جىلغىلار جۈغلانمىسى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئويمانلىق — مۇنبەت ئىلى ۋادىسى جايلاشقان. تېكەس، كۈنەس، قاش دەريالىرى مۇشۇ گۈزەل بوستانلىق جىلغىلاردىن ئېقىپ ئۆتۈپ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ياماتۇ دېگەن يېرىدە قوشۇلۇپ ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىپ ئاخىر بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر (ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 441 كىلومېتىر) كېلىدۇ.

ئىلى تەۋەسىدىكى تاغلاردا كەڭرى كەتكەن ھەرخىل ئورمان ۋە ئورمان بەلباغلىرى، پايانسىز يايلاقلار بولغاندىن تاشقىرى، ياۋا مېۋە ئورمانلىقلىرىنىڭ ھازىرچە ئېنىقلانغان كۆلىمى 150 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. بۇ ياۋا مېۋىزارلىقلار ئىلى تاغلىرىدىكى 60 نەچچە جىلغىغا تارالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەلكە تاغلىرى، ئاقسۇ جىلغىسى (داشگۇ)، توققۇز تارا ناھىيىسىدىكى موخۇر جىلغىسى، تېكەس، كۈنەس ۋە نىلقا تاغلىرىدىكى ياۋا مېۋە ئورمانلىقلىرى ئالاھىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياۋا مېۋىزارلىقلاردا ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ياڭاق، ياۋا ئەينۇلا، ياۋا ئالۇچا (گىلاس)، ياۋا ئامۇت، ياۋا جۇجۇلە، بۆلجۈرگەن، قاراقات، راۋغاچ، دولانە، زىرىق قاتارلىق

ئوزۇقلۇق مىقدارى مول ئېسىل مېۋىلەر ساقلانغانىدىن باشقا يەنە، ياۋا كۆكتاتلاردىن: ياۋا پىياز، ياۋا سامساق، ياۋا كودە... قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا قۇلماق، قىزىلگۈل، سوغىگۈل، قانتىپەر، ئۇچقات قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ. ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر 16 ئۇرۇقداش، 40 نەچچە تۈرگە يېتىدۇ. مۇنچىۋالا كۆپ خىل ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى تەبىئىي گېن خەزىنىسى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە يۇرتىمىزدىكى ھەرخىل مېۋىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم ئىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىلى ۋادىسىدىكى تاغ - جىلغىلاردا يەنە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن: قارا تايغان بۇغا، سىبىرىق تۈلكە، يىلپىز، ئېيىق، بۆرە، جەرەن، غۇلجا — ئارقار، تاغ تېكىسى، ياۋا ئۆچكە (كۆكمەت)، سۇ بۇلغۇنى، بۆكەن قاتارلىقلارمۇ بار. ئەزىم دەريا — ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، بىپايان يايلاق، تاغ - جىلغىلىرى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق خىسلەتلىك تەبىئىي شارائىتى بىلەن بۇ زېمىندا ياشىغان ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى، ئەجدادلىرىمىزنى مۇھىم ھاياتلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلگەن.

ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار — قەدىمدىن تارتىپ بۇ زېمىندا ياشىغان ساق، ھون، ئوغۇز، تۈرك (قەدىمكى ئۇيغۇرلار)، ئۇلۇغ توخرىيلار، ئاسىيۇ قاتارلىق قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرىغا ئۇيۇشقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆز دەۋرىدە يالغۇز ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەنلا تۇرمۇش كەچۈرۈپ قالماستىن، بەلكى شارائىتى يار بەرگەن جايلاردا تۇراقلىق رايوندىكى دېھقانچىلىق، تۇراقلىق كۆلەمدىكى مال - چارۋىچىلىق، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى

ئىسپاتلىماقتا. ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى جامائە - قەبىلىلەر، تەبىلە ئىتتىپاقلىرى ۋە مىللەتلەرگە ئوخشاشلا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىنى ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئۆز ئەجدادلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سودا - سېتىق، بېرىش - كېلىش، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۇلاردىنمۇ بەزىبىر مۇھىم مەزمۇنلارنى قوبۇل قىلغان.

## ئاقتۆپە قەدىمكى ئىزى

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئاقتۆپە مەھەللىسى (ئاقتۆپە مازىرى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى نۇرمۇھەممەت ئىسىملىك دېھقان ھازىرقى ئاقتۆپە مەھەللىسىنىڭ تاغ باغرىدىكى مەلۇم جايدىن بىر قەدىمكى قەبرىنى ئۇچراتقان. ئۇنىڭدا ئانچە بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان ئادەم سۆڭەكلىرى بولغاندىن تاشقىرى، قەبرە ئەتراپىدىن تاش كەتمەن (ساپ بېكىتىدىغان تۆشۈكى بار)، تاش يانچىغۇچ، تاش پالتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل قورال، سالغا تاش قاتارلىقلارنى تاپقان. قەبرىدىكى مېيىت سۆڭەكلىرىنىڭ بۇزۇلماي ساقلانغانلىقىنى كۆرگەن بۇ دېھقان، ئۇنى ئەسلى قەدىمكى زاماندا «شېھىت» بولغان ئادەملەرنىڭ جەسىتى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بۇ ئەھۋالنى يۇرت ئەھلىگە مەلۇم قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك بۇ يەرگە قايتىدىن قەبرە تۇرغۇزۇپ، ھا-

زىرقى «ئاقتۆپە مازىرى»نى ياساپ، بۇ مازارنى ئۇلۇغلىغان، تېپىلغان تاش قوراللارمۇ «مۇبارەك تاش» دەپ قارىلىپ، «ئاقتۆپە مازىرى»دا ساقلىنىپ كەلگەن.

1953 - يىلى، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى»دىكى خادىملار ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئاقتۆپىنى قايتا تەكشۈرگەندە، نۇرمۇھەممەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن كىشى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان تاش قوراللارنى ئۆمەكتىكى خادىملارغا بەرگەن (ھازىر بۇ تاش قوراللار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تارىخىي كۆرگەزمىسىدە).

1958 - 1961 - يىللىرى ئاقتۆپىدە ئىككى قېتىم قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، باشقا يادىكارلىقلار ئۇچرىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئاقتۆپە مازىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان تاش قوراللار — ئىلى ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ سىپتا تاش قوراللار بىلەن برونزا قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن باسقۇچىغا ئائىت يادىكارلىقلار (بۇنىڭدىن 2500 — 4000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە خاس) ئىدى. ئاقتۆپە — ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىنسانلار — ئەجدادلىرىمىز ئولتۇراقلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ جايدا ھازىرغىچە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ مۇھىم «ئارخېئولوگىيىلىك يىپ ئۇچى»نى تېخىمۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، بۇ جايدا ئۇقتىلىق ھالدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش قىلساق، ئاندىن بۇ قەدىمكى ئىز توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئىلمىي يەكۈنلەرنى چىقارغىلى بولاتتى.

جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاقتۆپە قەدىمكى ئىزنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە نوغايتۇ غولى، پەنجىم غولى، جىرغىلاڭ غولى، قازانچى غولى،

چولۇقاي غولى ۋە بۆلۆكەي غولى قاتارلىق بىرنەچچە ساي-جىلغا. غوللار جايلاشقان بۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى — بۇ ساي - جىلغىلار تەبىئىي ھالدا تەلكە تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى (كۈنگەي تەرىپى)گە قاتار ئورۇنلاشقان بولۇپ، قەدىمكى ئىنسانلار، ئەجدادلار ياشاشقا ھەر جەھەتتىن قولايلىق، ھاۋاسى ئىللىق جايلار ھېسابلىنىدۇ. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئاقتۆپە قەدىمكى ئىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ساي، جىلغا، غوللارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ ئۇ يەرلەردىن، قەدىمدە ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان يەنە بىرمۇنچە تۇرالغۇ - كەنت ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرە ۋە باشقا يادىكارلىقلار تېپىلدى.

شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ساقلانغان قەدىمكى ئىپتىدائىي كەنت، قەدىمكى تۇرالغۇ ئىزلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن نەچچە يۈز ئورۇندا تېپىلدى (يەنە داۋاملىق تېپىلىۋاتىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە بەزى قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان، تېپىلغان چوڭ تىپتىكى تاش قوراللار — تاش پىچاق، تاش ئورغاق، يارغۇنچاق، تاش كەتمەن، تاش پالتا، تاش ئوتىغۇچ، تاش بازغان، سالغا تاش قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ شەكلى، ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىشلىتىلگەن تاش ماتېرىيالى جەھەتتىن يەنىلا ئاقتۆپىدىن تېپىلغان تاش قوراللارغا ئوخشايدۇ.

## چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر، قەدىمكى مىس كان ئىزى ۋە ئۇلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، تېكەس، توققۇز تاراپ، چاپچال، غۇلجا، قورغاس قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى

سۈيى ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مول بىپايان يايلاقلارنىڭ ھەر-قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ھازىرغىچە 10 مىڭدىن ئارتۇق قەبرە (قەدىمكى قەبرىستانلىق) لەر تېپىلدى. بۇلارنى ئۆزىنىڭ تارىخى، يىل ـ دەۋرى، ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، جايلاشقان ئورنى، ياسىلىش شەكلى قاتارلىقلارغا ئاساسەن بىرنەچچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1 ـ خىلدىكىلىرى ـ چوڭ تېپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر ۋە ئۇلاردىن تەركىب تاپقان قەبرىستانلىقلار. بۇ خىلدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ ئۈستى كۆرۈنۈش شەكلى ئاساسەن يۇمىلاق بولۇپ، قەبرە بېشى زور مىقداردىكى توپا، يۇمىلاق ساي تاشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان. قەبرىلەرنىڭ دىئامېترى 20 — 90 مېترغىچە، تىك بۇلۇڭلۇق ئېگىزلىكى 4 — 10 مېترغىچە بولۇپ، بەزى جايلاردا بەش ـ ئالتىسى، بەزى جايلاردا ئون نەچچىسى بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ جايلاشقان. بەزى جايلاردا بۇ خىلدىكى بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ قاتارلار بىر نەچچىگە يېتىدۇ. ئۇلار يېشىللىققا پۈركەنگەن بىپايان يايلاق ـ ئوتلاقلار، كۆزلەك ۋە قىشلاقلاردا ناھايىتى يىراقتىن كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك قەبرىلەر ئەتراپىدىكى تاغ، ئېدىر، جىلغا، ئېقىن، ئورمان ـ ئوتلاقلار بىلەن قوشۇلۇپ بىر خىل ئالاھىدە ئارخېئولوگىيىلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ.

قەبرە تۈزۈلۈشى ۋە دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى:

1) قەبرە ئىچى ئۇزۇن چاسا شەكىللىك لەھەت بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانىدىكى قەبرىلەردە قارىغاي ياغاچلىرىنى بىر-بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ قۇراشتۇرغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرە ئۆيى بار.

2) بەزى قەبرىلەرنىڭ ئىچى يۇمىلاق ساي تاشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان تىك چاسا شەكىللىك لەھەت بولۇپ،



25 ـ رەسىم. موگغۇلكۆرە شوتا يېزىسىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر.

ئۇنىڭ ئىچى يەنە بىرنەچچە يانداش ئۆي ياكى بۆلۈكچىلەرگە ئايرىلغان.


3) قەبرىلەر ئادەتتە ئائىلە، ئۇرۇق، نەسەبى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى، مەرتىۋىسىگە قاراپ ياسالغان. مەسىلەن، مەرتىۋىلىك، باي ئائىلە باشلىقلىرى، يۇرت ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق، ئالىي هوقۇق تۇتقان خان ـ خاقان، سەركەردە، خانىش ـ مەلىكە، شاهزادە، ئاتاقلىق زاتلار، مەشهۇر قەهرىمانلار ۋە ئالىي نەسەبدىكىلەرنىڭ قەبرىلىرى خۇددى مىسىردىكى «ئەلئېهرام» (پىرامىدالار) چوڭ ـ كىچىكلىكى جەهەتتىن پەرق قىلغىنىدەك پەرقلىنىدۇ، ئوتتۇرا هال تىرىكچىلىكتىكىلەر بىلەن ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ قەبرىلىرىمۇ پەرقلىنىدۇ.

ئىلى ۋادىسىدىن هازىرغىچە ئېنىقلانغان چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ سانى 3000 — 4000 گە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشهۇرلىرى: موگغۇلكۆرە ناهىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرە بەزى قەبرىلەرنىڭ دىئامېترى 60 — 90

مېترغىچە، ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتر، لەھەت 4 × 4 × 6 مېتر كېلىدۇ. تېكەس ناھىيىسىنىڭ قاراجۇن، قارادالا، قاپسالاڭ دالالىرىدىكى ھەيۋەتلىك قەبرىلەر، تېكەس ناھىيە سىنتاش، چىلۆزەك يېزا ئاڭغاي مەھەللىسى، چولاق تېرەك يېزا ئاتتام مەھەللىسى تەۋەسىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئىگىلىگەن مەيدانىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇ تۈردىكى قەبرىلەردىن يەنە كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، نىلقا ناھىيە قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆمۈر ئەلى غولى، ئابرال تېغىنىڭ توتى داۋىنى، بوربوسۇن غولى، توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ ئاغارسىن، جىرغىلاڭ، موخور قاتارلىق جايلىرى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ «سوپۇنبۇلاق»، قورغاس ناھىيىسىنىڭ سارىبۇلاق؛ سايرام كۆلى ئەتراپلىرىدىمۇ بار.

ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى بىرمۇنچە رايونلاردىمۇ ئوخشاش خىلدىكى ھەيۋەتلىك قەبرىلەر كەينى-كەينىدىن تېپىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلماقتا. مەسىلەن، قازاقستان ئالمۇتا شەھىرىنىڭ شەرقىدىن 50 كىلومېتر يىراقلىقتىكى «ئېسىك دەرياسى» بويلىرىدا مەشھۇر «ئېسىك قەبرىستانلىقى» بار بولۇپ، 3 كىلومېتر دائىرىگە 45 تىن ئارتۇق ئالاھىدە ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر جايلاشقان. ئېسىك قەبرىستانلىقىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىدە يەنە بەش چاتىر، قارا كېمىر قەبرىستانلىقلىرى تېپىلغان. بۇ خىلدىكى قەبرىلەر يەنە چىلەك، چارىن، كېگەن، قارقارا دەريالىرىنىڭ بويلىرى؛ قاراتال، ئاقسۇ، ئايا گۆز دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تاكى زايسان ئويمانلىقى ۋە بازىرىق (ئالتاي تاغلىق رايونى) دائىرىسىگىچە بولغان جايلاردىن كۆپلەپ تېپىلغان.

1969 — 1970 - يىللىرى قازاقىستاندىكى «ئېسىك قەبرىسى» قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، بۇ قەبرىدىن ئالتۇن كىيىم (كېپەنلىك) بىلەن كۆمۈلگەن شاھزادىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردىن ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن ياسالغان ئالتۇن بويۇن ئاسقۇ قاتارلىق نەچچە مىڭ دانە ئېسىل ئالتۇن



26- رەسىم. قازاقىستان، «ئېسىك قەبرىسى»دىن تېپىلغان ئالتۇن كىيىملىك [illegible] شاھزادىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئالتۇن كىيىملىرى

بۇيۇملار، كۈمۈش قوشۇق، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خەنجەر، قىلىچ، ساپال، ياغاچ ۋە مېتالدىن ياسالغان قاچىلار، كۈمۈش چام، برونزا كۈزگۈ (ئەينەك)، ئېسىل تاش ۋە سەدەپتىن ياسالغان مارجان قاتارلىقلار تېپىلغان (بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى IV — III ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن).

ئىلى ۋادىسى تەۋەسىدە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان ھەيۋەتلىك ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر ئۆزىنىڭ سانى، زىچلىقى جەھەتتە يەتتە سۇ رايونى (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە بازىرىق تاغلىق ئالتاي رايونىدىن تېپىلغان قەبرىستانلىقلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ كەمگىچە ئىلى ۋادىسىدىكى پايانسىز يايلاقلارغا جايلاشقان بەزى ھەيۋەتلىك قەبرىلەرگە قايسى بىر خاقان، خانزادە، سەركەردىلەرنىڭ دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىغان بولسىمۇ، مەشھۇر ئىلى ۋادىسى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، ئارخېئولوگىيىلىك ئۆچۈرلار — ئەگەر بۇ ۋادىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، نۇقتىلىق قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «ئېسىك قەبرىسى» دىكىدەك ئاجايىپ قىممەتلىك مەدەنىيەتنىڭ تېپىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

1983 - يىلى يازدا، كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بىكتۇەننىڭ كۈنەستىكى مەلۇم تۇەن مەيدانى مۇشۇ قەبرىستانلىق جايلاشقان يەرگە خومدان ياساش ئۈچۈن، بىرنەچچە قەبرىنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن تۈزلىگەن، نەتىجىدە بىرنەچچە قەبرە ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران بولۇپ، تەلىيىمىزگە بەزىبىر قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

(برونزا ھەيكەل، ئۈچ پۇتلۇق برونزا قازان، برونزا پالتا
قاتارلىقلار) باشقىلارنىڭ قولىدىن يىغىۋېلىنغان. ئۇقۇشۇمچە،
شۇ چاغدا برونزا بۇيۇملار بىلەن بىللە يەنە، ئالتۇن ۋە
كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ئېسىل بۇيۇملارمۇ توپا ئارىسىدىن چىق-
قانىكەن، بىراق ئۇ نەرسىلەر تېپىلمىدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا
توپا ئارىسىدىن يەنە ساپال پارچىلىرى، ئادەم ۋە ھايۋانات
سۆڭەكلىرى قاتارلىقلارمۇ بايقالغان. تۆۋەندە ئۆزگىچە ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە بىرقانچە برونزا بۇيۇمنى تونۇشتۇرۇپ
ئۆتىمەن:


(1) بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان يولۋاس سۈرەت-
لىك ۋە قاناتلىق غەلىتە ھايۋان سۈرەتلىك برونزا بويۇن
ئاسقۇدىن ئىككى دانە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىئامېتىرى 28 —
31 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان
ئىككى يولۋاسنىڭ يۈزى، كالپۇكلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ
تۇرغان، گەۋدىسى يۆگىشىپ تۇرغان دۈگىلەك شەكىلدە ياسال-
غان بولۇپ، بۇ «ئېسىك قەبرىسى»دىن تېپىلغان ئالتۇن بو-
يۇن ئاسقۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

(2) ھايۋان ھەيكىلى قوندۇرۇلۇپ ياسالغان چوڭ چاسا برونزا
تاۋاق. چاسا برونزا تاۋاقنىڭ تەگلىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن تاۋاقنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قوندۇرۇلۇپ ياسالغان ھايۋان
ھەيكەللىرىدىن ئىككى ئېيىقنىڭ ھەيكىلى ساقلىنىپ قالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېكەس، موڭغۇلكۈرە، سوپۇن-
بۇلاق تەۋەسىدىكى قەبرىلەردىن پۇتىغا ھايۋانات، ئادەم رە-
سىمى چۈشۈرۈلۈپ ياسالغان، تۆت پۇتلۇق چوڭ چاسا (برونزا)
پەتنۇس ـ تاۋاقلار تېپىلدى. بۇ خىلدىكى برونزا بۇيۇملار
ئۆز زامانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر ـ چىراقلار ۋە كاتتا
زىياپەتلەردە ئىشلىتىلگەن.

(3) سەركەردە ھەيكىلى. برونزىدىن ياسالغان بۇ ھەي-

كەلنىلك ئېگىزلىكى 40 نەچچە سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ.



27 - رەسىم. كونەستىكى قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغان برونزىن ياسالغان سەركەردە ھەيكىلى

ھەيكەل قەددى - قامىتى كېلىشكەن، بەستلىك، قاڭشارلىق، يوغان ۋە چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، بېشىغا ئۇچى ئېلمەك ئېگىز قالپاق كىيگەن، بىر پۇتى

بىلەن تىزلانغان، ئىككى قولىدا بىر نەرسە تۇتۇپ تۇرغاندەك (تۇتۇپ تۇرغان نەرسە يوقالغان) قىياپەتتە ناھايىتى ئوبراز-لىق ياسالغان. ئۇ خۇددى خاقان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئىجازەت سوراۋاتقان باتۇر سەركەردە ئوبرازىغا ئوخشايدۇ.

ئىلى ۋادىسىدا تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر، يەتتە سۇ رايونى، ئالتاي تاغلىق رايونى تەۋەسىدىن ئېنىقلانغان چوڭ تىپتىكى ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات، قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمكى ساقلار (ساق قەبىلىلىرى) نىڭ ئىگەنلىكىنى ئىسپاتلىمىدى. ئېنىقلانغان ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەرنىڭ بىر قىسمى قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىلى يايلاقلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئەجدادلىرىمىزدىن هون، ئوغۇز، ئۇلۇغ تۇخرىي-لار، ئۇيسۇن قاتارلىق قەبىلىلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. بۇ نۇقتا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش-لەردە تولۇق ئىسپاتلانغۇسى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتە سۇ رايونى بىلەن ئالتاي تاغ-لىق رايونى، پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، تىيانشان تاغلىرى ئەتراپلىرىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىلىرىغىچە؛ ئىلى ۋا-دىسى، كۈنەس - يۇلتۇز يايلاقلىرىدىن تارتىپ تاكى ئارغۇ-غول (ئالغۇي) جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىغىچە بولغان بۇ ئېسىل يايلاق رايونلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - مىڭ يىللىقلار (بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى) دىلا ساقلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي جايلىرى ئىكەنلىكى ئىس-پاتلانماقتا. ساقلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم ئېتنىك تەركىب بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان تىيان-شان تاغلىرى ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشاپ

كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى بىلەن بارا - بارا سىڭىشىپ كەتكەن.
ساقلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك ئورنى، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ ئۇلارنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىدا سۆزلەشكەنلىكى، تولۇق تۈركىي تۈس ئالغان بۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھونلارغا ئوخشاش بولۇپ، كۆندۈزى قۇياشقا، كېچىسى ئايغا چوقۇنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ساق قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئاجايىپ ئېسىل يادىكارلىقلار ساق قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يۈكسەك مەدەنىيىتىنى نامايان قىلسا، ئۇلارنىڭ خان، خاقان، شاھزادە، سەركەردىلىرىنىڭ قەبرە ئۈستى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، دەپنە يوسۇنلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ مولluqى شۇ دەۋردىكى ساق پادىشاھلىرىنىڭ قۇدرەتلىكلىكىدىن، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق خەلق ياكى مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ نامى تېخى ئەلگە تونۇش بولمىغان مەزگىلدىن يەنى قەدىمكى رىۋايەت باسقۇچى ياكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىن باشلاش تارىخ پەنىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئۇقۇم. ئالايلۇق، رۇس تارىخچىلىرى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسەن رۇس خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «رۇس» نامى تارىختا مەلۇم بولمىغان ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن باشلىسا، «خەنزۇ» خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى، تارىخىنى خەنزۇ دېگەن نام تېخى مەلۇم بولمىغان ناھايىتى بۇرۇنقى «يەن - خۇاڭ»، «ياۋ»، «شۇن - يۈ» ۋە باشقا قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن باشلايدۇ. دېمەك، مۇشۇنداق قىلىش،

تارىخنى ئەنە شۇنداق باشلاش ــ باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىـ
نىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە تېگى ـ تەكتىنى، تارىخنى ناھا-
يىتى قەدىم دەۋرلەردىن، تارىختا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى ئەجداد-
لىرىدىن باشلىغانلىقىغا ھېچقانداق زىت كەلمەيدۇ.

ساقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا «خەننامە»، پارس ۋە يۇنان مەنبەلىرىدە مۇھىم بايانلار بار. مەسىلەن، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ئاسىيۇلار» دا: «...ئاسىيۇ دۆلىتى... شەرقتە ھون، غەربىي شىمالدا كانگا (كاڭگۈي، كاڭجۈي)، غەربتە پەرغانە، جەنۇبتا شەھەر دۆلەتـ لىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ (يەرلەر) ئەسلىدە ساقلارنىڭ زېمىنى ئىدى. ئۇلۇغ توخرىيلار غەربتە ساق خېنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ساق خاقانى شەندۇ (كۆكئارت) دىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلۇغ توخرىيلار ئۇلارنىڭ زېمىندا ماكانلاشتى. كېيىن ئاسىيۇ كۇنبېيسى ئۇلۇغ توخرىيلار- نى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئۇلۇغ توخرىيلار يۆتكىلىپ، غەربتە باكتېرىيىگە بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاسىيۇ كۇنبېيسى ئۇلارنىڭ زېمىندا ماكان تۇتتى. شۇڭا، ئاسىيۇ دۆلىتىدە ساقلارمۇ، ئۇلۇغ توخرىيلارمۇ ساقلىنىپ قالدى...» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «خەننامە. كەشمىر دۆلىتى» دا: «بۇرۇن ھونلار ئۇلۇغ توخرىيلارنى مەغلۇپ قىلـ غان. ئۇلۇغ توخرىيلار غەربكە بېرىپ باكتېرىيىدە دەۋران سۈردى. ساق خاقانى جەنۇبتا ــ كەشمىردە دەۋران سۇرگەنـ دىن باشلاپ، ساق قوۋملىرى بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلار بىرنەچچە دۆلەت قۇردى. سۇلې (سۇللۇغ ــ قەشقەر) نىڭ غەربىي شىمال- لىدىكى ئەركەشتام، جۇندۇ (بۈگۈنكى ئاقچى ناھىيىسى تەۋ- ۋەسىدە) دۆلەتلىرىنىڭ خەلقى ئەسلىدە ساق قوۋمىدىن ئىدى...» دېيىلگەن.

يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەسىرى

«تارىخ»تا: «...پارسلار بارلىق سىكتىئانلارنى ساقلار دەپ ئاتايدۇ... سىكتىئانلارغا تەۋە ساقلار بىر خىل ئىگىز قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تىك، ھەم قاتتىق، ئۈستى تەرىپى ئۇچلۇق كېلىدۇ... ئۆز ئېلىدە ياسالغان ئوقيا ۋە خەنجەردىن باشقا، ئۆزلىرى سانگارىس دەپ ئاتايدىغان جەڭ پالتىسى ئېسىۋالىدۇ...» دەپ يازغان.

بىز يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن ساق قەبىلىلىرىنىڭ ھەرىكەت قىلغان، ماكانلاشقان جايلىرىنى بىلگەندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ ناملىرى ھەرقايسى دەۋر ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر تىللىرىدا خىلمۇ خىل ئاتالغانلىقىنىمۇ بىلەلەيمىز. پارس مەنبەلىرىدە دېيىلگەن تىگراخائۇدالار (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساقلار مەنىسىدە) — ئەمەلىيەتتە شەرقىي ساقلار بولۇپ، ئۇلارنى يۇنانلىقلار «سىكتىئانلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلار كىيىنىش جەھەتتە ئۇچىسىغا ئۇزۇن (بەزىلىرى كالتە) چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا ھەر خىل ئۇچلۇق قالپاقلارنى كىيگەن. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان، كونەستىن تېپىلغان بېشىغا ئەگرى ئۇچلۇق، ئىگىز تالپاق كىيگەن قامەتلىك سەركەردىنىڭ ھەيكىلى — ئەينى زاماندىكى ساقلارنىڭ تۇرقى، كىيىنىش ئالاھىدىلىكىنى ئەتتىق قىلىشتا تولىمۇ قىممەتلىك ماددىي پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن 60 — 70 - يىللاردا موڭغۇلكۈرەدىكى شوتا؛ كونەس، تېكەس، سوپۇنبۇلاق (چاپچال) تەۋەسىدىكى ئېگىز تۆپىلىك (چوك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى) قەبرىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى، ئاخىرەتلىك بۇيۇملار تۆۋەندىكىچە بولغان: ئادەتتەقەبرىلەرگە بىر ئادەم، بەزىلىرىگە ئەر - ئايال بىللە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى غەربكە، پۇتى شەرققە قارىتىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. قەبرىلەرگە قويۇلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ

گۈلرى، بىسانى ئوخشاش ئەمەس، مەسىلەن، گۈنەس قارا تاغ‍
دىكى قەبرىلەردىن ئاساسلىقى، بىر قۇلاقلىق رەڭدار ساپال
كوزا، رەڭدار ساپال جام، رەڭدار ساپال قازان، تۇچتىن
ياسالغان كۆرگۈ، برونزا ھالقا (قۇلاققا سالىدىغان)، كىچىك
تۆمۈر پىچاق قاتارلىق نەرسىلەر، شوتا يېزىسى ۋە تېكەس
تىكى بەزى چوڭ قەبرىلەردىن بىر قۇلاقلىق سىدام ساپال
كوزا، ساپال جام، تاش كومزەك، ساپال تاۋاق، قورسىقىنىڭ
يۇقىرىسىغا ئاي شەكىللىك ئەگمە سىزىقلار چىقىرىلغان ساپال
قازان، ساپال تورسۇق، برونزا يۈگەن، برونزا ھالقا، ياقۇت
كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ھالقا، برونزىدىن ياسالغان
ھەرخىل بېزەكلەر، تۆمۈر خەنجەر، سۆڭەكتىن ياسالغان
زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر (چويۈن) ساپان چەتى، بىر قىسىم
تاش قوراللار، يۇڭ توقۇلما قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان.




28 - رەسىم. موڭغۇلكۈرە شوتا يېزىسىدىكى ئېگىز تۆپىلىك قەدىمكى
قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال تورسۇق

ساپاللارغا تەتۈر ئۈچ بۇرجەك، قىيپاش ئۈچ بۇرجەك، رۇجەك (تور) سىمان، كۆپ قاتلاملىق، ئەگرى - بۈگرى سەزنىقلىق گۈل - نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن.

## نۇراساي جىلغىسىدىكى قەدىمكى مىس كان ئىزى

1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان نۇراساي جىلغىسىدىكى 10 نەچچە ئورۇندىن قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى تېپىلدى. بۇقەدىمكى مىس كانلىرى مەدەن قېزىش ۋە مەدەن تاۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مىس كان قۇدۇقلىرىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىزى بەش مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 12 — 20 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقانچە تىك قۇدۇق خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. كان قۇدۇقلىرى ئىچىدە توغرىسىغا قويۇلغان بىرمۇنچە لىملار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن كاننىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. قۇدۇق ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان لىملارغا قاراپ ئۇلارنى قاتلاملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بەزى لىملارنىڭ ئىككى ئۇچى رودا قاتلىمىغا قىمىسىپ كىرگۈزۈلگەن، لېكىن دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رودا قاتلىمىغا تىرەلگەن لىملارنىڭ كۆپىنچىسى كان قۇدۇقىنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ كېتىپ. كۆپ مىقداردىكى رودا، قەدىمكى تاش قوراللار شېغىل توپىلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن تۆت - بەش مېتىر قېلىنلىقتا قاتلام شەكىللەنگەن.



29 - رەسىم. ئىلقا ناھىيە ئۇراسايدىكى قەدىمكى مىس كان ئىزى

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئون نەچچە تىك كان قۇدۇ-قىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قۇدۇق تەكتىدىكى شاختا بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ، مۇكەممەل يەرئاستى مەدەن قېزىش تورلىرىنى ھاسىل قىلغان.

كان خارابىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر تەكشى جايدا

قەدىمكى مەدەن تاۋلاش مەيدانىنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇيەردە كەلگەن سۇلىرى پەيداقىلغان جىرالارمۇ ئو- چۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قەدىمكى مەدەن تاۋلاش مەيدانىدىكى كۆلىمى 0.5 × 1.5 × 20 مېتر كېلىدىغان داشقال قاتامىدىن ساپال پارچىلىرى، رودا، داشقال ۋە دەسلەپ ئېرىتىلگەن يۇمىلاق مس نوكچىلىرى تېپىلغان. نوكچىلارنى نۇر ئارقى- لىق ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ مس تەركىبىنىڭ 60% ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا داشقال ۋە تاۋلانغان مىسنىڭ تۆشۈكچىلىرىدە ياغاچ كۆمۈر قالدۇقلىرى- نىڭ بارلىقىغا قارىغاندا، ئۆز زامانىسىدىكى مەدەن تاۋلاشتا ياغاچ كۆمۈرى يېقىلغۇ قىلىنغان.

قەدىمكى كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن تې- پىلغان تاش قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋرۈكسىمان چوڭ تاش بازغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان قوراللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى ئۇچلۇق، يەنە بېشى يۇمىلاق، دىئامېترى س. م 20 كېلىدۇ. تاش قۇراللارنىڭ توم تەرىپىگە ساپ بېكىتىشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن توغرىسىغا + شەكلىدە نوكەش ئوچولغان.

كان تېگىدىن تېپىلغان لىم ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 $(C_{14})$ ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ دەۋرى بۈنىڭدىن 2650±170 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقى- رىشقا بولىدۇكى، بۈنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇن مۇشۇ مىس كانلارنى ئاچقان ئەجدادلىرىمىز خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى

كان قېزىش، مەدەن تاۋلاش، مىس - بىرونزا بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن (جۈملىدىن ئىلى ۋادىسىدىن) تېپىلغان مىس - بىرونزا بۇيۇملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى مىس بىلەن قەلەي ياكى قوشۇشۇنى قوشۇپ ئېرىتىپ بىرونزىنى كەشىپ قىلىش ۋە بىرونزىدىن ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەربىي قورال - ياراقلىرىنى ياساش مىلادىدىن 300 يىل بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ھازىرغىچە ئىلى ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقان مىس - بىرونزا بۇيۇملاردىن داڭقان، قازان، كۆرگۈ، پالتا، خەنجەر - پىچاق، ھەيكەل ۋە ئىگەر - جابدۇق بېزەكلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز جايىدىكى ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسالغان يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان نۇراسايدىكى قەدىمكى مىس كان خارابىلىرى بىلەن ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان ھەرخىل مىس - بىرونزا قوراللار ئىلى ۋادىسىنىڭ قەدىمكى مىس - بىرونزا بۇيۇملار دەۋرى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

### تاش ھەيكەل (بالبال)، سىنتاش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تاش پاسىللىق قەبرىلەر

ئىلى ۋادىسىدىكى بالبال ۋە سىنتاشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى موڭغۇلكۈرە — تېكەس يايلاقلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، نىلقا، قورغاس، توققۇزتارا ناھىيىلىرى تەۋەسىدە ئازراق ئۇچرايدۇ.

موگگۈلكۈره تەۋەسىدىكىلەرى ئاساسەن شوتا، ئاقسۇ، چوڭ - كىچىك خونىقاي، ئاغىيازنىڭ قوڭغۇر بۇلاق، كۆپىرتى، سىنتاش دېگەن جايلىرى، ئارپالى كۆۋرۈك، كىندىك تاس قاتارلىق يايلاق - قىشلاقلارغا جايلاشقان.

تېكەس تەۋەسىدىكى بالبال ۋە سىنتاشلار ئاساسەن چوڭ - كىچىك قوشتاي، كۆك تېرەك، چولاق تېرەك، قارا دالا، چاغانساي، ئاق تاش، بۇزئادىر، قاراغانتى قاتارلىق جايلاردىكى ئوت - چۆپى ئەلۋەك، سۇلىرى مول تەبىئىي ئوتلاق قىشلاقلارغا جايلاشقان؛ ئومۇمەن تاش ھەيكەل ۋە سىنتاشلارنىڭ ماتېرىيالى ئۆز يېرىدىكى تاغ - ئېدىر، جىلغا - سايلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاق، كۆك، قىزغۇچ، چىپار، قارامتۇل تەبىئىي مەرمەر تاشلار بولۇپ، ئاددىي، قوپال، قىياسەن ياسالغان بەزى سىنتاش ۋە بەلگە تاشلار ئادەتتىكى ئۇزۇنچاق ساي تاشلىرىدىنمۇ ياسىلىدۇ.

بالبالارنىڭ ئۆلچىمى (ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، تاشنىڭ قېلىنلىقى)، ياسىلىش ئۇسۇلى، ئوبرازى قاتارلىقلار بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، 2 مېتىردىن ئاشىدۇ. بەزىلىرى كىچىكرەك بولۇپ، 1 مېتىردىن ئېگىزرەك كېلىدۇ. ئومۇمەن، تاش ھەيكەللەردە قىسمەن پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنە تۆۋەندىكىچە ئورتاقلىقلار بار:

1) تاش ھەيكەللەرنىڭ باش قىسمى كىچىرەك، گەۋدە قىسمى چوڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، يۈزى چوڭ، پېشانىسى كەڭ، بۇرۇتلۇق، يالاڭباشتاق (قىسمەن لىرىنىڭ باش كىيىم، تاج، چېكىلىكلىرى بار) بولۇپ، ئوڭ قولىدا قەدەھنى مەيدىسىگە تىرەپ تۇتۇۋالغان، سول قولىدا

بىلەندىكى كەمەرگە ئىسىلغان قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتقان، ئوڭ بىلىگە شەمشەر (ياكى خەنجەر) ئىسىلغان قىياپەتتە بولىدۇ. ئۆز زامانىسىنىڭ تاشچى، بالبالچى - سەنئەتكارلىرى بىخىرىم مەرمەر تاشلارنى تاللاپ، مىتالدىن ياسالغان ھەر خىل ئۈچكە، ئۆتكۈر قىرىش - يونۇش قوراللىرى بىلەن بالبالنىڭ باش، قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇن، قۇلاق، ساقال - بۇرۇت، پۇت - قول، قورال - جابدۇقلىرىنى كۆپتۈرمە شەكىلدە كۆركەم ۋە ئوبرازلىق قىلىپ ئويۇپ (چېكىپ) چىققان.


2) تاش ھەيكەل (بالبال) لەر بىپايان يايلاق - قىشلاقلاردىكى بەزى تاش تاۋۇتلۇق، تاش پاسىللىق، تاش دۆۋىلىك قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزى شەرق تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ.

3) ھەيكەللەرنىڭ شەكلى، قىياپىتى، ئوبرازى ۋە باشقا جەھەتتە مەلۇم پەرقلەرنىڭ بولۇشى، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ناھايىتى نەپىس، قامەتلىك، مەرد - جەسۇر قىياپەتتە، بەزىلىرى ساددا، سالاپەتلىك، ئاددىيلىكتە ياسىلىشى ئۆز دەۋرىدىكى سەنئەتكارلارنىڭ بىر خىل سەنئەت ئۇسلۇبى بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇ مەلۇم بىر دەۋردە ياشىغان مەلۇم مىللەت (ياكى قەبىلە) ئەزالىرىنىڭ تەقى - تۇرقىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەت، يوسۇنلىرىدىكى ئوخشاشلىقلارنى ئاشۇ خىل سەنئەت ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدۇر.

تۆۋەندە تېكەس يايلاقلىرىدىكى تاش ھەيكەللەر ئىچىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرقانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1. كىچىك خونقايدىكى بالبال — موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي 5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كىچىك خونقاي يايلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئوت -

چۆپلىرى مول كەڭرى يايلاقتا مۇشۇ خىل ئالاھىدە ياسالغان. ھەيكەلدىن پەقەت بىردىلا بولۇپ، ئۇنىڭ يەردىن چىقىپ تۇرغان ئېگىزلىكى 1.90 مېتر (يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن قىسمى بىلەن ھېسابلىسا 2.50 مېتر كېلىشى مۇمكىن)، كەڭلىكى (ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى) 56 سانتىمېتر كېلىدۇ. ھەيكەلنىڭ بېشىدا بىر خىل تاجىغا ئوخشاش كىيىم بار. ئۇنىڭ قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇن، قۇلاق، بۇرۇتلىرى كۆپتۈرمە شەكىلدە كۆركەم ئويۇلغان. ئوڭ قولىدا قەدەھ تۇتقان، بېلىدە كەمەر، سول قولىنى بىرئاز ئېگىپ تۆۋەنگە ساڭگىلاتقان،



30 - رەسىم. موڭغۇلكۇرە كىچىك خونەقايدىكى بالبال رەسىمى
A — ئالدى كۆرۈنۈشى؛
B — كەينى كۆرۈنۈشى.

قولىقىدا ھالقىسى بار، يۈزى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. ھەيكەلـ نىڭ ئارقىسىدا دىئامېتىرى 26 مېتىر كېلىدىغان تاش دۆۋىلىك قەبرە بار. بۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ــ يانپاشتىن تۆـ ۋەن 60 سانتىمېتىر ئارىلىقتا سوغدىچە 20 قۇر خەت (خەتلەر ھەيكەلنىڭ ئالدى ۋە ئىككى يېنىغا) ئويۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كەينى تەرىپىدە (بېشىدىن تارتىپ بەلنىڭ تۆۋەن قىسمىغىچە) ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈملىرىگە ئوخشىتىپ ئويۇلغان سەككىز قۇر ئويمان، ئۇزۇن سىزىق ئېنىق كۆرۈـ نۈپ تۇرىدۇ.

سوغدىچە يېزىق ئويۇلۇپ، ئالاھىدە نەپىس ئىشلەنگەن بۇ خىل تاش ھەيكەل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېگانە نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئويۇلغان سوغدىچە يېزىقنىڭ


13-رەسىم. كىچىك خونقايدىكى بالبالنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سىزىلغان رەسىمى


مەنىسى ھازىرچە يېشىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلمەكتە (ئۇنىڭ يېزىقى سوغدىچە بولغان بىلەن تىلى بەلكى تۈركچە بولۇشىمۇ مۇمكىن).

ھەيكەلنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىـ چە: مەن ئىلى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكـ شۈرۈش خىزمىتى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ ھەيكەلنىڭ قېشىغا 1958 ــ 1961 ــ 1963 ــ 1983 ــ يىللىرى بولۇپ، بىرـ نەچچە قېتىم باردىم. ھەيكەل مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى

تەبىئىي بۇزغۇنچىلىق، كۈنگە قاقلىنىش، قاتتىق قار - بوران، يامغۇردا قېلىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەدرىجىي خوراپ، نەتىجىدە، باشنىڭ سول تەرىپى، كۆز، بۇرۇن، قۇلاقلارنىڭ ئەسلى ھالىتى ئۆزگىرىپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە پۇچۇلۇپ كەتكەن. سول تەرەپتىكى بۇرۇتى بىلەن ئاغزى (ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى كالپۇكلىرى)، قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن. ھەيكەلنىڭ كۆكرەك، ئىككى يېنى ۋە بەلنىڭ تۆۋىنىدىكى سوغدىچە خەت ئويۇلغان قىسمىدا چاك كېتىپ، يېرىلغان بىرمۇنچە ئىزلار بار ئىكەن. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، 1983 - يىلى 8 - ئايدا بۇ ھەيكەلنى قايتا تەكشۈرگىنىمدە، ھەيكەلنىڭ كەينىدىكى قەدىمكى تاش دۆۋىلىك قەبرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قالايمىقان كولىنىپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆردۈم.

2. سىنتاشتىكى بالبال ئاغنىياز يېزىسىنىڭ سىنتاش يايلىقىدىكى بىرقانچە ئورۇندا تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر بولغاندىن تاشقىرى، ئۆز زامانىسىدا بەزى قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلەنگەن بالباللار بار ئىكەن. 70 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە، بۇ تاش بالباللارنىڭ بەزىلىرى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلىپتۇ، ھەتتا بەزىبىر نەپىس ۋە ھەيۋەتلىك ئىشلەنگەن بۇ بالباللار ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلگەندىن تاشقىرى چېقىپ تاشلىنىپ، مال قوتىنىنىڭ ئىچىگە تام - توسۇق ئورنىدا ئىشلىتىلىپتۇ.

1983 - يىلى 8 - ئايدا، سىنتاشنى تەكشۈرگەن چېغىمىزدا، ئەسكى تاملىقنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويۇلغان بىر بالبالنى رەسىمگە ئالدۇق. ئاق چىپار تاشتىن ياسالغان بۇ بالبال گەرچە كۆركەم بولمىسىمۇ، لېكىن بىجىرىم ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ باش قىسمى (قاش، كۆز، بۇرۇن، ئېغىزى، بۇرۇت، ئېڭەكلىرى) نى خېلى ئېنىق ئويۇپ چىققاندىن تاشقىرى، ئىككى قولىنىڭ ئىزنالىسىمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ؛ بالبال-



32 - رەسىم. ئاغىياز بىز سىنتاش يايلىقىدىكى بالبال


نىڭ ئۆلچىمى 1.43 × 34 × 36 مېتر.

چېقىپ تاشلىنىپ تام - تۇسۇق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بالبال ئەسلىدە كۆك چىپار مەرمەر تاشتىن ناھايىتى كۆركەم ئىشلەنگەن بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان بىر پارچىسىدا ئوڭ قولىدا قەدەھ تۇتۇپ تۇرغان، سول قولىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان ھالەت ناھايىتى ئېنىق بىلىنىدۇ.

بۇ ھەيكەل 1961 - يىلى، ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى مىلچېك يايلىقىدىن تېپىلغان سارغۇچ چىپار مەرمەر تاشتىن ياسالغان، كۆركەم، بېجىرىم بالبالغا تامامەن ئوخشايدۇ (ھازىر بۇ بالبال ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا).

سىنتاش يايلىقىدا بۇزۇۋېتىلگەن ئاشۇ قىممەتلىك بالبالنىڭ ئەينەن ھالىتىنى بىلىش ئۈچۈن تۆۋەندە بورىتالا-دىكى مىلچېك يايلىقىدىن تېپىلغان بالبالنىڭ فوتو سۈرىتىنى قوشۇمچە تونۇشتۇردۇم: بۇ بالبالنىڭ ئېگىزلىكى 2.85 مېتر بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قامەتلىك، ھەيۋەتلىك تىپتە كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىسى چوڭ، كۆزلىرى يوغان، بۇرنى قاڭشارلىق، يۈزى چوڭ ۋە يۇمىلاق، پېشانىسى كەڭ، شاپ بۇرۇت، ياڭاقباشتاق، ئوڭ قولىدا قەدەھنى مەيدىسىگە تىرەپ تۇتقان، سول قولىدا غىلاپلىق ئۇزۇن قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتقان، بېلىدە كەمەر، ئوڭ تەرەپ (كەمەر) كە غىلاپلىق شەمشەر (خەنجەر) ئېسىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئوڭ تەرەپ يانپىشىغا ھەميانغا

ئوخشاش نەرسە ئويۇلغان بولۇپ، پۇتىدا ئۆتۈك، ئۈچىسىدا ئۇزۇن تون (تىزىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ) بار.



33 - رەسىم. بۆرىتالادىكى مىلچىك يايلىقىدىن تېپىلغان بالبال

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىلى ۋادىسىدىكى ھەرقايسى يايلاقلاردا بىرمۇنچە سىنتاشلار بار. «سىنتاش»دېگىنىمىز — بالبالنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ بالباللارغا قارىغاندا كىچىك. ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئاددىي. ئادەتتە ھەر خىل تەبىئىي تاش ماتېرىياللىرىنى ئانچە سىلىقلىمايلا، ئادەمنىڭ باش قىسمى (قاش — كۆز، ئېغىز — بۇرۇن، قۇلاق، بۇرۇت قاتارلىقلار) نىڭ ئىزناسىنى ئاددىي سىزىقلار بىلەن ئويۇپ (چېكىپ) ياسالغان. سىنتاش


لارمۇ قەدىمكى تاش دۆۋىلىك ياكى تاش پاسىللىق قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تىكلىنىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكىسىنىڭ يۈزى شەرققە قارىتىلغان (بەزى ئەھۋاللاردا تەبىئىي جايلىشىش سەۋەبىدىن باشقا تەرەپلەرگە قارىتىلغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ). سىنتاش تىكلەنگەن قەبرىلەر ئادەتتە، بالبال تىكلەنگەن تاش دۆۋىلىك ياكى تاش پاسىللىق قەبرىلەرگە قارىغاندا، نىسبەتەن كىچىك ۋە ئاددىي بولىدۇ. بۇ خىل كىچىك قەبرىلەرنىڭ ئىگىلىگەن مەيدانىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تىپتىكى قەبرىلەردە، ئاخىرەتلىك بۇيۇم (مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى) لار ئاز ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ساقلارغا ئائىت ھەيۋەتلىك ئېگىز تۆپىلىك قەبرىلەر بىلەن ئالدىغا كۆركەم بالبال تىكلەنگەن قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرگە ئائىت تاش دۆۋىلىك ياكى تاش پاسىلىق قەبرىلەر ئەينى زاماندىكى ساق ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ يۇقىرى تەبىقە (ھۆكۈمران گۇرۇھى) سىگە مەنسۇپ بولۇپ، سىنتاش تىكلەنگەن ئاددىي ۋە كىچىك قەبرىلەر تۆۋەن تەبىقە (ئەمگەكچى خەلق) گە ئائىت ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل پەرق — ئۆز زامانىسىدىكى ئىككى خىل تەبىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تۆۋەندە، موڭغۇلكۈرەدىكى شوتا، ئاغىيازنىڭ قوڭۇر بۇلاق يايلاقلىرىدىن تېپىلغان سىنتاشلاردىن بىرقانچىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1) شوتا يېزىسىنىڭ غەربىدىن 6 — 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دارجا دېگەن ئوتلاقتا بىرنەچچە تاش دۆۋىلىك، تاش پاسىللىق كىچىك قەبرىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك قەبرىنىڭ ئالدىغا سىنتاش تىكلەنگەن (سىنتاش ھازىر ئورنىدىن يۆتكىلىپ يەرگە ياتقۇزۇلغان ھالەتتە). سىن-

تاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.30 مېتىر، كەڭلىكى 48 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ تاشنىڭ يۇقىرى تەرىپىـ گە ئاددىي قىلىپ، ئادەمنىڭ باش قىسمىنىڭ سىماسى، تۆۋەن تەرىپىگە قەبىلە تامغىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر بەلگە چېكىلگەن. قىياپىتى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان




34 - رەسىم. موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى شوتا يېزىسىنىڭ دارجادىكى بىنتاش رەسىمى

بىنتاشنىڭ يەنە بىرى شوتا دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئوتلاقتا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىمۇ تاش ياسىلىق كىيىك قەبرە بار.

2) ئاغياز يېزا قوڭغۇر بۇلاقنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تەكشىلىكتە تاغ باغرىغا جايلاشقان پىرامىدچە تاش دائىرىلىك

ئاددىي قەبرىلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە ـ يەتتە قەبرىنىڭ [illegible]
ئالدىغا قىيا پىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان چوڭ ـ كىچىك
سىنتاشلار تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزى شەرققە قارىتىل-
غان. سىنتاشلار ئىچىدە ئىككىسى (بىرى چوڭ، يەنە بىرى
كىچىكرەك) نىڭ ئوبرازى باشقا سىنتاشلارغا ئوخشىمايدۇ:
ئۇنىڭ بېشىدا ٨٨٨ شەكىللىك تاجى، قۇلىقىدا ھالقىسى بار،
قارىماققا ئاياللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.



35 ـ رەسىم. ئاغىيازدىكى قوغۇر بۇلاقتىكى سىنتاش رەسىمى

3) تېكەس ناھىيىسىنىڭ قارا دالا، مىڭ بۇلاق دېگەن
جايلىرىدا كۆپلىگەن تاش پاسىللىق قەبرىلەر بار. بۇ قەب-
رىلەرنىڭ بەزىلىرى 60 — 70 ـ يىللاردا تېرىقچىلىق قىلىش
جەريانىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قەبرىلەردىن بىرونزا
قوراللار، تۆمۈر پىچاق قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغانىكەن.
قارا دالادىكى بەزى قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا سىنتاش تىك-
لەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 95 سان-

تېمىتر، كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ بېشى، قولى، قورساق قىسمىغا چۈگۈنىگە ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ سىماسى چېكىلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بالبال، سىنتاش، تاش تۆپىلىك، تاش پاسىللىق قەدىمكى قەبرىلەر يالغۇز ئىلى ۋادىسىدىكى بەزى يايلاق ـ ئوتلاقلاردىلا تېپىلىپ قالماستىن، ئۇلار يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنىڭ) ھەرقايسى جايلىرى ـ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي رايونى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، سىبىرىيە، تاشقى موڭغۇلىيە دائىرىسىدىن كۆپلەپ تېپىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن ئېلىپ ئېيتساق بۇ خىل بالبال، سىنتاش ۋە ئۇلارغا بىنۇئاسىتە مۇناسىۋەتلىك تاش پاسىللىق قەبرىلەر ئىلى ۋادىسىدىن باشقا يەنە ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرقانچە ناھىيىسىدە، بورتالا ئوبلاستىنىڭ يايلاقلىرىدا، تىيانشان تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى ئارا تۈرۈك، باركۆل يايلاقلىرىدىن، تارتىپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى سەيۋوپۇ، بوغدا تېغىنىڭ باغرىدىكى پۇكاڭ، كۈچۈڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن، خوتۇنسۇمۇل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىرقانچە ئورۇنلاردىنمۇ كۆپلەپ تېپىلدى.

ئۇزۇندىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتلىرىدىكى بىر خىل ئورتاق خۇلاسىلەردە ـ قەدىمكى بالبال ۋە سىنتاشلارنى مىلادى VI ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە خاس، قەدىمكى تۈرك (تۈركىي تىللىق مىللەت ۋە قەبىلىلەر) نىڭ قەبرە ئالدىغا تىكلىگەن بەلگىسى دەپ قارالماقتا. قەدىمكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىڭ ياشىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارغان يەرلىرىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا، يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىزدەنگەندە، تېخى ئادەم ئايىغى يەتـ

مىگەن، بىر مۇنچە تاغ ـ جىلغا، يايلاقلاردىن تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ قالغان بالبال، سىنتاش قاتارلىقلار داۋاملىق تېپىلىشى مۇمكىن.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىخى، دىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ماتېرىياللاردا: «...تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس، ئايرىم ساددا دىنلىرى بار ئىدى؛ ئۇلار يەرنىڭ، كۆكنىڭ يەنى پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىنسانلارغا ئەڭ شەپقەتلىك تەڭرى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ (ئۇنىڭغا) ئېتىقاد قىلاتتى. تۇپراق، سۇ، دەل ـ دەرەخ، تۆمۈر كەبى نەرسىلەرنى ئۇلۇغلايتتى، تۇرمۇش ـ مەئىشەت ۋە ئۆزلىرى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان جەڭ ـ سوقۇش ئىشلىرىدا ياردىمى بولغانلىقتىن تۆمۈرنى ھەممە نەرسىدىن بەكرەك ئۇلۇغلايتتى، (شۇڭا) ئىسىملىرىغىمۇ (تۆمۈر) نامىنى قوشۇپ ئاتىشاتتى.

ۋاپات بولغانلارغا قۇربانلىق قىلاتتى ۋە ناھايىتى قاتتىق قايغۇراتتى. (ئۇلارنىڭ) قەبرىسىگە تاشلارنى قويۇش بىلەن بىللە، ئۇلۇغراق ئادەملەرنىڭ تاشلىرىغا ئۇلارنىڭ تىرىك ۋاقتىدىكى ياخشىلىقلىرىنى يېزىپ (ئويۇپ) قوياتتى.

تۈركلەردە سوقۇش قىلىش ۋە جەڭگە قاتنىشىشنىڭ ئۆزى بىر ئۇلۇغ يىگىتلىك سانىلىدىغانلىقتىن، سوقۇشلاردا ئۇلار پەقەت ئۆز مىللىتىنى ياقىلاش ۋە ھىمايە قىلىش كەبى مەقسەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى...

... تۈركلەرنىڭ سوقۇش ئىشلىرىغا ھەۋىسى بەك كۈچلۈك ئىدى؛ ئۇلار قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىلىرىگە، شۇ ئۆلگەن كىشى ئۆمرىدە (جەڭ ـ سوقۇشلاردا) نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەبرىسىگە شۇنچە تاشلارنى تىزىپ قوياتتى ياكى تاشقا ئۇنىڭ سوقۇشلاردا كۆرسەتكەن ھىممەتلىرى (تۆھپىلىرى) نى پۈتۈپ قوياتتى...» دەپ يېزىلغان.*

* زەكى ۋەلىدى: «تۈرك ۋە تاتار تارىخى»، 1 ـ توم، 1912 ـ يىلى قازان نەشرى، 17 ـ، 19 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ن. دەرۋەقە، يۇقىرىدىكى بايانلار ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان
قەدىمكى تۈركلەر (قەدىمكى ... تۈركىي مىللەتلىرى، قەبىلىلىرى)
گە تەئەللۇق، ئالدىغا تاش ھەيكەل ياكى سىنتاش تىكلەنگەن
تاش ياسىللىق قەبرىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن
كېلىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىرغىچە قەدىمكى
تۈرك خاقانلىقى (شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقلىرى)
توغرىسىدا ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە
ئىلى ۋادىسى ۋە ئۇ يەردە ياشىغان قەدىمكى تۈركىي مىللەت-
لەرنىڭ غەربىي تۈرك خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ
داۋاملىق شۇ خاقانلىق تەۋەسىدە ياشاپ ئۆتكەنلىكى قەيت
قىلىنغان، شۇڭا ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان يالمال، سىنتاش،
تاش ياسىللىق قەبرە قاتارلىقلارنى غەربىي تۈرك خاقانلىقى
تەۋەسىدە ياشىغان تۈركىي مىللەت (ۋە قەبىلىلەر) لەرنىڭ
يادىكارلىقلىرى دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇنى تۆۋەندىكى
تارىخىي بايانلار تېخىمۇ تولۇقلايدۇ.

مىلادىنىڭ 576 - يىلى ئۇلۇغ قاغانغا ۋەكالىتەن تۈرك
خاقانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرىدىغان يابغۇسى
ئىستەمى قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىلگە تاردۇ
قاغان (مىلادى 576 — 600 - يىللار)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى
مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى ئاپار قاغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى
ئىنەل قاغان يەتتە يىل (593 — 600 - يىللار) بىلگە تاردۇ
قاغاننىڭ يېنىدا ئورتاق غەربىي قاغان بولۇپ تۇردى.

مىلادى 581 - يىلى، تۈرك خاقانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ
كەتتى. يەتتە سۇ رايونىدىن باشلانغان غەربىي تەرەپ
غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى. بۇ قاغانلىقنىڭ

ئىبىرىتورىيىسى شەرقىي شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا ئامۇ (جەيخۇن) دەرياسى بىلەن ئىرانغىچە، شەرقتە بارىسكۆل (بارىكۆل) دىن تارتىپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە تۇتاشقانىدى. غەربىي تۈرك خاقانلىقى تەۋەسىدە ياشىغۇچى قەدىمكى مىللەت ۋە قەبىلىلەردىن ئاسىيۇ قاڭلى، تۈركەش، تۆلەس، قارلۇق، چىگىل، تۇرا، ياغما، توخسى... قاتارلىقلار ئۆز نامىنى بۇرۇنقىدەك ساقلاپ قالدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى ئىككى چوڭ تارماققا بۆ-لۈنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر چوڭ تارمىقى «بەش نۇشبى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەربىرىگە ئۇلۇغ ئىركىن نامىدا بىردىن خان بولاتتى. يەنە بىر چوڭ تارمىقى «بەش تۆلۇس» دەپ ئاتالدى. بۇلار ئىلى دەرياسى بىلەن چۇ دەر-ياسىنىڭ ئارىلىقىدا ياشايتتى. تۈركەشلەر مانا شۇ بەش تۆلۇس دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەرنىڭ تەركىبىدە ئىدى. بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەربىرىگە ئۇلۇغ چۇر نامىدا بىردىن خان تەيىنلىنەتتى. ئومۇمەن، بەش نۇشبى قەبىلىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدە، بەش تۆلەس قەبىلىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە ياشىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ «ئون ئوق» دەپمۇ ئاتالدى. VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بەش تۆلەس قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان تۈركەشلەر كۈچىيىپ كۈچلۈك ئەلگە ئايلاندى. VIII ئەسىرنىڭ 40 — 50 - يىللىرىدىن كېيىن، غەربىي تۈرك خاقانلىقى ھالسىزلىنىپ، ھاكىمىيەت بارا - بارا تۈركەش ھەربىي فېئوداللىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. تۈركەش خانلىقى 60 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادى 766 - يىلىغا كەل-گەندە، ھاكىمىيەت قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. قارلۇق خانلىقى مىلادى 940 - يىلغىچە 200 يىلدەك ھۆكۈم سۈردى، ئۇنىڭ خان ئوردىسى ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى قويلۇق شەھە-رىدە بولدى. قارلۇق خانلىقى دەۋرىدە يېزا ئىگىلىك، سودا -

سىتىق، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ قويۇقلاشتى. شەرقتىن غەربكە بارىدىغان قەدىمكى كارۋان يولى (يىپەك يولى) بۇ خانلىقنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتەتتى.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەدىمدە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىنىڭ ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلغان: «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توخسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر.»① «ئىلى بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر.»②

## قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى

ھازىرغىچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى تاغلىق رايونلىرىدىكى يايلاق، بولۇپمۇ كۆزلەك ۋە قىشلاقلىرىدىن قورام تاش، قىيا تاشلارغا ئويۇپ چېكىلگەن ھەر تۈرلۈك شەكىل، خىلمۇخىل مەزمۇنغا ئىگە رەسىملەر، رەسىملەر تۈركۈملىرى تېپىلدى.

قىيا تاش رەسىملىرى قورغاس ناھىيىسىنىڭ قۇلۇستۇ، سار بۇلاق، تېكەس ناھىيىسىدىكى قارا ئۆڭكۈر تېغى، قاپسالاڭ، توبەكبايىنىڭ سايى، جىلاندى دېگەن جايلىرى، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ شىمالى بىلەن ئابرال تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا توغرا كېلىدىغان قاراغانتى، تاتراڭ، چۆمىكباي، قىزىل تاش

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 40-بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 1-توم، 124-بەت.

دېڭىز جىلغا ـ سايلىرى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ قارا تۆپە قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان.

رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تاغ ئېغىزلىرى، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ھەرقايسى ساي ـ جىلغىلارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەبىئىي «تاش تام»، يۈزى بىر قەدەر سىلىق، قاتتىق قوڭۇر تاشلارنىڭ تەكشى يۈزىگە چېكىپ ـ ئويۇلغان. رەسىملەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى نەچچە مىڭ يىلدىن بويان كۈنگە قاقلىنىپ تۇرغانلىقتىن، رەسىم ئويۇلغان تاشلار چاك كېتىپ، يېرىلىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

تەبىئىي بۇرغۇنچىلىق ـــ كۈچلۈك قۇياش نۇرى، قار ـ يامغۇر-لاردىن دالدا بولىدىغان جايلارغا تارقالغان رەسىملەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ھەر خىل ياۋايى ھايۋانات رەسىملىرى. بۇ خىلدى-كىلىرىنىڭ يىل ـ دەۋرىمۇ خېلى قەدىمىي بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن بۇغا ـ مارال، غۇلجا ـــ ئارقار، تاغ تېكىسى ـ كۆكمەت ئات، تۆگە، بۆرە، ئىت، قۇش، تۈلكە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى. بۇ خىلدى-كىلەردە ئوقيا ئېتىپ ئوۋ قىلىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، مال ـ چارۋا بېقىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

3) قۇياش، ئاي، دەل ـ دەرەخ، ھەر خىل تامغا، بەلگە ـ نىشان ۋە باشقا جانسىز نەرسىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەر تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزى جايلاردا كېيىنكى دەۋرلەرگە خاس، دىنىي ئېتىقادقا ئائىت رەسىملەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن،

توڭغۇزلۇكۆرە ئاھىيىسىدىكى ئاغىياز دەرياسىنىڭ بويىدىن تېپىلغان ئۆلچىمى 60 × 1.80 × 1.50 مېتىر كېلىدىغان، ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك قورام تاش يۈزىگە بوددا دىنىغا ئائىت رەسىم ئويۇلغان.

قەدىمكى قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ئىنسانىيەت ئۆرنىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمەلىي تۇرمۇشى جەريانىدا



36 ـ، 37 ـ رەسىم. قورغاس قولۇستۇ، تېكەس قاپسالاڭدىن تېپىلغان رەسىملەر

ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئىستېتىك تۇيغۇسى ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن.


ئىلى تەۋەسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى — تىيانشان قىيا تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنى قەدىمدىن تارتىپ تىيانشان ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەبىئەت بىلەن ئېلىشىپ بارغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ياراتقان.

تەكرار ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئەتراپلىق سېلىشتۇرۇش، تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئىلى ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى قەدىمكى زامان ئوۋچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، يەنى بۇنىڭدىن 4000 — 6000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىلدىن تارتىپ ھون ئىمپېرىيىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VII — II ئەسىرلەر) ۋە قەدىمكى تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگىچە ياشىغان، ساق، ھون، ئوغۇز، تۈرك (قەدىمكى ئۇيغۇرلار) قەبىلىلىرىدىن چىققان سەنئەتكارلار ئىجاد قىلغان، دەپ ئېيتالايمىز.

## قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقى چېكىلگەن قەبرە تېشى

1983 - يىلى 8 - ئايدا، تېكەس يايلاقلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتۇرغان چېغىمىزدا، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خادىمى يولداش ئابلىز ئىشارىپ مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر دانە قەبرە تېشىنى بىزگە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ تاش — تېكەس ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قارا توقايدىكى

كىچىك ئېقىن سۇ ئېچىدىن تېپىلغانىكەن (ئەسلىدە قارا توقايدىن ئوتۇن كەسلەپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم توقايدىكى كىچىك ئېقىندىن ئۆتۈۋاتقاندا. سۈزۈك سۇ ئىچىدە تۇرغان بۇ تاشنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى مەدەنىيەت يۇرتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىكەن). قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقى چېكىلگەن بۇ تەبىئىي ساي تېشى سەل قىيپاش يېرىم ئاي شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى 20 × 30 × 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تاشنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىن بىر قۇر (بەش ھەرپتىن تەشكىل تاپقان) چېكىلگەن. خەت چېكىلگەن قۇرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 سانتىمېتىر، ھەرپ بىلەن ھەرپىنىڭ ئارىلىقى بىر سانتىمېتىر، ھەرپلەرنىڭ ئېگىزلىكى 8 — 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.




38 - رەسىم. قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقى چېكىلگەن قەبرە تېشى (A، B)

بۇ قەبرە تېشى ئەسلىدە تېكەس دەرياسى بويىدىكى مەلۇم بىر كىچىك تاش پاسىللىق قەدىمكى قەبرىنىڭ بېشىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدا يەر بەرگەن بىر قېتىملىق كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئېقىن سۇ ئىچىدە توختاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تاشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۇنى ئادەتتە قۇياش نۇرىغا تۇتسا، چېكىلگەن خەتلەر ئانچە ئېنىق كۆرۈنمەيدۇ، سايە يەردە تاش يۈزىگە سۇ پۈركۈپ قارىسا، خەتلەر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. تاشقا چېكىلگەن قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقى ھەرپلىرىنى ئوڭدىن — سولغا قارىتا ئوقۇساق ئۇنىڭ ترانسلېتراتسىيىسى (ھەرپنىڭ نامى — ئوقۇلۇشى) تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

[g] ·[Č] ·[K] ·[y] ·[b]

5 4 3 2 1

(ب، ي، ك، چ، گ)

بۇ ھەرپلەرنى قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ئاساسەن ترانسكرىپسىيە قىلىپ تولۇقلاپ ئوقۇساق ئۇنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

[b(a)y K(i)$\bar{C}$(i)g]

يەنى: باي كىچىگ [bayKiqig] دېگەن ئادەم ئىسمى بولۇپ چىقىدۇ.

غەربىي تۈرك خاقانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان بۇ قەبرە تېشىنىڭ ئۆزى ئاددىي ۋە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرغىچە ئىلى ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان، قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقىدىكى قىممەتلىك يادىكارلىق، جۈملىدىن تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تۈركولوگىيە، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىن تېپىلغان نېستورىيان دىنى يادىكارلىقلىرى

قەدىمكى ئالمالىق شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىر قەدەر تەپسىلىي چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نېستورىيان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا جۈملىدىن قەدىمكى ئالمالىق (ئىلى ۋادىسى) ئەتراپىغا قاچان، قانداق تارقالغانلىقى ھەققىدىكى بەزى تارىخىي ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

«نېستورىيان دىنى — خرىستىيان دىنىنىڭ بىر چوڭ مەزھىپى بولۇپ، بۇ مەزھەپ سۈرىيىنىڭ ئانتىئوچ (Antioch) دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان نېستورىئۇس (Nestorius) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان. ئۇ خرىستىيان دىنىدىكى بەزى ئاساسلىق تەلىمات - ئەقىدىلەرگە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، مىلادى 431 - يىلى ئېچىلغان (Ephesus) ئېفېسۇس دىنىي يىغىنىدا قوغلاندى قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ بىر مۇستەقىل دىنىي مەزھەپ بولۇپ بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ مەزھەپنىڭ دىنىي داھىيسى ئۆزلىرى سايلىغان «پاترىئارخ» بولغان. بۇ مەزھەپ بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، شەرققە قاراپ كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ پارس ئەللىرىدە كەڭ تارقالغان. بۇ دىننىڭ تارقاتقۇچىلىرى ئاساسەن سۈرىيىلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ كەڭ ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان؛ تۈركىي قەبىلىلەردىن نايمان، كېرەي، ئونغۇتلار ئاساسەن بۇ دىننىڭ ئېتىقادچىلىرى بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارمۇ كۆپلەپ ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. 1246 - يىلى موڭغۇل

ئوردىسىغا كەلگەن ئىتالىيىلىك كاتولىك دىنى ئەلچىسى ئۆز خاتىرىسىدە: «... چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇرلار خرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ،» دەپ يازىدۇ.»①

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە خرىستىيان دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ھەتتا «تەرسا (Tersa) لار دۆلىتى» دەپمۇ ئاتالغان. «تەرسا» (Tersa) ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ، ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە پارسلار خرىستىيانلارنى «تەرسا» دەپ ئاتىغانىكەن. بۇ ھەقتە ھېنرى يۇلى (Henry Yule): «ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە يېزىقىنىڭ ‹تەرسا› دەپ ئاتىلىشى نېستورىيان دىنىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىدىن بولغان»② دەيدۇ. رىم پاپاسى تەرىپىدىن بېيجىڭغا ئەۋەتىلگەن ئىتالىيىلىك جون. مونتېكورۋىنو 1305 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يازغان خېتىدە: «مۇرىتلارنىڭ ئىنجىلنى ئۆگىنىشىگە ئەپلىك بولۇشى ئۈچۈن ئالتە پارچە رەسىم سىزىپ چىقتىم. ئارقىسىغا لاتىنچە، تەرسا (ئۇيغۇر) چە ۋە پارسچە ئۈچ دۆلەت تىلىدا چۈشەندۈرۈش يازدىم ...»③ دېگەنىدى.

قەدىمكى كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ شىمالىي تارمىقىدىكى مۇھىم تۈگۈن، تارىختىكى مەشھۇر مەدەنىيەتلىك شەھەر ئالمىلىق چاغاتاي خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ گۈللەنگەن. بۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغانىدىن تاشقىرى يەنە مۇشۇ خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگىمۇ ئايلانغانىدى.

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر خرىستىيان يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1986 - يىل 3 - سان 60 - بەت.

② يۇقىرىدىكى ماقالىدىن ئېلىندى.

③ يۇقىرىدىكى ماقالىدىن ئېلىندى.

«... 1340 - يىلى، ئالمالىقتا يۈز بەرگەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە ئالىسولدا تەختكە چىقىدۇ. ئۇ ئەسلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى؛ تەختكە چىقىپلا دۆلەت ئىچىدىكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قەتئىي ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. بويسۇنمىغان روھانىيلارنى سۆرەپ چىقىپ بىر ئارغامچىغا چېتىپ سازايى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرگە ئۇردۇرۇپ، تىللىتىپ، ئاندىن قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى، پۇت - قوللىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئالمالىق شەھىرىنىڭ بىشوپى، فرانسىيىلىك رىچارد، ئالېكساندرىيىلىك فرانكس، ئىسپانىيىلىك پاسكال، ئىتالىيىلىك پرووۋىنكىي ... قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلار ئۆلۈپ ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئالىسولدا ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئوردىسىغا ئوت كېتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن 1340 - يىلى 9 - ئايدا، مارىگنولى (Marignolli) باشچىلىقىدىكى بىر مىسسىئونېرلار ئۆمىكى ئالمالىققا كېلىدۇ. بۇلار پاپا ئىننوسېنت XII (Innocent) تەرىپىدىن 1338 - يىلى 12 - ئايدا ئەسلى خانبالىققا ئەۋەتىلگەن كاتولىكلار ئىدى. بۇلار ئالمالىقتا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ، 1342 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئاندىن خانبالىققا بارىدۇ. مارىگنولى خاتىرىسىدە: «مەركىزى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى ئالمىلىققا باردۇق، ئالمىلىقتا ئۇزۇن تۇردۇق ۋە يەر سېتىۋېلىپ بىر چېركاۋ سالدۇق. بىر قانچە يەرگە قۇدۇق قازدۇق، ناخشا ئۆگەتتۇق. بەزى ئادەملەرنى سۇ سېپىشتىن ئۆتكۈزدۇق. ئەركىن ئازادە دىننى تەرغىب قىلدۇق. يۇلتۇر بىشوپ ۋە روھانىيلاردىن ئالتە ئادەم ئۆلگەن»... دەپ يازىدۇ.»*

---

* يۇقىرىدىكى ماقالىدىن ئېلىندى.

1880 - يىللاردىن ئېتىبارەن روسىيە ئالىملىرى يەتتە سۇنى مەركەز قىلغان (ئىلى ۋادىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كەڭ رايونلاردىن خرىستىئان دىنىنىڭ كرېست (+) بەلگىسى چېكىلگەن نېستورىيان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك قەبرە تاشلىرىدىن مىڭ نەچچە يۈزنى تاپقان. بۇ قەبرە تاشلىرى XI — XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۇرىيە (شام) يېزىقىدا چېكىپ پۈتۈلگەن. تىل جەھەتتىن كۆپىنچىسى سۇرىيە تىلىدا، بەزىلىرى تۈركىي تىلىدا يېزىلغان. ئاتاقلىق ئالىم مالوۋ تۈركىي تىلىدىكى قەبرە تاشلىرىدىن 13 پارچىسىنىڭ تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان.

1953 - يىلى «غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» ئالمىلىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، ئىلگىرى ئالمىلىق خارابىسى ئەتراپىدىن تېپىلغان نېستورىيان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك كرېست بەلگىسى بار قەبرە تېشىدىن بىرنى يىغىۋالغان (ھازىر بۇ قەبرە تېشى ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا ساقلانماقتا).

1958 - يىلى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئالمالىق شەھەر خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرگەندە، ئۇ يەرلەردىن كۈمۈش تەڭگىدىن تۆت دانە، نېستورىيان دىنىغا ئائىت، سۇرىيە يېزىقى چېكىلگەن كرېست بەلگىلىك قەبرە تاشلىرىدىن ئۈچ دانە ۋە باشقا بىر مۇنچە مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان.

1981 - يىلى ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى ئەتراپىدىن سۇرىيە يېزىقى چېكىلگەن كرېست بەلگىسى بار قەبرە تېشىدىن يەنە بىرى تېپىلغان (ھازىر بۇ قەبرە تېشى قورغاس ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى

قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا).

ئومۇمەن، نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيدا سەككىز پارچە، قورغاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدا بىر پارچە، جەمئىي توققۇز پارچىسى ساقلانماقتا. لېكىن قەدىمكى سۈرىيە (شام) يېزىقىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ھازىرغىچە بىزدە يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يېزىقى، مەنىسى تېخى يېشىلمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ قەبرە تاشلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ئۇنىڭغا چېكىلگەن سۈرىيە يېزىقى، كرېست بەلگىسى ۋە قوشۇمچە گۈل ـ نەقىشلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يەتتە سۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان قەبرە تاشلىرىغا بەكلا ئوخشايدۇ. مۇشۇ ئوخشاشلىققا ئاساسەن، بىزدە ساقلىنىۋاتقان قەبرە تاشلىرىنىمۇ «XI — XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تىكلەنگەن» دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئەمدى بىزدە ساقلىنىۋاتقان نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرىنىڭ مەنىسى ھازىرچە يېشىلمىگەن بولسىمۇ، يەتتە سۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان مۇشۇ خىلدىكى قەبرە تاشلىرىنىڭ مالوۋ تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان بىرنەچچە پارچىسىنى قوشۇمچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بۇنىڭ بىزدە ساقلىنىۋاتقان قەبرە تاشلىرىنىڭ مەنىسىنى تەقلىدىي چۈشىنىشكە، ئىلمىي تەتقىقاتلاردا پايدىلىنىشقا مەلۇم پايدىسى بار، ئەلۋەتتە. يەتتە سۇ رايونىدىن تېپىلغان قەبرە تاشلىرىدا قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يىلنامىسى بىلەن تۈركچە 12 مۈچەل ۋە «ئالېكساندىر كالېندارى» قوللىنىلغان. «ئالېكساندىر كالېندارى» ئەسلى قەدىمكى گرېكلارنىڭ يىلنامىسى بولۇپ، ئالېكساندىر ماكېدونىيىلىك (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ قول ئاستىدىكى سېلېۋكنىڭ I نىڭ زامانىسىدىن باشلاپ

ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان كالېنداردىن 311 يىل بۇرۇن ھېسابلىنىدۇ. يەتتە سۇ قەبرە تاشلىرىدىن:

(تاشلارنىڭ پەقەت ھازىرقى ئۇيغۇرچە يەشمىسىلا بېرىلدى)

1. تاي قوبۇزچى مەڭگۈ تېشى

[ئالېكساندىرخان كالېندارى مىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى ئىدى (1312 - يىل). تۈركچە يىل چاشقان يىلى ئىدى. بۇ قەبرە مەڭگۈ تاش تاي قوبۇزچىنىڭ. ياد بولسۇن].

2. مايغراخ مەڭگۈ تېشى

[ئالېكساندىرخان كالېندارى مىڭ ئالتە يۈز يىگىرمە بەشىنچى يىل (14 ج 1313 - يىل) ئىدى. تۈركچە يولۋاس يىلى ئىدى. بۇ قەبرە روھانىي مايغراخنىڭ.]

1927 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ «بەيلىڭ مياۋ» دېگەن يېرىنى مەركەز قىلغان كۆكخوتو، توكتو قاتارلىق جايلىرىدىن 30 نەچچە پارچە نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەبرە تېشى ۋە باشقا يادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى سۈرىيە يېزىقى بىلەن سۈرىيە تىلىدا، بەزىلىرى سۈرىيە يېزىقىدىكى تۈركچە ۋە بەزىلىرى خەنزۇچە يېزىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى سۈرىيە يېزىقى بىلەن چېكىلگەن تىلى تۈركچە بەزى قەبرە تاشلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، تاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا كرېست (+) بەلگىسى، ئىككى يېنىغا ئىككى قۇر خەت چېكىلگەن، تۆۋەندە ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

[بۇ قەبرە گېۋارگىس ئايور ياسىرونىڭ، ئامىن!]

[بۇ قەبرە گىيوئانىڭ پالېسى سوگىتىنىڭ، ئامىن!]

## غۇلجا ناھىيىسىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى

غۇلجا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىي، تۇرپانيۈزى يېزىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا يەرلىك ئۇيغۇرلار «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتايدىغان بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. خارابىنىڭ شەرقىدە ئابزال تاغلىرى، شىمالىدا تەلكە تاغلىرى، تۇرپانيۈزى يېزىسى بىلەن خارابىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىدە چىرغىلاڭ سېيى بار. ئەسىرلەردىن بۇيان چىرغىلاڭ سايلىرى ئارقىلىق كەلگەن كەلكۈن - قىيان سۇلىرى بۇ شەھەر خارابىسىنى نەچچە قېتىم ئېغىر دەرىجىدە بۇزغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە بۇ خارابە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن، شۇڭا يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى يەنە «چوڭ ئالتۇنلۇق» ۋە «كىچىك ئالتۇنلۇق» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

1958- ۋە 1961 - يىللىرى بىز بۇ خارابىنى قايتا تەكشۈرگىنىمىزدە خارابىنىڭ ساقلىنىپ قالغان ھالىتى مۇنداق ئىدى: خارابىنىڭ «كىچىك ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالغان بۆلىكى مەھەللىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە بولۇپ، ئېگىز - پەس دۆڭلۈك، ئويمان - ئازگاللار، ئايرىم جايلىرىدا قەدىمكى سېپىل - تاملارنىڭ ئىزلىرى، يەر يۈزىدە چېچىلىپ ياتقان ھەر خىل ساپال پارچىلىرى ۋە كەلكۈن سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان يار - جىرالار بار ئىدى.

خارابىنىڭ «چوڭ ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالغان بۆلىكى ئازادلىقتىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان «ئالتۇن كولاش»، «ئالتۇن ئاققۇزۇش» ئىشلىرى ۋە كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا يىلسايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خارابىنىڭ ئىزى ئاساسەن تۈگەشكەن. «چوڭ ئالتۇنلۇق»نىڭ كۆپ قىسمى ئالما، ئۆرۈكلۈك باغلارغا،

يەنە بىر قىسمى كۆكتات ئېتىزلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن، خارابىنىڭ بىز تەكشۈرگەن چاغدىكى كۆز بىلەن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىغان ئىزلىرىنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى تەخمىنەن 2500 مېتىرچە كېلەتتى. دېھقانلاردىن ئىگىلىشىمىزچە، بۇ خارابىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ساپال كوزا، كۈپ، كومزەك قاتارلىقلارنىڭ يېرىم - ياتا سۇنۇقلىرى، تۆمۈر، مىستىن ياسالغان بۇيۇملار، ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىلەر، قەدىمكى ئۈيغۇرچە، ئەرەبچە خەتلىرى بار مىس بىرونزا يارماقلار، كاھىش - خىش پارچىلىرى، ھەر خىل مارجان، ئاسقۇ قاتارلىق يادىكارلىقلار ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، بۇ خارابىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، 1961 - يىلىدىكى ھالىتى تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئېتىز - ئېرىقلارنى رەتلەش، يېڭى يېزا، يېڭى مەھەللە - تۇرالغۇلارنى قايتا قۇرۇش دولقۇنلىرىدا چوڭ - كىچىك ئالتۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇ خارابە ئىزىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ...

«ئالتۇنلۇق» خارابىسى ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، بۇ شەھەر توغرىسىدا يېزىلغان ئېنىق تارىخىي خاتىرە بولمىغانلىقتىن، بۇ شەھەرنىڭ ئۆز زامانىسىدا زادى نېمە دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم قىلىش ھازىرچە قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەر خارابىسىدا ھازىرغىچىلىك سىناق تەرىقىسىدە ياكى نۇقتىلىق ھالدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ شەھەرنىڭ قەدىمكى زامان ئارخېئولوگىيىسى، مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلىنغان بەزى مەلۇمات، ماتېرى-

ياللاردا بۇ شەھەرنىڭ تارىختىكى نامى «ئاي يورۇق»، «قويلۇق» ۋەھاكازا دەپ تىلغا ئېلىنماقتا. مېنىڭچە بۇ مەلۇماتلاردىن بەزى تارىخىي تەتقىقاتلاردا پايدىلىنىشقىلا بولىدۇكى، ئۇنى تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

## قەدىمكى شەھەر ئالمالىق

قەدىمكى شەھەر ئالمالىقنىڭ خارابىسى — كونا قورغاس (چىلپەگزە) ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 15 كىلومېتر يىراقلىقتىكى قورغاس مازار يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. قەدىمكى مەشھۇر شەھەر ئالمالىق ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تارىخ - ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

1953 -، 1958 -، 1961 -، 1963 -، 1964 - يىللىرى قەدىمكى شەھەر ئالمالىق ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خارابىلىقنىڭ يەر ئۈستىدە ساقلىنىپ قالغان دائىرىسى — شىمالىي تەرىپى كېگەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جەنۇبىي تەرىپى كېگەن* سېيىغا، شەرقىي تەرىپى تۇغلۇق تۆ-

* كېگەن — مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «كەيكەن قاياسىنىڭ ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان ئېقىنى، دەريانىڭ ئىسمى؛ ئۇنىڭ بىرى «كىچىك كەيكەن» دېيىلىدۇ. بۇ كىچىك. يەنە بىرى «ئۇلۇغ كەيكەن» دېيىلىدۇ. بۇ چوڭدۇر» دېيىلىدۇ. م. قەشقەرى «كەيكەن» دەپ ئاتىغان بۇ دەريا كېيىن ئۆزگىرىپ كېگەن دەپ ئاتالغان — ئاپتور.

مۇرخان مازىرىغا، غەرب تەرىپى قارا ئۆيغا تاقاشقان بولۇپ،
پۈتۈن ئايلانمىسى تەخمىنەن 20 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلەتتى.
شەھەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى قورغان - سېپىللىرى، ئۆي -
ئىمارەت ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىزلىرى پۈتۈنلەي ۋەيران
بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەر خىل ئوت - چۆپ، گې-
ياھلار بىلەن پۈركەنگەن ئېگىز - پەس دۆڭلۈك، كەلكۈن -
قىيان سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان چوڭ - كىچىك جىرالار،
ھەر خىل ساي تاشلىرى، چېقىلغان - پۇچۇلغان خىلمۇخىل
ساپال قاچىلارنىڭ پارچىلىرى، گۈللۈك فارفور چىنە -
قاچىلارنىڭ پۇچۇقلىرى، تۆگمەن تېشى، خىش، كاھىش، داش
قالغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ پارچىلىرى ئىگىلىگەنىدى.

ئالمالىق خارابىسى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخقا، يەر
ئاستى ۋە يەر ئۈستىدە ساقلىنىۋاتقان مول تارىخىي مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، 1957 -
يىلى بىرىنچى تۈركۈمدە «ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق
قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ بېكىتىلىپ
ئېلان قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر دەرىجىلىك
ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بىر يۈرۈش مۇھاپىزەت قىلىش
تەدبىرلىرىنى ئېلان قىلىپ، بەزى خىزمەتلەرنى
ئىشلىگەن بولسىمۇ، بۇ خارابىلىق يەنىلا ئۆز ئىزىنى
ساقلاپ قالالمىدى. بىڭتۇەن 4 - دىۋىزىيىسىگە قا-
راشلىق 61 - تۇەن مەيدانى 1963 - يىلىدىن تارتىپ
چوڭ مازار يېزىسى تەۋەسىدە ئېتىز - ئېرىقلارنى باشقىدىن
مەيدانلاشتۇرۇش، بوز يەر ئېچىش، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ
بېرىش جەريانىدا، بۇ خارابىنىڭ قوغدىلىدىغان دائىرىسىگە
يېلىپىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مۇھاپىزەت قىلىش دائىرىسى
ئىچىدە تېرىقچىلىق قىلغانلىقتىن، بۇ قەدىمىي شەھەر خارا-
بىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاستا - ئاستا خەرىتىدىن ئۆچ-

چۈشكە باشلىدى...

ئالمالىق شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۇنىڭ قايسى دەۋردىن باشلاپ بىنا قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنى قايسى خانلىق، خاقانلىقلار پايتەخت قىلغانلىقى، قانداق خاراب بولغانلىقى ۋە باشقىلار ھەققىدە ھازىرغىچە خىلمۇخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ مەسىلىلەردىن توغرا ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ دەۋر تەرتىپى، مەدەنىيەت قاتلاملىرى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا تەرەپلىرى توغرىسىدا ئېنىقلاش خاراكتېرلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى، بىراق ھازىرغىچە بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىدى.

شۇنداقتىمۇ، بۇ ھەقتە يېزىلغان ھەر خىل تىللاردىكى تارىخىي مەنبەلەر، شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان (تېپىلىۋاتقان) كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەمدە ئۇلار توغرىسىدا يېزىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسەن ئالمالىق شەھىرىنى مىلادى V ئەسىردىن تارتىپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ قىتانلار (خەنزۇچە لياۋ سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ، مىلادى 916 — 1125 - يىللار) دەۋرىدە كېڭىيىشكە باشلاپ، XII- ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ دەۋرلەردە قارلۇقلارنى ئاساس قىلغان ئالمالىق شەھىرى قاراختايلار دەۋرى (غەربىي لياۋ) دە ئۇلارغا قارىغان.

ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئاساسىي ئاھالە تەركىبى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىمۇ بۇ تارىخىي شەھەردە قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى

شەكىللەندۈرگەن تۈرك قەبىلىلىرى ياشىغانلىقى ئىنكار قىلىنمايدۇ.

ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ 2 - ئوغلى چاغاتاي خان دەۋرىدە (XIII ئەسىر) ئالمالىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. تاكى XIV ئەسىرنىڭ بېشى (1318 - يىلى) دا چاغاتاي خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندىمۇ، ئالمالىق شەھىرى يەنىلا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇۋەرگەنىدى.

قورغاس مازارلىق تارىخچى، كونا مائارىپچى ئابدۇللا ئەپەندى ئۆزىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى (بۇ قول يازما خاتىرە ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ مۇزېيى تارىخىي ماتېرىياللار ئارخىپىدا ساقلانماقتا) دە: «چاغاتاي خان چىڭگىزخان بالىلىرى ئارىسىدا ئەڭ قاتتىق كۆڭۈللۈك، ئاتىسىنىڭ قويغان قانۇنلىرىغا، نەسىھەتلىرىگە رىئايە قىلىدىغان كىشى ئىدى. چاغاتاي خانغا ئاتىسى چىڭگىز ئىران، خوراسان، تۈركىستاننى تاپشۇرغانىدى. چاغاتاي خان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەختى ئالمالىقتا تۇراتتى. چاغاتاي خاننىڭ بالىلىرى ئۇيغۇر تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ئادەتلەنگەنىدى. چاغاتاي خاننىڭ ۋەزىرلىرى، كاتىپلىرى (ۋە) ھەممە مەمۇرلىرى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. چاغاتاي خاننىڭ ھەممە ئىدارە ئىشلىرى مەھمۇد يالۋاچ ئوغلى مەسئۇدنىڭ قولىدا ئىدى....» دەپ بايان قىلىندۇ.

يۇقىرىدىكى بايان بىلەن «تارىخىي جاھان كوشاي» نىڭ 1 - جىلدىدا پۈتۈلگەن — چاغاتاي خانغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن زېمىنلارنىڭ دائىرىسى ئاساسەن ئوخشايدۇ. چاغاتاي خانغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بۇ

كەڭ زېمىن چىڭگىزخان قۇرغان ئىمپېرىيە دائىرىسىدە تەبىئىي بايلىقى مول، ئاۋات - باياشات جايلار بولۇپ، بۇ رايونلاردا بىر قانچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا كۆچمەن ۋە تۇراقلاشقان چارۋىچىلىق؛ دەريا ۋادىلىرىدىكى مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەردە خېلى ئىلغار دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىنشائاتى، شەھەر - كەنت، قەلئە - قورغان بىناكارچىلىقلىرى، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە رەڭگارەڭ قول ھۈنەر سەنئەت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى پائال راۋاجلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قەدىمكى سودا كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ ئاساسلىق تارماقلىرى دەل مۇشۇ زېمىنلاردىن ئۆتكەنلىكتىن، بۇ دائىرىدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتمۇ ئۇزاق تارىخقا ۋە كەڭ مىقياسقا ئىگە ئىدى.

قەدىمكى شەھەر ئالمالىقنىڭ كېيىنكى بىر مەزگىللىك تارىخى — چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىش تارىخى، جۈملىدىن چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان خانلىقلارنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. بۇ شەھەر چاغاتاي خان، تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوخشاش خانلارنىڭ زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، راسا گۈللەنگەن بولسا، بەزىدە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە زېمىن تالىشىش يولىدا يۈرگۈزگەن تۈگىمەس ئۇرۇش، پاراكەندىچىلىكلىرى تۈپەيلىدىن ئېغىر بالايىئاپەتلەرگە ئۇچراپ ۋەيران بولاتتى. مەسىلەن: 1262-يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى، قۇبلايخاننىڭ ئىنىسى ئارىغ بۇقا قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇبىلايىنى ھىمايە قىلىدىغان ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالمالىق شەھىرىنى تالان - تاراج قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزلار قاقاسلىققا ئايلىنىپ

خەلق يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.
ئومۇمەن ئالمالىقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مۇرەككەپ تارىخىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك «گۈللەنگەن» ۋە «ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ۋەيران بولغان» ئەھۋاللار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «جامىئۇتتەۋارىخ»، «تارىخى جاھان كۇشاي»، «تارىخى رەشىدى»، «چىڭگىزنامە»، «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى»، «جالالىدىن كىتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق بىرمۇنچە تارىخنامە ۋە تەزكىرىلەردىن: ئالمالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ XVI ئەسىرگە كەلگەندە خارابىلىققا ئايلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز.
XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئالمالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلغان خىلمۇخىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلاردىن: ھەرخىل ساپال، فارفور، چىنە، ھەرخىل مىستاللاردىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەرقايسى دەۋرلەرگە خاس ئالتۇن، كۈمۈش پۇللار، خرىستىئان (نېستورىيان) دىنىغا ئائىت قەبرە تاشلىرى، ئىسلام دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار، ئالتۇن مۆھۈر قاتارلىقلار بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئۆز زامانىسىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سانائەت جەھەتتە خېلى راۋاجلانغان ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.
ئالمالىق شەھەر خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە قارىغاندا، بۇ شەھەردە يەنە ئوردا ـ سارايلار، كوچىلار، باغلار، مەيدان ـ سەينالار، بازار ۋە ھۈنەركاسىپلارنىڭ دۇكانلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ مەدرىس ـ مەسچىتلىرى، خرىستىئان دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

تۆۋەندە 40 - يىللاردىن تارتىپ ھازىرغىچە ئالمالىق خارابىسىدىن تېپىلغان مۇھىم تېپىلمىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇ-رۇپ ئۆتىمەن:

1) تارىخچى ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قول يازما خاتىرىسىدە ناھايىتى مۇھىم بىر «تېپىلىش» خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: 1948 - يىلى 11 - ئىيۇندا، قورغاستىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئىككى چاقىرىم غەربىدىكى «ئالتۇنلۇق» (يە-نى ئالمالىق) دېگەن خارابە شەھەر ئورنىدىن مەھمۇد مۇئىزىن، ئىبراھىم ئاخۇنلار ئۆزلىرىگە خاس (تەۋە) يەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ قىبلە (غەربىي) قىرىدىن بىر كوزا تې-پىۋالغان. كوزا ئىچىدىن سەككىز دانە ئالتۇن ئاقچا، بىر دانە ئالتۇن مۆھۈر، 155 دانە كۈمۈش ئاقچا چىققان. ئالتۇن ئاقچا (پۇل) لارغا:

1 - ئالتۇن ئاقچىغا «تۇغلۇق سۇلتان غازى ئەمىرۇل-مۆئمىنىن»

2 - ئالتۇن " «سۇلتان سەئىد شەمسۇلغازى غىياسىددىن ۋالىدىن»

3 - " " «سۇلتان غازى غىياسىددىن ۋالىددىن ئەبۇ مەزھەر»

4 - " " «تۇغلۇق شاھ ... ئىلىك ... فى ئەھەد مۇھەممەد بىن تۇغلۇق»

5 - " " «سۇلتان سەئىد ئەلشەھىد تۇغلۇق شاھ ...» دېگەن خەتلەر بېسىلغان-لىقى بايان قىلىنغان.

ئالتۇن پۇللارغا بېسىپ چىقىرىلغان يۇقىرىدىكى خان، سۇلتانلارنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە «تۇغلۇق سۇلتان غازى ...»، «تۇغلۇق شاھ ...»، «... مۇھەممەد بىن تۇغلۇق» دېگەن ئىسىملار كۆپرەك بولۇپ، بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدا

چىقىرىلغان ئالتۇن پۇللار ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن شۇ دەۋردە تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزنامىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇللارنى چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەپسۇسكى، ئابدۇللا ئەپەندى ئۆز خاتىرىسىدە بۇ يادىكارلىقلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ساقلىنىپ قالغان ياكى قالمىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە قالدۇرمىغان.

2) 40 – يىللاردىن تارتىپ 1958 – يىلغىچە قورغاس مازار يېزىسىدىكى بەزى دېھقانلار ئالمالىق خارابىسى دائىرىسىدىن چوڭ ـ كىچىك ساپال كوزا، كومزەك، فارفور چىنە سۇنۇقلىرى، خەنجەر، پىچاق، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس پۇللار (بۇ پۇللارنىڭ بەزىلىرىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بەزىلىرىگە ئەرەبچە خەتلەر بېسىپ چىقىرىلغان)، يارغۇنچاق، تۆگمەن تېشى، خىش، كاھىش، نېستورىيان دىنىغا ئائىت سۈرىيە يېزىقى چېكىلگەن قەبرە تاشلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىۋالغان. بۇ يادىكارلىقلار كېيىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقالغان.

3) 1953 – يىلى «غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» ئالمالىق خارابىسىنى تەكشۈرگەندە يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلار ئۆمەككە بىر قىسىم يادىكارلىقلارنى تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۆمەكتىكىلەر بۇ جايدىن يەنە نېستورىيان دىنىغا ئائىت كرېست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن قەبرە تاشلىرىنىمۇ تاپقان.

4) 1958 – يىلى، ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئالمالىق خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، كۈمۈش پۇلدىن تۆت دانە، نېستورىيان دىنىغا ئائىت قەبرە تېشىدىن ئۈچنى تاپقان. كۈمۈش پۇللارنىڭ بەزىلىرىگە ئەرەبچە ھىجرىيە ھېسابىدا 727 – يىلى دېگەن رەقەملەر چۈشۈرۈلگەنىكەن.

5) 1975 – 1976 – 1979 – يىللىرى ئاپتونوم

رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى بەزى تەكشۈرگۈچى خادىملار ئالمالىق خارابىسىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ئاختۇرغاندا، ھەرخىل گۈل - نەقىشلىرى بار قارا رەڭلىك فارفور قاچىلار، نەپىس ئىشلەنگەن ئاچ يېشىل رەڭلىك چىنە - تاۋاق قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چاغاتاي خان ۋە تۇغلۇق تۆمۈر دەۋرىگە ئائىت بىرمۇنچە ساقلانغان كۈمۈش تەڭگە، مىس يارماقلارمۇ تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «تۇغلۇق تۆمۈرخان» نامىدا چىقىرىلغان كۈمۈش پۇل ياخشى ساقلانغان. دىئامېتىرى 46 مىللىمېتىر. ئالدى يۈزىدە قىرىنى بويلاپ 1 - قۇرغا كىچىك يۇمىلاق چېكىت (گۆللۈك) چەمبەر، 2 - قۇرغا ئاددىيلىكى چەمبەر سىزىقى بېسىپ چىقىرىلغان، 3 - قۇرغا بىرىم ئەگمەچ شەكىللىك چەمبەرسىمان نەقىش چىقىرىلغان. كۈمۈش پۇلنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى 1 - ۋە 2 - قۇرىغا بېزىلغان ئەرەبچە «تغلق تمر خان خاقان» (تۇغلۇق تۆمۈرخان خاقان) دېگەن خەتلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. كۈمۈش پۇل بېسىلغاندا 1 - قۇردىكى 1 - سۆز «تغلق» (تۇغلۇق) ئانچە تونۇق چىقمىغانلىقى ئۈچۈن [سق] شەكلىدە (يەنى ئەرەبچە 1 - بوغۇمدىكى «تغ» نىڭ ئىككى چېكىتى بىلەن «غ» نىڭ ئەگمىچى، 2 - بوغۇمدىكى «لق» (لۇق) نىڭ ┴ ھەرپىنىڭ بىر قىسمى بىلەن «ق» نىڭ ئىككى چېكىتى كەم) بولۇپ قالغان.

ئارقا يۈزىنىڭ قىرىنى بويلاپ چىقىرىلغان 1 -، 2 -، 3 - قۇر چەمبەر سىزىقى بىلەن گۈل - نەقىشلەر ئالدى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پۇلنىڭ ئارقا يۈزىدىكى 2 - قۇرغا چۈشۈرۈلگەن ئەرەبچە «المالغ» (ئالمالىغ) دېگەن خەت بىلەن 3 - قۇرىغا چۈشۈرۈلگەن ئەرەبچە رەقەم ٧X٥* (يەنى ھىجرىيە

* ئەرەبچە رەقەم ٥ (يەنى 5) پۇلنى بېسىپ چىقارغاندا «X» شەكلىگە ئۆزگىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن (ئا).



ئالدى يۈزى



ئارقا يۈزى

روۋ - ۋەسم، ئالمىلىقتىن تېپىلغان كۈمۈش پۇلنىڭ ئالدى ۋە ئارقا يۈزى

750 - يىلى، مىلادى 1370 - 1371 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

... پۇلنىڭ 1 - قۇردا «سكد» (؟) دېگەن ئەرەبچە خەت (مەنىسىنى ئۇققىلى بولمىدى)، پۇلنىڭ ئوڭ يېنىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ چۈشۈرۈلگەن ئىرقۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خەت بار. كۈمۈش پۇللارغا چۈشۈرۈلگەن «تۇغلۇق تۆمۈرخان خاقان ...»، «ئالمالىغ»، «ھىجرى» دېگەن سۆزلەر قەدىمكى شەھەر ئالمىلىقتا ھۆكۈم سۈرگەن «تۇغلۇق

تۆمۈرخانەلىك ئارىخىنى ئەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى شەھەر ئالمالىق ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى، مەدەنىيىتى، شان - شۆھرىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدا دۇنياغا تونۇلغان، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە ھەرخىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاخىر خارابىيلىققا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ شەھەر گەرچە خارابىيلىققا ئايلىنىپ خەرىتىدىن ئۆچۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان مۇھىم تارىخىي تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى شەھەر ئالمىلىق خارابىسى بىلەن ئەمدى تونۇشتۇرماقچى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى — ھازىرغىچە يەر ئۈستىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مازار» بىلەن «خارابە» ئۆزىنىڭ تارىخىي يادىكارلىق قىممىتى جەھەتتە بولمىسۇن ياكى تارىختىكى ئورنى ۋە تارىخىي مۇناسىۋىتى جەھەتتە بولسۇن، بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتىدا بىر - بىرىنى تەبىئىي ھالدا تولۇقلايدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشتىن

ئىلگىرى بۇ ھەشەمەتلىك مازارغا دەپنە قىلىنغان موغۇلىستان* پادىشاھى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېسەن بۇقا خاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 730 - يىلى (مىلادى 1329 - يىلى) تۇغۇلغان. موللا موسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە، تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، ئېسەن بۇقاخان ۋە تۇغلۇق تۆمۈر خان ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان: «... ئەمىر بولاجى دوغلاتى ئاقسۇدا ھۆكۈمران



40 - رەسىم. تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى

* موغۇلىستان — مىلادى 1348 - يىللار ئەتراپىدا چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن ئالمالىق شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان خانلىق. تارىخنامىلەردە «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ زېمىن دائىرىسىگە شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ بالقاش كۆلى (كاتتا دېڭىز) غىچە، غەربتە فەرغانە ئويمانلىقى، جەنۇبتا قارا قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تاغلىرى، شەرقتە قۇمۇلنىڭ شەرقىگىچە بولغان جايلار كىرەتتى. مىلادى 1514 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلدى.

ئىدى. بۇ چاغدا چىڭگىزخاننىڭ 6 - ئەۋرىسى ئېسەن بۇقا خان دېگەن تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى تىزغىماس ئىدى، كىچىك خوتۇنى بولسا خاندىن ھامىلدار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېسەن بۇقاخان ئوۋغا كېتىپ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا دوختۇي (دوختۇي) قەبىلىسىنىڭ شىراۋۇل دېگەن بىر كاتتا ئەمىراسى توقسان تارتۇق بىلەن خانغا كۆرۈنۈشكە كەپتۇ-دە، خاننى كۈتۈپ بىرقانچە مۇددەت تۇرۇپ قاپتۇ. خان يەنىلا كەلمەپتۇ. خاننىڭ چوڭ خوتۇنى كۈندەشىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى سېزىپ، خاننىڭ كەلمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا رەشكى - ھەسەت قىلىپ، ئۇنى شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ يولغا سېلىپتۇ. مۇغۇللارنىڭ قائىدە - رەسىمى بويىچە، چوڭ خوتۇنى كىچىك خوتۇننى خالىسا ساقلايتتى ياكى خالىسا باشقا ئەرگە بېرەتتى ...»

بۇ رىۋايەتنىڭ داۋامىدا يەنە، ئېسەن بۇقاخان ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىچىك خوتۇنى مەڭلىكنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇنى چوڭ خوتۇنى شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ يولغا سالغانلىقىنى ئاڭلاپ، «مەڭلىك مەندىن ھامىلدار ئىدى، ئوبدان بولماپتۇ» دېگەنلىكى؛ خاننىڭ ئوغلىنىڭ يوق ئىكەنلىكى، ئاز پۇرسەتتىن كېيىن خاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

ئېسەن بۇقاخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادى بىلەن تولۇي ئەۋلادى ئۆزئارا جەڭ - جېدەللەر قىلىپ بىر - بىرىدىن بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇدىكى ئەمىر بولاجى دوغلات بۇ خەتەرلىك ۋەزىيەتنى كۆرۈپ ئۆز ئەمىرالىرىغا: «خان ئەۋلادىدىن بىرەرىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئىتائىتىدە بولساق، خان ئۆز ئۇرۇقىدىن بولمىسا پۇقرالارغا پاراۋانلىق، يۇرتقا تىنچلىق بولۇشى مۇشكۇل» دەپ مەسلى-

ھەت سالىدۇ. ئۇلار: «ئىبسەن بۇقاخاندىن كىچىك خوتۇنى مەئلىك ھامىلدار ئىدى، ئەگەر ئۇ ئوغۇل تۇغقان بولسا، (شۇ چاغدا ئىبسەن بۇقاخاننىڭ شىراۋۇلىغا ئىنئام قىلىپ بېرىۋېتىلگەن كىچىك خوتۇنى مەئلىك راستتىنلا ئوغۇل تۇغقانىدى ۋە ئۇنىڭغا تۇغلۇق تۆمۈر دەپ ئات قويغانىدى) ئۇنى ئەكىلىپ خان قىلساق» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ مەسلىھەت ماقۇل كۆرۈلۈپ، ئەمىر بولاجى دوغلات مىرزا تاش تېمۇر دېگەن ئەمىراسىنى يولغا سالىدۇ. مىرزا تاش تېمۇر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاخىرى مەئلىك خوتۇن بىلەن كۆرۈشىدۇ-دە، ئۇنىڭغا بارلىق ۋەقەنى تولۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مىرزا تاش تېمۇر تۇغلۇق تۆمۈرنى ئاقسۇغا ئەكىلىپ ئەمىر بولاجىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

«بۇ چاغدا خان (تۇغلۇق تۆمۈر) 14 — 15 ياشلاردا ئىدى. ئەمىر بولاجى يۇرت بەگلىرىنى ھازىر قىلىپ، ئوبدان سائەتتە ئۇنى تەختكە چىقاردى. خان (تۇغلۇق تۆمۈر) ئەمىر بولاجىنىڭ قىلغان بۇ خىزمىتى ئۈچۈن، ئۇنى بەگلەر بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ يەنە ئابائى - ئەجدادلىرىدىن مىراس بولۇپ كەلگەن ئۈچ مەنسىپىگە يەنە ئۈچ مەنسەپ جۇلدۇ - جاساق قىلىپ، قولىغا يارلىق نىشانە بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن بەردى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئەمىر بولاجى بۆيۈكلۈك ئالەمگە پەرۋاز قىلدى. خان ئەمىر بولاجىنىڭ مەنسىپىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدادقا بېرىپ، ئۇنى «جايساڭ» يەنى ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى قىلدى. بۇ ئۆزبېك تىلىدا «بەگلەر بېگى»، قىرغىز، قازاق تىلىدا «ئېل بېگى» ياكى «ئۇلۇس بېگى»، ئەرەبچە «ئەمىرۇلجەيش» دېگەن سۆز بولىدۇ.»*

دېمەك، تۇغلۇق تۆمۈرخان 15 يېشىدىن تارتىپ، يەنى مىلادى 1346 - يىلدىن باشلاپ تەختتە ئولتۇرۇپ «24 ياش-

* موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى».

لار چامىسىدا، مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ قولىدا ئىسلام دىنىنىڭ سائادەت شەرىپىگە ئىگە بولدى.»① تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ قوۋمى ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇرلاشقان ھەمدە شۇلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن.

«چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، پەقەت ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدىكى بىرقىسىم كىشىلەر، يەنى ئاساسەن موڭغۇل ۋاكىللىرىلا غەيرىي مۇسۇلمان بولۇپ، گويا ئوكياندىكى بىر پارچە ئارالدەك يېگانە ھالەتتە تۇرغانلىقى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاغاتاي خاندانلىقى پۈتكۈل پۇقرالارغا يېتەرلىك تەھدىت بولغۇدەك مۇتلەق ئۈستۈن قوراللىق كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى، شۇڭا روھىي ۋاستىگە مۇراجىئەت قىلىش بۇ خاندانلىق ئۈچۈن بىرخىل ئەمەلىي ئېھتىياج بولۇپ قالدى. تارىخ قايتا - قايتا دەلىللەپ بەرگەندەك، بۇنداق تارىخىي شارائىتتا، تۇغلۇق تۆمۈر ئۆز ئەجدادلىرى ئەقىدە باغلاپ كەلگەن دىندىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇر بولدى.»②

تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي خاندانلىقىدا ئەڭ قابىلىيەتلىك خاقان ئىدى. ئۇ چاغاتاي خاندانلىقى تارىخىدا خېلى ئىجابىي رول ئوينىغان. ئۇ ئىسلام قائىدىلىرى بىلەن يەرلىكنى بىرلەشتۈرۈپ مۇكەممەل قانۇن تۈزگەن، شۇڭا، ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، تەرەققىيات تېز بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدا، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىقلارنى باشقۇرىدىغان ھەرخىل

① يۇقىرىقى كىتاب.

② ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى». 1 - قىسىم 573 - بەت.

ئەمىر ـ بەگلەر تەيىنلىنىپ، سىستېما بويىچە دۆلەت باش-قۇرۇش يولغا قويۇلغان.

مىلادى 1359 — 1362 ـ يىللار ئارىلىقىدا غەربىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەسى (ماۋرائۇننەھر رايونى) دە ئۈزلۈك-سىز قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەردى. شۇڭا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە غەربىي چاغاتاي خان-لىقى بىلەن 20 نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. مىلادى 1362 - يىلى ماۋرائۇننەھر رايونىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، تەسىر كۆچىنى تاكى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغىچە كې-ڭەيتتى. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجىنى ماۋرائۇننەھر (سەمەرقەند) رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىن-لىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزى بىلەن ئىسمداش يەنە بىر تۆمۈر (تارىختا «تۆمۈرلەڭ»، «ئاقساق تۆمۈر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى ئىلياس خوجىغا ياردەمچى ئەمىر قىلىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلخ رايونىغا ھاكىملىققا تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ، غەربىي ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن «مۇغۇلىستان» نامى بىلەن بىرلىكتە كەلتۈرۈلدى.

مىلادى 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان 34 يېشىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتى ئالمالىققا دەپنە قىلىنىپ ھەشەمەتلىك مازار ياسالدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى چوڭ مازار يېزىسىنىڭ شىما-لىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىق سەنئى-تىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بويىچە ناھايىتى كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان. مازارنىڭ ئالدى (تەكشى يۈزى) تۆت چاسا، خىش قۇرۇلمىلىق، ئوتتۇرىسى گۈمبەز تورۇسلۇق بولۇپ، ئىگىزلىكى 23 مېتر، ئاستىنىڭ ئايلانمىسى 67 مېتر-دىن ئارتۇق كېلىدۇ. مازارنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇشىغا پىشۇرۇل-

غان خىش ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئالدىنى بېزەش ئۈچۈن يېشىل رەڭلىك نەپىس كاھىشلار ۋە تۆت خىل رەڭ، 12 خىل ئۇيغۇر نەقىشلىرىدىن تەركىب تاپقان كاھىش ـ نەققاشچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئىشلىتىلگەن. بىر تالمۇ لىم ياكى تۈۋرۈك ئىشلىتىلمىگەن گۈمبەز شەكلىدىكى بۇ ھەشەمەتلىك مازارنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى كىچىك ئىشىكلىك پەلەمپەيلەر ئارقىلىق، مازار ئۈستىدىكى ئوچۇق سۇپا (2 ـ قەۋەت) غا چىققىلى بولىدۇ. مازارنىڭ ئىشىكى (ئالدى) شەرققە قارايدۇ، مازارنىڭ ئىشىك ئۈستى، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە مەخسۇس ئاق كاھىشتىن تەييارلانغان ئەرەبچە خەت ـ ئايەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ بىنەپشە، كۆك، يېشىل كاھىشتىن ئىشلەنگەن چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مازارنى تېخىمۇ چىرايلىق تۈسكە ئىگە قىلغان.

مازارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەرەبچە خەتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ قىلىنغان تەرجىمە مەنىسى: «ئۇلۇغ پادىشاھىم! سىز ئۇلۇغۋار ئىش ـ ئىلتىپاتنىڭ دېڭىزىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسىدۇرسىز، ۋەلى غالىب، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇرسىز، ئاللانىڭ ئالىي كالامى (قۇرئان) غا سادىق بەندىسىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئىپتىخارىدۇرسىز.»

مازارنىڭ سول تەرىپىدىكى ئەرەبچە خەتنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ قىلىنغان تەرجىمە مەنىسى: «پادىشاھىمىز ... نىڭ خانىكىسى بەيتفالىخە (خانىكە) گە بېغىشلايمىز: گۇناھكارلىرىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، دەۋرىمىزنىڭ خانىكىسى، زامانىمىزنىڭ بىلقىسى*، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، دىيانەتلىك، دۇنيادا ئاياللار ئىچىدە تەڭدىشى يوق بەيتفالىخە خاتۇننىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى مەڭگۈ

* بىلقىس ـ سۇلايمان پادىشاھ (پەيغەمبەر) نىڭ گۈزەل خانىشى.

ساقلانغاي، ئۆمرى چەكسىز ئۇزۇن بولغاي. مەغرىپتىن - مەش
رىققىچە ئەبەدىل - ئەبەد ياشىغاي!...»*

تىزغىلىق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ئۇلۇق يېنىغا ياندىش سېلىن
غان يەنە بىر ھەشەمەتلىك گۈمبەزلىك قەبرە (ئۇنىڭ ئالدى
ۋە ئەتراپىغا ھەرخىل گۈل نەقىش، بېزەك، كاھىشلار تېخى
ئىشلىتىلمىگەن پېتى قۇرۇلۇش توختاپ قالغان) بەلكى بەيت
فالىخە خاتۇن (خانىكە) نىڭ مازىرى بولۇشى مۇمكىن. تىزغىلىق
تۆمۈرخان مازىرى «ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلى
دىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلى
رىدىن باشقا غۇلجا ناھىيىسى تەۋەسىدە يەنە سۇلتان ئۇ
ۋەيسخان مازىرى بار. ئۇۋەيسخان تىزغىلىق تۆمۈرخان تەرى
پىدىن قۇرۇلغان مۇغۇلىستان خانلىقىنىڭ 5 - ئەۋلات پادىشاھى
بولۇپ، ئۇ خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇۋەيس
خان مىلادى 1418 - يىلى تەختكە چىقىپ خانلىق نامىنى
«ئىل بالىق»قا ئۆزگەرتكەن. ئۇ مىلادى 1428 - يىلى جەڭ
دە قازا تاپقاندىن كېيىن، ئابرال تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدى
كى بوربۇسۇن غولىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنغانىكەن. مەلۇمات

---

* ئايەتلەرنى يولداش چېن جىڭگو ئۆزىنىڭ: «يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا مۇھاكىمە» دېگەن
ماقالىسىنى ئېلان قىلىدىغان چاغدا تىلشۇناس، شائىر ئىمىن تۇرسۇن
ۋە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى مىللىي تىل فاكۇلتېتىدىكى ليۇشۆ
جىنلار تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىكەن. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى
چېن جىڭگۇنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالىسىدە نەقىل كەلتۈر
گەن قىسمىدىن ئالدىم (ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1984 -
يىل 12 - سانىغا بېسىلغان.)

لارغا قارىغاندا، ئۈۋەيسخانىنىڭ مازىرىقى مازىرى 1876 - يىلى شۇ زامانىنىڭ زاتلىرىدىن قەمەردىن خەلپەم، ۋىلىباي يولداشۇۋلار تەرىپىدىن قايتا رېمونت قىلىنىپ ياسالغانىكەن.
ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېتىكىدىكى خونىقاي غولىدا «خونىقاي مازىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان يەنە بىر مازار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چاغاتاي خاندانلىقى دەۋرىدە ئالمالىقتا تۇرۇپ، خاندانلىقنىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر ئالىمى مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكىنىڭ مازىرى ئىكەن.
ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخچى ۋە يازغۇچى، مەرھۇم تېيىپجان ھادى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىپ يازغان ئىلمىي ماقالىلىرىدە ئىلى تارىخىغا ئائىت: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلىدا ياسالغان ئەلاھىددىن باغدادى (غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى تىرەك مازار) مازىرى، غۇلجا شەھەر دۆڭ مەھەللىسىدىكى سېيىت كامالىددىن مازىرى (1867 - يىلى ياسالغان بولۇپ، «چوكان مازار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بەيتۇللا مەدرىسى ۋە باشقا بىر قانچە ئاتاقلىق مەسچىت، خانىقا، ئىبادەتخانا، ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى، غۇلجىدىكى مەشھۇر تۆت باغ (ھەيرانىباغ، گۈلشەن باغ، روشەنباغ قاتارلىقلار)، بايانداي سېپىلى، سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ قەبرىسى، ئاق ئۆستەڭ ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى، غۇلجىدىكى «يۈز»لەر ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، ئىلى تەۋەسىدىكى بىرمۇنچە مەشھۇر جايلارنىڭ ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە باشقىلار خېلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى قىسقارتتىم.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلانغان جايى — ئۇلاستاي

ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن بىرى — ئۇلاستاي ئىنقىلابىي ئىزى نىلقا تەۋەسىدىكى تىيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ بىرۆكنو تارمىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەر بىلەن نىلقا ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى 20 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇلاستاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3000—4000 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى قاتمۇقات تاغلار، چوڭقۇر جىلغا ساي، جىرالار، خىلۋەت ۋە خەتەرلىك تىك ھاڭلار، بۈك - باراقسان ئورمان، ئوت - گىياھلار بىلەن قاپلانغان. بۇ يەر-نىڭ شەرقى كۈنەس، شىمالى جىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىدا توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرى بولۇپ، مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتسىلا جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغىلى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ يەرنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىزانلىرى بۇ يەرنى مۇھىم بازا قىلىپ تاللىۋالغان.

1944 - يىلى 7 - ئايدا، ئىلىدىكى ئىلغار ئىنقىلابچىلار يوشۇرۇن ھالدا «ئازادلىق تەشكىلاتى»نى قۇرغان. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، پائال تۈردە تەشۋىقات - تەرغىبات ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرغان. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۇلاستاي پارتىزان ئەترىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوراللىق كۈرىشىنىڭ پەردىسى ئېچىلغان. مەزكۇر پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئاتلىق جەڭچىلەر بولۇپ، جەڭگىۋارلىق كۈچى خېلى ئۈستۈن بولغان. ئۇلار شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى نىلقا ناھىيىسىگە كىرىپ - چىقىدىغان ئېغىزلاردىن بىرى — مازارنى ئىشغال

قىلغان. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، 700 دىن ئارتۇق ئىنقىلابچىلار ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ قايتا ناھىيىسىگە ھۇجۇم قوزغىغان. نەتىجىدە 27 سائەتلىك كەسكىن جەڭ ئارقىلىق نىلقا ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغان. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يەنە غۇلجىغا يۈرۈش قىلىپ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بەش كۈن كەسكىن جەڭ قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلغان. ھەمدە 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قۇرغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلانغان جايى ئۇلاستاي ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىدا مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئورۇندۇر.*

## خانتەڭرى باغرىدىكى خاتىرە تاش

تىيانشان تاغلىرىنىڭ تاجىسى — خانتەڭرى باغرىغا جايلاشقان موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ شوتا يېزىسى تەۋەسىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تىكەس 1 - ئاتلىق پولكى 1946 - يىلى تىكلىگەن بىر خاتىرە تاش بار. ئاق مەرمەردىن ياسالغان بۇ خاتىرە تاش شوتا يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غول ئىچىگە تاغ باغرىدا ياسالغان يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئورنىتىلغان. خاتىرە تاشنىڭ يەردىن چىقىپ تۇرغان قىسمى 1.40×1.33 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا 40 - يىللارنىڭ ئىملاسىدا ئۇيغۇرچە 12 قۇر خەت

---


* مەن ئۇلاستاي توغرىسىدىكى بۇ چۈشەندۈرۈشنى يولداش دۇگېيچىڭنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان ماقالىسىگە ئاساسەن تەييارلىدىم.

ئويۇلغان. خەتلەر ئاساسەن ياخشى ساقلىنىپ قالغان، بەزى خەتلەرنىڭ قىسمەن بۇزۇلغان جايلىرى بولسىمۇ، جۈملىسىنى يەتمىلا تولۇق ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇ قىسمەتنىڭ خاتىرە تاشقا تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئېنىق ۋە رەتلىك ئويۇلغان:

«... تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى غۇلجا، جىڭ، شىخولارنى نى دۈشمەندىن ئازاد قىلغاندىن كېيىن، 1945 - يىلى تۆت تەبىر ئېيىدا، شوتىغا كېلىپ تۇردى. ئەسكەرلەر بۇ يەردىكى خەلق ئۆتتۈشكە قىينىلىپ كەلگەن شوتا يولىدىكى چوڭ تاش لارنى ئېلىپ تاشلاپ، هارۋا يۈرۈشكە لايىق قىلىپ ياسىدى. ئارقىدىن قۇمبەلگە قەدەر يېڭىدىن ئۆي، مەسچىت، مۇنچىلار سېلىندى.

1946 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا- شوتا خەلقى پايدىسىنى ئويچۇن كانتا توغان قېزىلىپ، سۇ چىقىرىلدى. ئۈچ يەرگە كۆۋرۈك سېلىنىپ، ئېتىم كۆنى خەلققە ئەركىن (قويۇپ) بېرىل دى. يۇقىرىقى ئىشلار پولكىمىزدىكى ئەسكەر - ئوفىتسېرلارنىڭ جىسمانىي غەيرىتى بىلەن تاماملاندى.

كاماندىر- پالكا- پالكاۋنىك مەۋلانوپ.»



41 - رەسىم. خانتەڭرى باغرىدىكى خاتىرە تاش رەسىمى

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە قەغەزگە يېزىلغان ھۆججەت، ماتېرىيال ئارخىپلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تاشقا ئويۇلغان خاتىرىلەر يوق دېيەرلىك. مېنىڭ بىلىشىمچە، مۇشۇ ئاق مەرمەرگە ئويۇلغان خاتىرە تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئىش ئىزلىرىغا دائىر ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولسا كېرەك. ئەينى يىللاردا مىللىي ئارمىيىنىڭ شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرى خەلقنى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن بالدۇرراق ئازاد قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى فرونتلاردا دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن. ئۇلار ئازراق خاتىرجەملىك، تىنچلىق شارائىتى بولسىلا، يەنىلا خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، جاپالىق جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلىپ، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلاتتى. ئاق مەرمەر تاشقا ئويۇلغان يۇقىرىدىكى پاكىتلىق جۈملىلەر ئەنە شۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

1983 - يىلى 8 - ئايدا، بىز بۇ ئىنقىلابىي يادىكارلىقنى قايتا تەكشۈرگەندە، شوتا يېزىسىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى ۋە يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلاردىن خاتىرە تاشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدۇق.

خاتىرە تاشنىڭ تېكىستىنى 1946 - يىلى تېكەس 1 - ئاتلىق پولك كاتىپى سىدىقجان يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى پولك تۆمۈرچىسى ئەمەت ئۇستا تاشقا ئويغانىكەن (ئەمەت ئۇستا 1982 - يىلى شوتا يېزىسىدا ۋاپات بولۇپتۇ). مەلۇم بولدىكى، بۇ قىممەتلىك ئىنقىلابىي يادىكارلىقمۇ «بالايىئاپەتلىك يىللار» نىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا ئۇچراپتۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بەزىلەر بۇ خاتىرە تاشنى ھاڭغا غۇلىتىپ كۇكۇم - تالقان قىلماقچى بولۇپ، ئۇنى تەسلىكتە ئورنىدىن قوزغاپ، خاتىرە تاش ئورنىتىلغان جاينىڭ ئۇدۇلى

دىكى تىك قىياغا ئۆتتەرمەكچى بولغاندا، تاش دۇم بولغان پېتى تۇرۇپ قاپتۇ - دە، قايتا ئورنىدىن يۆتكىيەلمەي ئامالسىز قايتىپ كېتىشىپتۇ...

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى قومۇرۇلغانغا قەدەر، بۇ خاتىرە تاشمۇ دۇم قالغان پېتى جايىدا تۇرىۋېرىپتۇ. كېيىن يېزىدىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، دېھقانلاردىن بىرنەچچەيلەن ئۇنى قايتىدىن ئەسلى جايىغا يۆتكەپ، تاغ باغرىدىكى قارىغاي تۈۋىگە ئورنىتىپ قويۇپتۇ.

1984 - يىلدىن كېيىن بۇ خاتىرە تاش ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن، ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەينى زاماندىكى بىرنەچچە پېشقەدەم ئوفىتسېرلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئەينى يىللاردا تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئىزچىل ئۆتىگەن ھەمدۇللا قۇربانوۋ ئاكا بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم (ھەمدۇللا قۇربانوۋ 1980 - يىلى شىنجاڭ سانائەت شۆبىۋەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا).

ھەمدۇللا قۇربانوۋ ئاكا تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئىنقىلاب ۋە تىنچلىق يىللىرىدا كۆرسەتكەن مۇھىم تۆھپىلىرى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك پاكىت - ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بەردى ... ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

«... تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئەسلى پارتىزان شەكلىدىكى ئىسكادرون (لىيەن) نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. شۇ چاغدا پولك كوماندىرى ئىسھاقجان مەۋلانوپ (قىرغىز)، مەن لىيەنجاڭ ئىدىم. پولكىمىز بىرنەچچە قېتىم شىددەتلىك، ھەل قىلغۇچ جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ۋەزىپىلەرنى ناھايىتى

ياخشى ئىجرا قىلدى...

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى، جىلق، شىخولارنى دۈشمەندىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق. شۇ يىلى مەن پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، كېيىنچە سىياسىي كومىسسارى بولدۇم. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرىسىنى ساقلاش ئۈچۈن قوماندانلىق شتاب بىزنى جىڭدىن — شوتىغا يۆتكىدى.

پولكىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ئالدىنقى قاراۋۇللاردىن قۇمبەل (مۇزداۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدە، ھازىرقى شوتا يېزىسىدىن تەخمىنەن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا، كونا ئات يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ)، تامغاتاش (ھازىرقى باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يايلاق)، توغراسۇ، خان يايلاق قاتارلىق جايلاردا قاراۋۇللۇقنى ياخشى قىلىپ، مۇزداۋان يولىنى توسۇش ئىدى.

پولكىمىز شوتىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلارغا قولايلىق بولۇش ۋە مۇزداۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يولۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، 400 نەپەر كوماندىر - جەڭچى 25 كۈن جاپالىق ئىشلەپ، شوتا مەھەللىسىدىن قۇمبەلگىچە بولغان يولنى ھارۋا يۈرۈشكە لايىق قىلىپ ياساپ چىقتۇق. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە قوماندانلىق شتابتىن بىزگە: «بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاشلىق يېمەك ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش» بۇيرۇقى كەلگەنىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاقسۇ يېزىسى، چېكىرتى يېزىسى ۋە شوتا مەھەللىسىدىكى خەلق ئۆزلۈكىدىن پولكىمىزغا ياردەملىشىپ، شوتا ئەتراپىدىكى تەخمىنەن 2000 مو يەرگە دېھقانچىلىق قىلىپ بەردى. پولكىمىزدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر خەلقنىڭ غەمخورلۇقىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق

جاۋاب ياندۇرۇش يۈزىسىدىن، شوتا جىلغىسىغا چوڭ توغان ياساپ، ئەسلىدىكى كىچىك ئېرىقنى كېڭەيتىپ، 3.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چاپتى. ئۇنىڭدىن باشقا پولكىمىز خەلق ۋە ئەسكەرلەرنىڭ پاناھلىنىشى ئۈچۈن، مۇزداۋاننىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى شىپالىق دېگەن يەرگە تومان ۋە بوراندىن ساقلىنىدىغان ياغاچ ئۆي ياساپ چىقتى. كوماندىر - جەڭچىلەر بۇ ئۆينى ياساشقا كېرەكلىك چوڭ قارىغاي ياغاچلىرىنى 30 — 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىن كۆتۈرۈپ كېلىپ داۋانغا ئاچىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاقسۇ يېزىسىدىكى چوڭ ئېقىنغا مۇستەھكەم قىلىپ چوڭ ياغاچ كۆۋرۈك ياساپ بېرىلدى.

ئومۇمەن يۇقىرىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى پولكىمىزدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر يەرلىك خەلق بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ ئىشلەپ پۈتتۈرگەن.

1946 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يۇقىرىدىكى چوڭ ۋەزىپىلەرنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندالغانلىقى شەرىپىگە كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن خەلق شوتىدا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەنتەنە قىلدۇق. بۇ كۈنى پولكىمىزدىكى ئەزىمەتلەر خەلققە ھەرخىل ئات ئويۇنى، تەنتەربىيە نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان خاتىرە تاشمۇ تىكلەندى...»

خانتەڭرى باغرىدىكى بۇ خاتىرە تاش — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ قىممەتلىك ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىللە، بۈگۈنكى كۈندە، تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىلىرى، ئىش - ئىزلىرىنى خاتىرىلەش، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ياش ئەۋلادلارغا ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار:

1. 1958 —، 1961 —، 1963 —، 1976 —، 1983 —، 1986 — يىللاردا ئىلى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە، مەن ۋە مەرھۇم تۇرسۇن ئەيسا، مەرھۇم ئوبۇلقاسىم ھاجى، ئىسمايىل خېلىل، ھەسەن ئابدۇرېھىم قاتارلىق كەسىپداشلار يازغان تەكشۈرۈش دوكلاتى، دالا تەكشۈرۈش خاتىرىسى، بىر قىسىم ئارخىپ ماتېرىياللار.

2. سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى.

3. ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خاندانلىقى»، خەنزۇچە، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1961 - يىل نەشرى.

4. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

5. موللا موسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

6. ۋاڭ مېڭجېي: «ئىلاقا ئۇراسايدىكى قەدىمكى مىس كانلىرىنىڭ تېپىلىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1986 - يىل 1 - سان، خەنزۇچە 18 - بەت.

7. ئابدۇقېيۇم خوجا: «شىمالىي شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1962 - يىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلار نەشرىياتى، خەنزۇچە 7 — 8 - سان.

8. ئابدۇقېيۇم خوجا: «كۆجاي قىيا تاش رەسىملىرى»

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1989 - يىل 5 - سان.
9. «ئىبىسك (ئىشك) قەبرىسى» نى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش تەكشۈرۈش دوكلاتى، موسكۋا «سەنئەت» نەشرىياتى نەشرى.
10. ب. گ. غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، 1 - قىسىم. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.
11. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئىشلەتكەن يېزىقلىرى

## ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى

ئەمگەكچان ۋە ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت. ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگارەڭ ۋە باي مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يارىتىشتا، جۈملىدىن ئاسىيا مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەمدە ئىلگىرى سۈرۈشتە تارىختا ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. نەچچە مىڭ يىللىق مۇرەككەپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا تىلىنى ئالاھىدە ۋە كۈرەش قورالى قىلىپ كەلگەن.

مەلۇم بىر تىل تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن بىر باسقۇچقا يەتكەندە ئاندىن يېزىق پەيدا بولغان. يېزىقنىڭ تارىخى تىلنىڭ تارىخىغا قارىغاندا قىسقا، تىل كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەنلا بارلىققا كەلگەن، يېزىق بولسا ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن — ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن.

يېزىق — تىلنى خاتىرىلىگۈچى بەلگىلەرنىڭ مۇئەييەن سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ياردەمچى ۋاستىسى. كونكرېت بىر تىلغا بېقىنمايدىغان مۇستەقىل يېزىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يېزىق تىلنى خاتىرىلىگۈچى ۋە كونكرېت بىر تىلغا بېقىنغۇچى شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ

مۇئەييەن سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل تەرەققىياتى يەنىلا يېزىق تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى ئامىللاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېزىق ئۆزى بېقىنغان تىلغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يېزىق تىلنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە، بېيىشىغا ۋە بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى تىل تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى كۈچ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى ھەرخىل تىللار ئىچىدە يېزىقى بار تىللار يېزىقى يوق تىللارغا قارىغاندا ھامان خېلىلا تەرەققىي تاپقان بولىدۇ.

كىشىلەر تىلدىن پايدىلىنىپ ئالاقە قىلىشقاندا، زامان ھەم ماكان جەھەتتىن ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تىلنىڭ مانا شۇ يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلىدى. يەنى كىشىلەر يېزىق ئارقىلىق ئۆز تەجرىبىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ھەم ئۇنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە مىراس قالدۇرۇشقا قادىر بولالىدى. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەتنىڭ پەن ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە تىل بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز ـ ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشكە، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاساس بولۇپ كەلدى.

ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق ئىلمى شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما تەرەققىياتىنى ئېلىپ بېرىشتا ئاساسلىق قائىدىلەرنىڭ بىرى تىل تارىخىنى شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. پەقەت تىلنىڭ ئۆز پاكىتلىرىلا ۋە مەزكۇر

خەلقىنىڭ تارىخىدا شۇ تىلنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ۋە بۇ تىل گۇرۇپپىسىدىكى ئۇل تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار — بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگۈچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنداق ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جەريان ئۇلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ھاياتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتار-لىقلارغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ تىل تەرەققىياتى، يېزىق تارىخى، ئەدەبىياتىدىمۇ باشتىن - ئاخىر چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى. شۇڭا، ئۇيغۇر يېزىق تارىخى ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم تارىخىي جەريانلار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە نامى توغرىسىدا مەملىكىتىمىز ۋە چەتئەل مەنبەلىرىدە نۇرغۇنلىغان تارىخىي خاتىرىلەر بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن ئەڭ قەدىمىي قەبىلىلەر، دەسلەپتە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىر-لەردىن باشلاپ ھۇن قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدا بولغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تۇرا (丁零) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تۇرالار (丁零) لار ئەڭ بۇرۇن دى لى (狄历) دەپ ئاتىلاتتى ...» دەپ يېزىلغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «روڭ، دىلار جۇ سۇلالىسى ئاجىزلاشقاندىن تارتىپ جىڭۋېي (بوگونكى شەنشىنىڭ شىمالىدا) دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئارىلاش ياشىغان» دېيىلگەن.

«ۋېينامە. تۆلۈسلەر (قانقىل) ھەققىدە قىسسە» دە:

قانقىل (高车) لار قەدىمكى تۇرا (狄) لارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، دەسلەپ تۇرا (狄历) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ شىمالىي تەرەپتىكىلىرى تۇرا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار تۇرا (狄)، ئۇيغۇر (袁纥)، قۇغۇرسۇ قاتارلىق ئۇرۇقلاردىن ئىبارەت...» دەپ يېزىلغان.

«سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «تۇرالار ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى، ئۇرۇقلىرى ناھايىتى كۆپ... توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بۆكە، توڭرا، بايئىرقۇ قاتارلىق ئۇرۇقلار بار ئىدى...» دېيىلگەن.

«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇيغۇر (袁纥) لار ئەسلى ھۇنلارنىڭ پۇشتى بولۇپ، كېيىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرا (铁勒) دەپ ئاتالغان. ئۇلار چەبدەست، جەسۇر، كۆپىنچە ھارۋىدا يۈرىدۇ...» دېيىلگەن.

«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇيغۇر (回纥) لار ئەسلى ھۇنلاردىن كېلىپ چىققان. كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق ھارۋىدا يۈرىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە قانقىل (高车) ياكى تۇرا (敕勒)، تۇرا (铁勒) دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار ئۇيغۇر (袁纥)، سىر - تاردۇش، چەبگىر، دوبا، كۈلىگەن، دولانغۇت، بۆكە، بايئىرقۇ، توڭرا، قۇن، ئىركىن، ئادىز قاتارلىق 15 قەبىلىدىن ئىبارەت ...» دەپ پۈتۈلگەن.

ئومۇمەن، تارىخىي خاتىرىلەردىن يەنە بىرمۇنچە بايانلارنى كەلتۈرۈشكە بولسىمۇ، ئۇلارنى قىسقىچە خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەرخىل ناملاردا مەسىلەن، مىلادى IV ئەسىرلەردە «ئۇيغۇر» (袁纥)، مىلادى V ئەسىرلەردە «قانقىل» (高车)، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «تۇرا» (铁勒)، «ۋېيخې» (韦纥)، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

دەسلەپتە «خۇيخې» (回纥)، مىلادى 778 - يىللىرىدىن كېيىن «خۇيگۇ» (回鹘 — يەنى شۇڭقاردەك چەبدەست، باتۇر دېگەن مەنىدە) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ھەرخىل دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى ئىدى.

مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇرلار (جۈملىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى) كۆك تۈرك خانلىقى (552 — 744 - يىللار) نىڭ تەركىبىگە كىرگەن ۋە ئۆز زامانىسىدىكى كۆك تۈرك مەدەنىيىتى (ئورقۇن — يېنىسەي مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. مىلادى 740 - يىلىدىن كېيىن قۇرۇلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي تىلدىكى قەبىلىلەرنى نىسبەتەن كەڭ تۈردە بىرلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلگەن چوڭ فېئودال خاندانلىقنى تىكلەش ۋە خېلى يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى ۋە يازما ئەدەبىياتى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ دەۋردە روناق تېپىشقا باشلىغان.

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن ئىككى چوڭ فېئودال خاندانلىقى — ئۇيغۇرخانلىقى (850 — 1250) بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى (840 — 1212) ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانىدى. بۇ دەۋرلەردە يەنە ئۇيغۇرلار مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ئىقتىسادى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى تىل - ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلىپ، خاندانلىق دائىرىسىدىكى قوچۇ (تۇرپان)، بېشبالىق (جىمسار ناھىيىسىدە)، كۈسەن (كۇچا) قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئوچاقلىرىغا ئايلانغان.

كاشغەر (قەشقەر) ۋە بالا ساغۇنى پايتەخت قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى بولغانلىقتىن، بۇ دىننىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جايلاردا قەشقەر ۋە بالا ساغۇننى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنىي مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلدى.

«XII ئەسىردە يۈز بەرگەن قاراختايلارنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى، بولۇپمۇ XIII ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلانغان چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى؛ ھەممىدىن ئاۋۋال، موڭغۇل يايلىقىدىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى نامى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ كەڭ رايوندىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى قويۇقلاشتۇردى. كەڭ دائىرىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇنداق بىرلىشىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بۇ رايونلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن خۇلاسىلەندى...

1514 - يىلدىن 1678 - يىلغىچە بولغان خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلدە يەركەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقى شىنجاڭ رايونىنى خېلى كەڭ دائىرىدە بىرلەشتۈردى. بۇ دەۋردە ئۆزئارا نىزا تۇراقسىز ۋەزىيەتكە بىرقەدەر ئۇنۇملۇك خاتىمە بېرىلگەنلىكتىن، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۈكسىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىمۇ گۈللىنىپ يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. XVIII ئەسىردىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئاخىرقى ھېسابتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك

بىرلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.»*

ئومۇمەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (جۈملىدىن ئۇيغۇر يېزىق مەدەنىيىتى) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردا، ھەرقايسى دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ھەرقايسى دەۋرلەردە بەرپا بولغان ھەر خىل مەدەنىيەتلەردىن ئۆزىگە خاس ئوزۇق ئېلىپ، ئالاھىدە بىر مىللىي شەكىل بىلەن بېيىپ، تەرەققىي قىلغانىدى.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ غەربىي ھۇن تارمىقى ئىچىدىكى قارلۇق تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. رەسمىي يېزىق ئىشلەتكەن دەۋردىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىرنەرسە دېيىش ھازىرچە قىيىن. بۇ كەمگىچە تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ئاساسەن چەت ئەللەردىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى تىلشۇناسلار، تۈركولوگلارنىڭ پەرەزلىرى بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقتىن پايدىلانغاندىن بۇيانقى دەۋرلەردىكى تىلنى، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلىرىغا قاراپ: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا ئەسىر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت تۆت دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقى (ئۇرقۇن — يېنىسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا تۈرك يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە؛ ئوتتۇرا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە قىسمەن ئەرەب يېزىقى يادىكارلىقلىرىدا؛ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى XIV — XII ئەسىرلەردىن تاكى بىزنىڭ ئەسىرىمىزگىچە

* ئا. تۇردى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان».

بولغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن ئۇيغۇر (ياڭى چاغاتاي) يېزىقىدا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، مىللىي ئورتاق تىل دەيمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى شەكلى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ۋە قېلىپلاشقان مىللىي ئەدەبىي تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختا تۈرلۈك يېزىقلارنى قوللانغان. لېكىن ئۇيغۇرلار زادى قايسى دەۋردىن باشلاپ ئېروگلىفلىق (تەسۋىرىي) يېزىقنى قوللانغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلانغانلىقى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. چۈنكى بۇ ھەقتە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە تارىخىي يادىكارلىقلار يوق.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي سىستېمىلاشقان يېزىقتىن پايدىلىنىپ قالدۇرغان يادىكارلىقلىرىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى 1600 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئۇيغۇرلار جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلق ۋە مىللەتلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1) قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقى؛ 2) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى؛ 3) براھمىچە تۈرك يېزىقى؛ 4) قوچو (ئىدىقۇت) يېزىقى؛ 5) سوغدى يېزىقى؛ 6) سۈرىيە يېزىقى؛ 7) مانى يېزىقى؛ 8) ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق بىرقانچە خىل يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ كەلدى. تۆۋەندە بۇ خىل يېزىقلار ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمەن.

### 1. قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى يېزىقلىرىدىن

بىرى. بۇ يېزىق 38 دىن 40 قىچە ھەرپ بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار ئۇنى ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتىغان؛

(1) بۇ يېزىقتا ئويۇلغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورقۇن-يېنىسەي دەريا ۋادىلىرىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئورقۇن يېنىسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ.

(2) بۇ يېزىقنىڭ شەكلى شىمالىي ياۋروپادا قوللىنىلغان قەدىمكى رونىك يېزىقىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەزىلەر ئۇنى رونىك يېزىقى ياكى «تۈرك - رونىك يېزىقى»، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى يېزىق دەپمۇ ئاتايدۇ. بىز ئۇنى قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقى دەپ ئاتايمىز. قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقى، ئومۇمەن، ئوڭدىن - سولغا توغرىسىغا يېزىلىدۇ. لېكىن يېنىسەي ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا سولدىن - ئوڭغا يېزىلغانلىرىمۇ بار. ئايرىم مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ھەتتا «قوش يول» يەنى (بىر يولى ئوڭدىن سولغا، يەنە بىر يولى سولدىن ئوڭغا) يېزىلغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. سۆزلەر بىر - بىرىدىن تىك (ئاسما) چېكىت (:) ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. بەزى سۆز بىرىكمىلىرى بىر سۆز قىلىپمۇ يېزىلىدۇ. ئايرىم يادىكارلىقلاردا «~» سۆز ئايرىش بەلگىسى قىلىپ يېزىلغان.

بۇ يېزىقتا كۆپىنچە ئۇزۇك تاۋۇشلار ئاساس قىلىنغان. سەككىز سوزۇق تاۋۇش ئومۇمەن تۆت ھەرپ بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ يېزىقتىكى ھەرپ شەكىللىرى سۆزنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاياغلىرىدا ئاساسەن ئوخشاش شەكىلگە ئىگە.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى:

d, d, l, n, rs, t, y دىن ئىبارەت سەككىز ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ

ھەربىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ھەرپ (شەكىل) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە باشقىلار.

قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا قوللىنىلغانىدىن تارتىپ، ئومۇملاشقۇچە بىرنەچچە ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئەمەلىي ئەھۋال. شۇنى كۆزدە تۇتقاندا ئۇنىڭ دەسلەپكى قوللىنىلىشقا باشلىغان دەۋردىن تارتىپ، تۈرك خانلىقى دائىرىسىدە ئومۇملاشقان دەۋرگىچە بولغان ئارىلىقنى خېلى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ خىل يېزىقنى قايسى دەۋردىن باشلاپ قوللانغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە نۇرغۇنلىغان ئالىملار ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بۇ مەسىلىلەر ئېنىقلانغىنى يوق.

قىسقىسى، بۇ يېزىقنىڭ ئەڭ دەسلەپ قوللىنىلغان ۋاقتى، جايى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ئادەتتە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە قول يازما يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى تېپىلغان رايونلىرى بويىچە يەتتە رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) شىمالىي موڭغۇل دالاسى (ئۇرقۇن)؛

(2) يېنىسەي دەرياسى ۋادىسى؛

(3) لېنا دەرياسى — بايقال كۆلى رايونى؛

(4) ئالتاي رايونى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى)؛

(5) شىنجاڭنىڭ تۇرپان، چاقىلىق (مىرەن) قاتارلىق جايلىرى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغانلىرى؛

(6) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتە سۇ، پەرغانە ئويمانلىقى قاتارلىق جايلار؛

(7) شەرقىي ياۋروپا (دوناي دەرياسى ۋادىسىدىن) تېپىلغانلىرى...

مەزمۇن بويىچە تۆۋەندىكى ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) تارىخىي تەزكىرە خاراكتېرىدىكىلىرى؛

(2) قەبرە (تاشلىرى)؛

(3) مەڭگۈ تاش ۋە تاملارغا ئويۇلغانلىرى؛

(4) دىنىي خاراكتېردىكىلىرى؛

(5) ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى؛

(6) تۇرمۇش بۇيۇملىرى (مېتال بۇيۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا ئويۇلغانلىرى ۋە باشقىلار.

قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى مۇھىم ھۆججەت، شۇنداقلا ئۆز زامانىسىدىكى تارىخ، تىل - ئەدەبىياتنىڭ يېگانە ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يادىكارلىقلاردا كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ [مىلادى 552-يىلى تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئاشىنا ئۇرۇقى كۆپىيىپ، ئاقساقىلى تۈمەن (بومىن دەپمۇ يېزىلغان) نىڭ رەھبەرلىكىدە كۈچلۈك تۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۆزىگە تۈمەن «ئېلىك قاغان» دەپ نام بەرگەن. بۇ خانلىق تارىختا كۆك تۈرك خانلىقى (ياكى شەرقىي تۈرك خانلىقى) دەپ ئاتىلىدۇ] گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆل تېكىن (كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە خاقانىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، 731 - يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان مەشھۇر سەركەردە، قەھرىمان)، تونيۇقۇق (بىرنەچچە خاقانلارغا مەسلىھەتچى بولغان، مەڭگۈ تاش 712 — 716 - يىللىرى ئارىلىقىدا

ئورنىتىلغان، 62 قۇر خەت ئويۇلغان)، بىلگە خاقان، بايانچۇر (مويۇنچۇر، قۇتلۇق بىلگە خاقان) قاتارلىقلارنىڭ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى بىر خىل نازۇك شائىرانە تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. (بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى بىر خىل نەزم ئۇسلۇبىدا يېزىلغان دەپمۇ قارايدۇ). ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە — پارچىلىنىپ كەتكەن قەبىلىلەرنى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك فېئودallıq دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۆز دەۋرىنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى بۇ خىل ئىنتىلىش ئاساسىدا كۆك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار رول ئوينىغان.

مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى — كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خاقانلارنىڭ نەسەبنامىسى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر قەبىلىلەر ئارا بولغان ئۇرۇش يېغىلىقلار، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، قەبىلە، يەر ناملىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە بىزنى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

قىسقىسى، بۇ يادىكارلىقلارنى كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئۇلارنى يازغۇچى شەخسلەرنى ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئەربابلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

### 2. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار تارىختا ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ كۆپ

قوللانغان ئىككىنچى خىل يېزىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىلگەن يېزىق بولۇپ، ئومۇمەن سولدىن ئوڭغا (بەزىلىرى ئوڭدىن سولغا) تىك ۋە تۈز شەكىلدە يېزىلىدۇ.

23 ھەرپلىك بۇ يېزىق مىلادى 744 — 840 - يىللاردا ئورقۇن ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە خېلى كەڭ قوللىنىشقا باشلاپ، قوچو ئۇيغۇر (تەخمىنەن مىلادى 850 — 1250 - يىللار) دەۋرىدە ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن. تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تاكى XV ئەسىرگىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانغان گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسا تاكى XVIII ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. «ئالتۇن يارۇق»، «ئوغۇزنامە»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «سەككىز يۈكمەك»، «چاستانى ئىلىك بەگ»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «مايترى سىمىت»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق بىر-مۇنچە مەشھۇر ئەسەرلەر، بۇددا نوملىرى، مۇھىم ھۆججەت - ۋەسىقىلەر مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغان بۇ يېزىق ھەققىدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بېشىدىلا ئېنىق قىلىپ: «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كېلىنگەن» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئىشلىتىلىپ، پۇختا ئەدەبىي قېلىپقا چۈشۈرۈلگەن بۇ يېزىق ئومۇمىي تۈركىي تىللار ئۈچۈن خېلى مۇكەممەل يېزىق ئىدى. بۇ يېزىقتا ناھايىتى نۇرغۇن دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىيات نەمۇ-

لىلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن. قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دۆلەت يېزىقى بولغانىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 23 ھەرپنىڭ تۆتى سوزۇق تاۋۇشقا، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئاساسەن سولدىن - ئوڭغا تىك ھالەتتە يېزىلىدۇ.

3. براھمىچە تۈرك يېزىقى

كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەر تېپىلدى. دەسلەپتە بۇ خىل يېزىق براھمى يېزىقى دەپ قارا - قويۇق قارالغان. كېيىنكى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ تىلى تۈرك تىلى بولغانلىقتىن «براھمىچە تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتالدى.

بۇ يېزىق توخرى B (توخرى تىلىنىڭ كۇچا شىۋىسى) يېزىقىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزى مۇھىم ئۆزگەرتىشلەرمۇ بولغان، تۈركىي تىللارنى توغرىراق ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر قىسىم بەلگىلەر قوشۇلغان. بۇ يېزىقتا يېزىلغان يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى مەشھۇر تۈركىي تىللار ئالىمى، گېرمانىيىلىك ئا. فون. گابائىن خانىم (مارىيە ئانا) تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان يادىكارلىقلاردا توخرى تىلىدىن تۈركىي تىللارغا قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا بۇ خىل يېزىقنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقنىڭ قايسى تارىخىي دەۋردە قوللانغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈن يوق ئىدى. بۇ يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي بايانلار تۆۋەندىكىچە:

مىلادى 567 - يىلى غەربىي تۈرك دەپ ئاتالغان تۈرك قوۋملىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەپتال (ئىفتالىت 厌哒 ياكى ئاق ھونلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لارنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىنى ئىگىلىدى، ئۇلار تارىختا غەربىي

تۈرك خانلىقى دەپ ئاتالدى. مىلادى 582 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ خانلىق ئىچىدە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىپ، غەربىي تۈرك خانلىقى بۇگۇنكى شىنجاڭ، ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم رايونلار دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇ. مىلادى 659 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ خانلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يىمىرىلدى. ئەنە شۇ زامانلاردا تۈركىي تىلىدىكى خەلقنىڭ بىر بۆلىكى كۇچانىڭ توخرى يېزىقلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن «براھمچە — تۈرك يېزىقى» مەيدانغا كېلىدۇ.

### 4. ئىدىقۇت يېزىقى

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (北胡)، «جۇنامە» قاتارلىق تارىخي كىتابلارنىڭ ئىدىقۇت (تۇرپان) ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە: «يېزىقى خۇاشياچىغا (华夏) ئوخشايدۇ، خۇ (胡 — خۇر، خۇز، غۇز) تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دەپ ناھايىتى ئېنىق قەيت قىلىنغان. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئۆز ئەسىرىدە: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بار، رەسمىي ھۆججەت، خەت - چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. ئۇ يېزىقنى تاتلار مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ» دەپ يەنە بىر قېتىم ناھايىتى ئېنىق ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. بۇ خاتىرىلەر ئارخېئولوگىيە ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا.

تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر، سىڭگىم، مۇرتۇق قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىزم خارابىلىرىدىن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر (III—V ئەسىرلەر) دەۋرىگە ئائىت ھۆججەت - ۋەسىقىلەر خېلى كۆپ تېپىلدى. لېكىن بۇ يارما يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەزى ماتېرىياللاردا «خەنزۇ

يېزىقى، خەنزۇ تىلى» دەپ يېزىلىۋاتىدۇ. لېكىن تارىختا ئىدىقۇت (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قوچۇ (高昌) يېزىقىنى تەڭ قوللانغان ئەھۋالنىڭ بولغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. بۇ خۇددى ھازىرقى ياپونىيىلىكلەر بىلەن كورېيە (چاۋشيەن) لىكلەر خەنزۇچە خەت ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگىنىگە ئوخشايدۇ.

## 5. سوغدى يېزىقى

قەدىمدە پەرغانە ۋادىسىدا ياشىغان سوغدىيانلار مىلادى III ئەسىردىن باشلاپ، ئەسلىدە ئىراندا قوللىنىلغان ئاۋىستا يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بىر خىل يېزىقنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىلى — شەرقىي ئىران شېۋىسىنى ئىجاد قىلغان. بۇ خىل يېزىقنى تىلشۇناسلار «سوغدى يېزىقى» (بەزى كىتابلاردا پەھلىۋى يېزىقى) دەپ ئاتىدى.

سوغدىيانلار شۇ زامانلاردا ھىندى ۋادىسى، قەشقەر رايونى ۋە لوپنۇر رايونى، قوچۇ ۋە موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغىچە بېرىپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار بارغان جايلاردا بۇ خىل يېزىقنى قوللىناتتى.

مىلادى V ئەسىرلەردە بۇ يېزىق خەلقئارالىق سودا كارۋان يوللىرى (يىپەك يولى دەپمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ) تەۋەسىدە راۋان قوللىنىلىدىغان بىر خىل يېزىق بولۇپ قالدى. كېيىن بۇ سوغدى يېزىقى ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بارلىققا كەلدى.

تۇرپان ۋادىسىدىن مىلادى V — VI ئەسىرلەرگە تەۋە سوغدىچە بۇددىزم ئەسەرلىرى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر — يادىكارلىقلار تېپىلدى. تۇرپاندىكى سىڭگىم، بېزەكلىك قاتارلىق مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىمۇ سوغدىچە بېغىشلىمىلار بار. ئۇرقۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى

ئۇيغۇر خاقانلىقى زامانىدا تىكلەنگەن سوغدىچە خەت ئۇيغۇر خان مەڭگۈ تاشلىرىمۇ تېپىلدى. ئومۇمەن قىسمەن يادىكارلىقلارنىڭ گەرچە يېزىقى سوغدىچە بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىلى تۈركچە (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

6. مانى يېزىقى

مىلادى 247 - يىلى ئىراندا مانى دىنى بارلىققا كەلگەندە، بۇرۇن سۈرىيىنىڭ پالمىرا شەھىرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكلىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن مانى يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا تەدرىجىي تارقىلىشقا باشلىدى.

بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە يەرلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مىلادى 762 - يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ مانى يېزىقى ئۇيغۇر تىلىنىمۇ خاتىرىلەيدىغان يېزىققا ئايلاندى.*

تۇرپان تەۋەسىدىن مانى يېزىقىدا يېزىلغان قول يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلغانىدى. ئۇ زامانىدا تۇرپاندا مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى بىرلىكتە كەڭ تارقىلىش بىلەن بىللە، مانى دىنى مەدەنىيىتى بىلەن بۇددىزىم مەدەنىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل شەكىل پەيدا بولغان. بۇ ئەھۋالنى تۇرپان مىڭئۆيى سەنئىتىدىكى بەزى تام رەسىملىرى ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ.

تۇرپاندىن يەنە مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتىدىكى تۇۋانامىلىرى خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلارمۇ تېپىلغان. بۇ يادىكارلىقلار خېلى بۇرۇن چەت

---

* 3، 4، 5، 6- چۈشەندۈرۈشلەر ق. ۋەلىنىڭ «شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىخىي يېزىقلار» دېگەن ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ تەييارلاندى (ئا).

ئەلدە تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

## 7. ئەرەب يېزىقى (ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا
## ئۇيغۇر يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ X ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى بېسىشقا باشلىغان. قاراخانىلار X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ، دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇردى. شۇ قاتاردا ئەرەب يېزىقىمۇ قوبۇل قىلىندى. بۇ يېزىق دەسلەپكى مەزگىلدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا قوللىنىلدى. مەسىلەن، قاراخانىلارنىڭ مىلادى 1067 - يىلىدىن باشلاپ چىقىرىلغان تەڭگە پۇللىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنىڭ بىللە ئىشلىتىلگەنلىكى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئەرەب يېزىقى قاراخانىلار تەۋەسىدە قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇيغۇرلار ئۆلۈك ھالدا قوللانماي، بەلكى ئۇنى تېگىشلىك تۈزدە ئىسلاھ قىلغان ۋە ئۆزگەرتكەنىدى.

1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بارچۇق (مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدە) شەھىرى خارابىسىدىن قېزىۋالغان بىر پارچە ھۆججەتتە ئەرەب يېزىقىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆر-گىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا بەزى ھەرپلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتى-كىسىغا زىچ ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا ئىجادىي ئىسلاھ قىلىنغان.

ئەرەب يېزىقى — ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان قانۇنىي يېزىقى ھېسابلانغاچقا، دىنىي، سىياسىي، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر مۇتلەق ئەرەب تىلىدا يېزىلاتتى. ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ مەركەزلىرىدە ئەرەب تىلى ئالىي ھاكىمىيەت تىلى بولغاندىن

تاشقىرى، ئىلىم - پەن تىلى قىلىنغانىدى. شۇڭا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان تۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى («تۈركىي تىللار دىۋانى»مۇ ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان).

ئەرەب يېزىقى 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن قوشۇمچە ۋاستە بولۇپ كەلدى ۋە مۇشۇ تارىخىي دەۋر ئىچىدە خېلى مۇھىم ئىجابىي رول ئوينىدى، ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان بىرقانچە مەشھۇر ئالىملار، ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن يېزىپ بىزگە قالدۇرغان.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغان ئەرەب يېزىقىنىڭ بەزى ھەرپ شەكىللىرى ئانچە تۇراقلىق بولمىغاچقا، ئۇيغۇر-لار بۇ يېزىقنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان 20 دىن 30 غىچە ھەرپ شەكلىنى قوللانغان.

ئەرەب يېزىقى ئۆزۈك تاۋۇشلارغا ئاساسلانغان يېزىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى قىيىنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىقلار داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن. سوزۇق تاۋۇشلارغا ئالاھىدە مەخسۇس ھەرپلەر بولمىغاندىن تاشقىرى، مەلۇم بەلگە بىر-قانچە تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار تارىختا بۇ يېزىقنى قوللانغاندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى دەۋرگە قەدەر كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلغان.

«ئىدىقۇت ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ئىگىلىك ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بىللە، ئالىي ئەدەبىيات بۇرۇنقى توققۇز ئۇيغۇر (ياكى توققۇز ئوغۇز) ئەنئەنىسى بويىچە تېخىمۇ راۋاجلاندى.

كۇچانىڭ شەرقىدە — ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلار-نىڭ ئىلىم ئەھلى ئىدىقۇت ۋە بېشبالىقتا تۇخار ۋە سانسكرت (ئەنەتكەك) چە يېزىلغان مەشھۇر بۇددا نوملىرىنى ۋە ئەدەبىي

ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا خەنزۇچىدىن پەلسەپە ئەسەرلىرى، ئىدىيە ۋە ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرغان بولسا، كۇچانىڭ غەربىدە قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبەقىسى ئەرەب جەلىپىلىكىدە تۇرلۇك مىللەت ئالىملىرى توپلانغان دۇنيا ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنداق تەتقىقاتچىلىقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولدى؛ ئىسلام قانۇنىنى شەرھلەش، يۇنانىنىڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى شەرھلەش، تىلشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە — كالىندارچىلىق ۋە باشقا ساھەلەردىكى تەتقىقاتلار نۇرغۇن ئالىملارنى جەلپ قىلغانىدى.

شۇنىسى روشەنكى، دىنىي جەھەتتىكى كەسكىن ئايرىمنىڭ بولۇشىغا قارىماي، شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى.»*

ئۇيغۇر يېزىقى تىلىنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە تەرەققىيات جەريانلىرى بىلەن تېخىمۇ تەپسىلىي تونۇشۇش ئۈچۈن «خاقانىيە تىلى» ۋە «چاغاتاي تىلى» ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە ئايرىم - ئايرىم چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

(1) «خاقانىيە تىلى»: X ئەسىردىن كېيىن ۋە مەھمۇت

---

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى، بىرىنچى توم، 6 -، 7 - بەتلەر.

قەشقەرى دەۋرىدە قاراخانىلارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خەلقلەر تىلى «ئوغۇز تىلى» دەپ، شەرق قىسمىدىكى خەلقلەر تىلى «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالدى. بۇ «تۈرك تىلى» قەدىمكى كۆك تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇ، قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى چوڭ شۇئنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى. شۇڭا ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقنىڭ تىلىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەرگەن: «تىللارنىڭ ئەڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، ئەڭ توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار ۋە ئەتىل (ئىدىل) ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر»، «بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئوچۇق ۋە راۋان تىل خاقانىيە ئۆلكىسىدىكىلەرنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ»، قەشقەر «...شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ.»*

«مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ھۆكمى بويىچە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا باشقا – باشقا تۈركىي قەبىلىلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان ‹تۈرك› – ‹خاقانىيە تۈركلىرى› دۇر؛ باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان ‹تۈرك تىلى› ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بولغان ‹خاقانىيە تىلى›نىڭ قىسقارتىلغان ئاتالغۇسىدۇر. بۇ تىل XIV – XV ئەسىرلەردە ‹چاغاتاي تىلى›، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ‹كاشغەر تۈركچىسى› دەپ ئاتالغان تىلدۇر.

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، فاكسىمىل، 1 – جىلد، 25 – بەت.

«خاقانىيە تىلى» دا ناھايىتى باي ئەدەبىي مىراسلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېتەكچى رولى بولغانىدىن باشقا، غەربىي تۈركىي تىلىنىڭ ئوبدان ئامىللىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا بۇ تىل شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالىلىق رولىنى ئوينىغان. تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر يېتەكچى شەۋىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.»*

(2) «چاغاتاي تىلى»: XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئورتاق قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى ئادەتتە «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تىلنى باشقا تۈركىي ئەدەبىي تىللاردىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن خەلقئارادا ئاساسەن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىشىغا چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋە چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئورناتقان باشقا خانلىقلارنىڭ بۇ تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولغان.

چىڭگىزخان ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق زېمىننى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ماۋرائۇننەھر (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار)، يەتتە سۇ رايونى (بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى)، پامىر ئەتراپلىرى ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن مىلادى 1242 — 1306 - يىللاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاشۇ جايلارنى بىر خانلىق قىلىپ، ئۇنى «چاغاتاي خانلىقى»

* «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، بىرىنچى توم، 30 — 31 - بەتلەر.

(ياكى «چاغاتاي ئۇلۇسى») دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ خانلىق ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ، ماۋرائۇننەھر قىسمى «غەربىي چاغاتاي خانلىقى»، يەتتە سۇ رايونى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمى «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» (ياكى «موغۇلىستان») دەپ ئاتالغان. 1348 - يىللىرى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ خانلىقنى يەنە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى «موغۇلىستان» دەپ ئاتىغان. تۇغلۇق تۆمۈر 1363 - يىللىرى ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ خانلىق تۆمۈرلەڭ (ئاقساق تۆمۈر) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى XV ئەسىردىن باشلاپ پارچىلىنىشقا باشلىغان. مىلادى 1514 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان سەئىدخان پارچىلانغان موغۇلىستاننى بىرلەشتۈرۈپ، تارىختىكى «سەئىدىيە خانلىقى» (ياكى «يەركەن خانلىقى») نى قۇرغان.

چاغاتاي ئەۋلادلىرى قانداق نام ئاستىدىكى خانلىقلارنى قۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، «چاغاتاي» دېگەن نامنى ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى قوللانغان. شۇڭا ئۇيغۇر يېزىق تىلىمۇ «تۈرك تىلى»، «تۈركچە» دەپ ئاتىلىشى بىلەن بىر قاتاردا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بايانلاردىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىشىمىز مۇمكىن:

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئورتاق ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللىنىش ئەنئەنىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن — يېنىسەي) يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالغان تىل بىلەن VIII ئەسىردىكى «ئۇيغۇر خانلىقى»دا قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇ تىللار بىلەن ئىدىقۇت خانلىقىدا قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە

«خاقانىيە تىلى» ئوتتۇرىسىدىمۇ ئانچە چوڭ پەرق يوق. بۇ ھال VIII ئەسىردىن بۇرۇنقى «قەدىمكى تۈرك تىلى»نىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، تۈركىي خەلقلەر يېزىققا ئىگە بولغاندىن تارتىپ تاكى XIV ئەسىرگە كەلگۈچە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئورتاق ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللانغان. شۇڭا «قامۇسۇلئەئلام»نىڭ ئاپتورى شەمسىددىن سامى (تۈركىيىدە ھىجرى 1306 - يىلى، مىلادى 1888 — 1889 - يىللىرى نەشر قىلىنغان) مۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالغا كەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى»، «چاغاتاي خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ چاغدىن تارتىپ چاغاتاي تىلى دېپ مەشھۇر بولغان...» دەپ يازغانىدى.

چاغاتاي تىلىدا ئالەمشۇمۇل شاھانە ئەسەرلەرنى يېزىپ دۇنيادا شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ دىۋانىغا يازغان كىرىش سۆزىدە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بولغان لۇتفى ۋە سەككاكى ئۈستىدە توختىلىپ: «...ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈرك سۆزلىرىنىڭ ماھىرلىرىدىن مەۋلانە سەككاكى، مەۋلانە لۇتفىلارنى كۆرستىش كېرەككى، ھەر بىرىنىڭ شېرىن شېئىرلىرى تۈركىستاندا چەكسىز شۆھرەت قازاندى ۋە بىرىنىڭ لەتىپ غەزەللىرى ئىراق ۋە خۇراساندا ئۇزۇلمەي تارقالماقتا» دەپ يازىدۇ. بىر شەيئىنى مەنداش ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلەش چاغاتاي تىلىدىكى ستىلىستىكىلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى. نەۋائى، لۇتفى بىلەن سەككاكى قوللانغان تىلنى «ئۇيغۇر ئىبارىلىرى» ۋە «تۈرك سۆزلىرى» دېگەن مەنداش سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى «تۈرك تىلى» ياكى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە

«ئۇيغۇر تىلى» ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

چاغاتاي تىلى فونېتىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىش بىلەن بىللە، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز - ئىبارىلەرنى ھەم بىرمۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئەرەب ۋە پارس تىللىرى ئامىللىرىنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان رايونلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئەرەب تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى، ئىسلام مەدەنىيىتى ئىزىغا چۈشكەن پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچەيدى، ئەرەبچە، پارسچە ئوقۇغان زىيالىيلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدا يېزىش بىر خىل مودا بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىسلام دىنى، ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇملار ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان ئاتالغۇلارمۇ ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتالغۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇلدى ياكى بىللە قوللىنىلدى. ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىغا تەقلىد قىلىنغان جۈملە شەكىللىرى ۋە ئىبارىلەر كۆپەيدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئارىسىدا تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە داۋاملاشتى.

«چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي يېزىق تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان 500 - 600 يىل ۋاقىت ئىچىدە رەبغۇزى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، نەۋائى، بابۇر، خىرقەتى، زەلىلى، نەۋبەتى، مەجلىسى، موللا ئەلەم شەھيارى، قەلەندەر شائىر

ئاخۇن، ئەھمەت غوجامنىياز ئوغلى، قەشقەرلىق قاسىمى، موللا مۇھەممەت تۆمۈر، مىر پازىل موللا كىچىك، موللا يۇنۇس ياركەندى، ھەيئەتى، ياركەنتلىك ئۆمەر باقى، موللا سىدىق ياركەندى، بەرشىدى (مۇھەممەت سىدىق)، ئابدۇرېھىم نىزارى، زىيائى (نورۇز ئاخۇن كاتىپ)، غەرىبىي (تۇردۇش ئاخۇن)، سەبۇرى، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، گۇمنام، نىيازى، ئەھمەتشاھ قارىقاشى، سەيىت مۇھەممەت، موللا موسا سايرامى، موللا بىلال نازىمى، تەجەللى، مۆجىزى قاتارلىق نامى مەلۇم بولغان ۋە نامى ھازىرچە مەلۇم بولمىغان كۆپلىگەن ئالىم، ئەدىبلىرىمىز بۇ تىل بىلەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى ياكى باشقا تىللاردىكى. بولۇپمۇ پارس تىلىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنى بۇ تىلغا تەرجىمە قىلدى. بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بۇ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار سان جەھەتتىن ئەڭ كۆپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئەڭ مول بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان ۋەتىنىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى شانلىق مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە ئۆگىنىش يېڭى مەدەنىيىتىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ئىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.»*

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى ئىسلاھ قىلىنىش جەريانىمۇ بىر مۇنچە ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتتى. مەسىلەن، 1936 — 1937 - يىللىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى چاغاتاي

* «چاغاتاي تىلى»نىڭ چۈشەندۈرۈشى — خەمىت تۆمۈر، ئا. پولات يازغان «چاغاتاي تىلى» دېگەن كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى بايانلارغا ئاساسەن تەييارلاندى.

يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان «ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبە لايىھەسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، ئەرەب، چاغاتاي يېزىقلىرىدىكى تەكرار ئاھاڭلار ئېلىنىپ تاشلاندى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ، ئا، ئە قاتارلىق ھەرپلەر قوشۇلدى. 1950 - يىلى 10 - ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقى» نىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە تىل - يېزىق كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1951 - يىلى ئالمۇتادا چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان «ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى» ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا 1951 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى مۇمكىنقەدەر تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇر تىلىدا زۆرۈرىيىتى يوق ط، ت، ح ذ، حى. خى، حا، خا، ع قاتارلىق ھەرپلەر چىقىرىپ تاشلاندى. 1954 - يىللىرى يەنە بەزى تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئەسلىدىكى ئېلىپبە تەركىبىدە بولمىغان بىرنەچچە ھەرپ ئىجاد قىلىنىپ، ئېلىپبە تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر قوش بەلگە قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلدى. شۇنىڭدەك ئايرىم ھەرپلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شەرتلىك بەلگىلەر قوشۇلدى. «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئې، ئى» قاتارلىق ھەرپلەر مۇشۇ يول بىلەن ھەل قىلىنىپ، ئىملادا خېلى ياخشى ئوڭۇشلۇقلار بارلىققا كەلدى ۋە بۇ يېزىق ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ۋە مەتبۇئات ئىشلىرىدا كۆپ ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بەردى.

## ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى

«مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمدىن تارتىپ مۇتلەق «ساپ مىللەت» بولمىغىنىدەك، سىرتقى تەسىردىن خالىي مۇتلەق «ساپ مەدەنىيەت»مۇ بولغان ئەمەس... ئۈچ چوڭ ئىگىلىك (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا)، ئۈچ قەدىمىي مەدەنىيەت (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، يونان مەدەنىيىتى)، ئۈچ چوڭ دىن (بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى)، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى (خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي - ئورال تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى) بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن زېمىندا، ئۆز دەۋرىنىڭ دۇنياۋى قاتناش لىنىيىسى — «يىپەك يولى» تۈگۈنىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۇزۇن تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ بەزى قەدىمىي مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە ئوخشاش، كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتتۇر... بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان كۆپ مەنبە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشىغان مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ مېخانىك ھالدا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر داشقازان ئۇمىچى ئەمەس، ئۇنىڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا، مىللىي ئىستېتىك روقىغا مۇقىملاشتۇرغان ھالدا ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ... قەدىمدىن بۇيان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ

باشقىلاردىن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ.»*

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىكلەر ئەسلىدە خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ دەۋردە ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم تارماقلىرىدىن كۆپلىگەن ئالىملار، ئەدىبلەر - سەنئەتكارلار، ئەدەبىي تەرجىمانلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، دۆلەت ئەربابلىرى، مەشھۇر تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار ئۆزلىرىنى تىلغا پۇختا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمكى تىللاردىن سوغدى تىلى، سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلى، تۇخار تىلى، پارس تىلى، خەنزۇ تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە شۇ دەۋرلەردىكى چوڭ دىنلاردىن — بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، مانى دىنى، ئىسلام دىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتە شۇ دەۋردىكى باشقا مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن كېيىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ھازىرغىچە تېپىلغان ۋە داۋاملىق تېپىلىۋاتقان قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقىدىكى بىر مۇنچە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا، مانى، نېستورىيان، شامان دىنلىرىغا ئائىت يۈزلەرچە داڭلىق ئەسەرلەر (بۇلارنىڭ

* ئا. ئۆتكۈر: «ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»غا بولغان تەسىرى مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 - يىل 4 - سان.

تولىسى باشقا تىللاردىن ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان)،
بۇنىڭدىن باشقا دىڭخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان
قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تېبابەت-
چىلىك تارىخ ۋە مۇزىكىغا ئائىت ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي
ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ
قىممەتلىك يادىكارلىقلار بىزگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق
تىلىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ تاكى
كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا، تۈركىي تىلىدا
سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول
ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇي-
غۇرلار مەملىكىتىمىزدە ئىجاد قىلىنغان مەتبەئە تېخنىكىسىنى ھەممە-
دىن ئاۋۋال قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىغا
مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرپان ۋە
دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى،
مەتبەئە سايمانلىرى، كېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان دىستە-
دەستە قەغەزلەر ۋە يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار
ۋە خارابىلاردىن تېپىلغان، مەتبەئەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە
كىتاب ۋە ۋەرەقىلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەتبە-
ئەچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەربتىكى ئەللەرگە
تارقالغان. بۇ — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە
قوشقان زور تۆھپىسىدۇر.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى،
ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى «يىپەك يولى»دا ئىنتايىن
مۇھىم رول ئوينىغان. خۇددى سوغدىلار غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقتىكى مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم
رول ئوينىغىنىدەك، شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى غەربكە تونۇشتۇرۇش،
شۇنداقلا غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى شەرققە تونۇشتۇرۇشتەك

بۈيۈك ئىشتا ئۇيغۇرلار ئۆچمەس تۆھپە قوشقان!

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار ۋە دىنىي قاراشلار سەۋەبىدىن ئېغىر ھالدا سۈنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. روشەنكى، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىپى ئاستىدا، ئىسلام دىنىغا يات بولغان مەدەنىيەتنىڭ چەتكە قېقىلىشى ۋە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى، شۇڭا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ۋە دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك ئارقىسىدا، نەچچە مىڭ يىللىق قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار ئېچىنىشلىق ھالدا خاراب قىلىنغان. مەسىلەن، ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان بىرمۇنچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ بەزى قىسىملىرى كۆيۈپ كەتكەن ۋە بەزىلىرىدە قان داغلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ فون. لېكوك 1913 - يىلى تۇرپانغا بارغاندا، بىر ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ ئۇنىڭغا: «مەن بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئىدىقۇت شەھىرىدە توپا كولاۋېتىپ، بىر ھارۋا كەلگۈدەك خەت - چەكلەرنى (بۇنىڭ ئىچىدە رەسىملەرمۇ بار) تاپقانىدىم. ئۇ نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ نەرسىسى بولغاچقا، باشقىلارغا كۆرسەتمەستىن قورقۇپ، كېچىدە ئوغرىلىقچە سۇغا ئېقىتىۋەتتىم.» دەپ ھېكايە قىلىپ بېرىشى يېقىنقى دەۋرلەرگىچىمۇ دىنىي قاراش نەتىجىسىدە قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بەختىمىزگە يارىشا، تارىم ۋادىسى، تۇرپان ۋادىسى ۋە باشقا رايونلاردا ۋەيران قىلىنىشقا ئۇچرىماي، يەر ئاستىدا ساقلىنىپ قالغان خىلمۇخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بەدۆلەتلىكى، زەئىپلىكى، شۇنداقلا يەن -

مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆز ۋاقتىدا
ئېچىلمىغان ۋە دىققەت - ئېتىبارغا ئېلىنمىغانىدى.
چەت ئەل ساياھەتچىلىرى ۋە ھەر خىل تەكشۈرۈش
ئەترەتلىرى شىنجاڭنىڭ تېخى ئېچىلمىغان مەدەنىيەت خەزىنىسى
ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن
XX ئەسىرنىڭ 30—40 - يىللىرىغىچە چەت ئەل ھۆكۈمەت-
لىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن ئۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭ
رايونىغا كەينى - كەينىدىن ساياھەتچىلىرىنى، ئارخېئولوگ-
يىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ۋە ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ،
رايونىمىزدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئىشىنى باشلىۋەتتى.
بۇنىڭ ئىچىدە چاررۇسىيە كۆپ قېتىم، ئەنگلىيە تۆت قېتىم،
گېرمانىيە تۆت قېتىم، ياپونىيە ئۈچ قېتىم، فرانسىيە ئىككى
قېتىم (بۇلاردىن باشقا يەنە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان بىرقانچە
دۆلەتلەردىن كەلگەن كۆپلىگەن تەكشۈرگۈچىلەرمۇ بار) ئارخې-
ئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ بىباھا
يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن
قولغا چۈشۈرۈلگەن يادىكارلىقلار سان جەھەتتە كىشىنى ھەيران
قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ 2 - قېتىملىق ئارخېئو-
لوگىيە ئەترىتى بىر قېتىمدىلا 284 ساندۇق يادىكارلىقنى
80 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئەكەتكەن، نۇسخا سانى
16 مىڭغا يېتىدۇ. غەربىي گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
پىروفېسسورى، قەدىمكى زامان تۈركشۇناسى گابائىن خانىم
(A·Von ·Gabain) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، گېرمانىيە
پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكابىي گېرمانىيىنىڭ
تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان قەدىمكى
تۈركىي تىلى قول يازمىلىرى ۋە ئويما خاتىرىلەر بىلەن تولغان.
بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپ ساندا شۇ دەۋرنىڭ تام رەسىملىرى
ۋە باشقا بۇيۇملار بار ئىكەن. قىسقىچىسى، دىنىي ئۇرۇش ۋە

دىنىي قاراش تۇپەيلىدىن ئاز قالغان يادىكارلىقلار چەت
ئەللىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ھازىر بۇ يادىكارلىق-
لىرىمىز موسكۋا، سانت - پېتربورگ، بېرلىن، لوندون، توكيو، پارىژ
قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەشھۇر مۇزېيلار، كۇتۇپخانىلاردا
ساقلانماقتا.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى (جۈملىدىن يازما يادىكارلىق-
لار) نىڭ كۆپ قىسمى چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىرنەچچە ئون يىللاردىن بۇيان، شۇ
ئەللەردىكى ئالىملار چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەر خىل
تىللاردا ئۆز تەتقىقاتلىرىنى، نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى
ئېلان قىلدى. مەسىلەن، قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقىدىكى
مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىغا دائىر تۇنجى ئىلمىي خەۋەر
XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېلان قىلىندى. 1730 -
يىلى شۋېتسىيىلىك ستراليېنبېرگ (F.J.Stralenberg) ستوك-
ھولمدا «ياۋروپا ۋە ئاسيانىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمى»
(Das Nord — undostliche Theil Von Europaund —
Asiya) دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، كىتابىنىڭ ئاخىرىدا
يېنىسەي دەريا ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان قەدىمكى تۈرك
يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ رەسىمىنى بەردى.

1793 - يىلى، پ.س. پاللاس (P.S.Pallas) ئۆزىنىڭ
«سىبىرىيىدىن تېپىلغان نامسىز مەڭگۈ تاش يېزىقى توغرىسىدا»
(Von einer in Sibvien gefundenen onbekannlen
steinschriff) دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەڭگۈ تاشلار رەسىملىرى-
نىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى.

1818 - يىلى، گ. سپاسسكىي (G.Spasskiy) «سىبى-
رىيە خەۋەرلىرى» دېگەن ژۇرنالدا ئۇزۇن ماقالە ئېلان قىلدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ماقالە لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ
رەسىملەر بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىنغانىدىن كېيىن، دەرھال

غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، خېلى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ تېپىلمانىڭ، ھېچكىم بىلمەيدىغان يېزىقنى تەتقىق قىلدى ۋە يېشىپ ئوقۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى.

1884 - يىلى فىنلاندىيەلىك ئاسپېلىن (J·R·Aspelin) مەڭگۈ تاش تېكىستىدىكى بارلىق ھەرپ، بەلگىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ يېزىق 38 — 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقان، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ، دەپ توغرا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بەلگىلەرنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى بېكىتىشتە يەنىلا ئامالسىز قالغان.

1892 - يىلى فىنلاندىيە ۋە روسىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئىككى دۆلەت ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تارتقان مەڭگۈ تاشلارنىڭ رەسىملىرىنى نەشر قىلدى. بۇ ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇ نامسىز يېزىقنى تەتقىق قىلىشنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە فىنلاندىيە نۇسخىسىنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن روسىيەلىك ئاتاقلىق تىلشۇناس رادلوف ۋە دانىيەلىك مەشھۇر تىلشۇناس ۋ. تومسېن بىر ۋاقىتتا مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى يېشىپ ئوقۇش ئىشى بىلەن پائال شۇغۇللاندى.

1893 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋ. تومسېن دانىيە ئوردا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىنىدا ئۆزىنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستىنى غەلىبىلىك ھالدا يېشىپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ئىلمىي دوكلات بەردى. دوكلاتنىڭ ئىسمى «ئورقۇن يېنىسەي مەڭگۈ تاش يېزىقىنى يېشىپ ئوقۇشتىن دەسلەپكى نەتىجە» بولۇپ، 1894 - يىلى كوپېنھاگېندا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىندى. تومسېننىڭ بۇ ئىشى ناھايىتى چوڭ كەشپىيات ئىدى.

1894 - يىلى رادلوۋ «كۆل تېگىن» ۋە «بىلگە خاقان» مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ لاتىن ۋە سىلاۋيان يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىسىنى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ئالىملار ئىلگىرى - كېيىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلان قىلدى. كېيىنكى يىللاردا يەنى 1936 - يىلى تۈركىيىلىك ئالىم ھۈسىين نامىق ئورقۇن ئىستانبۇلدا «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى» (ESKI TURK YAZITLARI) دېگەن كىتابىنى تۈركىيە دۆلەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇپ، بۇنىڭدا كۆل تېگىن، بىلگە خاقان، تونيۇقۇق، ئونگىن قاتارلىق مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى تۈركچە تەرجىمىسىنى بەردى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىز ئالىملىرىدىن سېن جۇڭمىيەن، ماچاڭشۇ قاتارلىق كىشىلەر تۈرك تارىخى ۋە قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ھەققىدە مۇھىم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ سېن جۇڭمىيەن ئۆزىنىڭ ئىككى توملۇق «تۈرك تارىخىدىن توپلانما» (突厥集史) دېگەن ئەسىرىنى 1958 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇ كىتابىدا «تونيۇقۇق»، «كۆل تېگىن» ۋە «بىلگە خاقان» قاتارلىق مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى تونۇشتۇردى.

بۇلاردىن باشقا دۇنخۇاڭ، تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان سانسىزلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىرى (بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ھەر خىل تىللاردىكى نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار بار) توغرىسىدا چەت ئەللىك ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىرىدىن د. كلېمېنتز (D.klementz)، ئا. ف. لېكوك

(A.V.Lecoq)، ئا.گرۈنۋېدېل (A.Grunwedel)، ستەيىن، گ.ج. رامستېدت (G.J.Ramstedt)، ۋ. باڭ (W.Bang)، ف.ۋ.مۈللېر، مالوف، ئا.ۋ.گابائىن (A.V.Gabain)، تۈركىيىلىك ئالىملاردىن ھۈسەيىن نامىق ئۇرقۇن، رېشىت رەھمەتى ئاراتى، سائادەت چاغاتاي، شىناسى تېكىن، بېسىم ئاتالاي؛ ياپونىيىلىك مورى ماسائو قاتارلىق بىرمۇنچە كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بەزىلىرى تارىخ نۇقتىسىدىن، كۆپىنچىلىرى تىل نۇقتىسىدىن ناھايىتى قىزىقىش بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشتى. بۇ يازما يادىكارلىقلار شەكلىنىڭ پۈختىلىقى، تىلىنىڭ ساغلاملىقى، قوللىنىلغان ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىقلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى جەھەتلىرىدە نۇرغۇن ئالىملارنى ھەيران قالدۇرماقتا. بولۇپمۇ غەربىي گېرمانىيىلىك قەدىمكى زامان تۈركشۇناسى گابائىن خانىم ۋە رادلوف، مالوف، ھۈسەيىن نامىق ئۇرخۇن، رېشىت رەھمەتى ئارات، ب. ئاتالاي، شىناسى تېكىن قاتارلىق ئالىملارنىڭ قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ۋە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا ھازىرغىچە خەلقئارادا ۋە ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلاردا، يەنىلا ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرغان ئەسەرلىرى، ئىلمىي تەجرىبىلىرى ئاساس قىلىنماقتا.

ھازىرغىچە چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ۋە چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ھەمدە ھازىرچە ئۆزىمىزدە بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مۇھىم يادىكارلىقلارنىڭ تىزىملىكىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

## قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار

1. «چورىن مەڭگۈ تېشى» — بۇ مەڭگۈ تاش 1971 - يىلى موڭغۇلىيە پايتەختى ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چورىن دېگەن جايدىن تېپىلغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىنىڭ 686 — 687 - يىللىرى تىكلەنگەن.

2. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» — 1897 - يىلى ئۇلانباتۇردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان «بايىن چوقتۇ» دېگەن جايدىن تېپىلغان. مەڭگۈ تاش تېكىستى 62 قۇر بولۇپ، ئۇ ئىككى چوڭ تاشقا ئويۇلغان. مىلادىنىڭ 712 — 716 - يىللىرى ئارىلىقىدا تىكلەنگەن.

تونيۇقۇق كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئىلتەرىش قاغان (682 — 691 - يىللار)، قاپاغان قاغان (716 - يىل) ۋە بىلگە قاغان (مىلادى 734 - يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارغا باش ۋەزىر (مەسلىھەتچى) بولغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشكە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تېكىستى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە دائىر ۋەقەلەر بىر خىل شائىرانە تىل بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇنى تونيۇقۇقنىڭ تەرجىمىھالى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستى مۇقەددىمە، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

بۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقىنىڭ ئەسلى تېكىستىگە ئاساسەن چەت ئەللىك ئالىملاردىن: ۋ. رادلوف، ۋ. تومسېن

(V.Tomsen)، ھولسېين سامىق ئۇرقۇن، ر.ئې. دېنىسسون (R.E.Denisson)، س. ئې. مالوۋ، گ.رامستېدت (G.S.Ramstedt)، ر.گىرائۇد (R.Giraud)، تالات تېكىن قاتارلىقلار ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلغان.

3. «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» — 1889 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ كۆكشىن ئۇرقۇن دېگەن دەريا ۋادىسىدىكى خوشو - سايدام (Hoxo - Saydam) دىن تېپىلغان. مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى چوڭ - كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلغان بولۇپ، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىست قىسمى جەمئىي 66 قۇر. كىچىك مەرمەر تاشنىڭ بىر تەرىپىگە 13 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇ، مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ، قالغانلىرى چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئالدى ۋە يان تەرىپىگە ئويۇلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئارقا يۈزىگە تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ مىلادىنىڭ 732 - يىلى يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامىسى ئويۇلغان (خەنزۇچە 12 قۇر).

كۆل تېكىن كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە قاغان (مىلادى 734 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاكىسى بىلگە قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن يارىدەملىشىپ زور تۆھپە قوشقان. كۆل تېكىن مىلادى 731 - يىلى 47 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ نامىغا ئورنىتىلغان «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» مىلادى 732 - يىلى كۆل تېكىننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۈ تاشتا كۆل تېكىننىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى، قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى ۋە باشقا تارىخىي ۋەقەلەر نەپىس شائىرانە تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلار ۋە

تەتقىقات ماتېرىياللىرى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تەتقىقاتى بىلەن ئوخشاش.

4. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» — كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر جايدىن تېپىلغان. چوڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان بۇ مەڭگۈ تاشقا قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا 80 قۇر خەت ئويۇلغان. (ئۇنىڭدىن باشقا مەڭگۈ تاشنىڭ يەنە بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەتمۇ ئويۇلغان) بۇ مەڭگۈ تاش مىلادى 735 - يىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار تونيۇقۇق كۆل تېكىن مەڭگۈ تاشلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار بىلەن ئوخشاش.

5. «بايانچور (مويۇنچور) مەڭگۈ تېشى» — بۇ مەڭگۈ تاش يەنە «ئۇيغۇر قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېدت (G.J.Ramstedt) 1909 - يىلى موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگا دەرياسى بىلەن شىنى ئۇسۇ (Xine – Usu) كۆلى ئەتراپىدىن تاپقان. مەڭگۈ تاشقا قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا 49 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن مىلادىنىڭ 759 - يىللىرى تىكلەنگەن.

مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ بىرمۇنچە قۇر ۋە ھەرپلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا تېكىستىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشقا ئويۇلغان تېكىست — ئۆز زامانىسىدا ئورقۇن ۋادىسىدا قۇرۇلغان «ئۇيغۇر قاغانلىقى»نىڭ تارىخى ۋە بىرمۇنچىلىغان يەر - جاي ناملىرى، ئادەم، قەبىلە، جەڭگاھ، مەنسەپ - ئەمەل ناملىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار:

(1) رامستېدت (G.J.Ramstedt): «شىمالىي موڭغۇل-
يىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ـ رونىك يېزىقىدىكى ئىككى مەڭگۈتاش»
(Ramstedt G.J «Zwei Uigurische Rune-ninschriften
in der Nord -Mongolei.JSFOU, × × ×, 3.1913»

(2) س.ئى. مالوف: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى
تۈرك يادىكارلىقلىرى».

(3) ھۈسېيىن نامىق ئورقۇن: «قەدىمكى تۈرك
يادىكارلىقلىرى» (Eski Türk Yazitlari)، ئىستانبۇل،
1936 - يىل.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن باشقا يەنە، 1890 - يىلى ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قارا بالغاسۇن (ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئوردۇ - پايتەخت شەھىرى، ئوردۇ بالىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، 1909 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى سۇجى داۋاننىڭ يېنىدىن تېپىلغان «سۇجى مەڭگۈ تېشى»، 1957 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ تالىياتتى دېگەن جايىدىن تېپىلغان «بايانچور (Ⅱ) مەڭگۈ تېشى»، موڭغۇلىيىنىڭ تېرخىن دېگەن جايىدىن تېپىلغان «ئەل ئېتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» («تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). قاتارلىق مەڭگۈ تاشلارنىڭ تەتقىقاتلىرىمۇ ئېلان قىلىندى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، تىل - ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى گەرچە سان جەھەتتە ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ بىزگە پۈتۈن بىر دەۋر يەنى كۆك تۈرك

قاغانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ. «بۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئايرىم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغانلىقى، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر ۋە سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىشىمۇ لېكىن ئۇنىڭدىكى ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي تىل ۋە تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر جەھەتتىن ئومۇمىيلىققا ئىگە.»*

مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتىدىن تاشقىرى، ئۇلار بىزنى ئۆز زامانىسىدىكى تۈركىي قەبىلە - مىللەتلىرىنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ؛ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى مەيلى تارىخىي، ئەدەبىي ۋە تىل جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مەڭگۈ تاشلاردىن باشقا يەنە، «ئىرق بىتىگ» (پال كىتابى، پالنامە ياكى چۈشكە بېرىلىدىغان تەبىرنامە) نىڭ بىرقانچىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل نۇسخىسىنى ئا.ستەيىن دۇنخۇاڭدىكى قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى تەكشۈرگەندە قولغا چۈشۈرگەن. «ئىرق بىتىگ» 104 بەت، ھەربىر بېتىگە 40 — 70 كىچە قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) ھەرپى پۈتۈلگەن. «ئىرق بىتىگ» نىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى گېرمانىيىلىك ئا.ف.لېكوك (A·V·Lecoq) تۇرپاندىكى تويۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىرىدىن تاپقان.

* ئا. تۇردى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» توغرىسىدا ئومۇمىي بايان.

بۇ نۇسخىنىڭ ھەر بىر بېتىدە 31 قۇر قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقى بار.

يۇقىرىدىكى نۇسخىلارنى دانىيىلىك ئالىم ۋ. تومسېن (V. Tomsen) بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلغان. «ئىرق بىتىگ» بۇ قول يازما نۇسخىلىرى IX ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن يېزىق تىلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

«ئىرق بىتىگ»دە بايان قىلىنغان ياخشىلىق (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ئەزگۈلۈك، ئەدگۈلۈك دېيىلىدۇ) ۋە يامانلىق توغرىسىدىكى تەبىرلەر، مەسىلەن، «چۈشىدە پادىشاھنى كۆرسە، بەختلىك بولىدۇ؛ قارا قۇش كۆرسە ئامەتى كېلىدۇ، ئورۇق ياكى كېسەل ئات مىنسە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ، سېمىز ئات مىنسە ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ؛ چۈشىدە توي پادىسى ۋە يامغۇرنى كۆرسە تۇرمۇشى باياشات بولىدۇ، چۈشىدە بۇغا ـ مارال كۆرسە بالا ـ قازادىن قۇتۇلىدۇ» دېگەندەك بىرمۇنچە تەبىرلەر ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

«ئىرق بىتىگ»دىكى كۆپلىگەن تەبىرلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىنى ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراشلىرى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، يوسۇنلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىش زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

## قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار

ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلار خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تارىخىدا

يۈز بەرگەن ئالاھىدە ۋەقەلەر ۋە بىرمۇنچە مۇرەككەپلىككە ئىگە تارىخىي جەريانلار ئەسلىدە خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاجايىپ گۈللەنگەن بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ خاندانلىق تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر) ئارىسىدا بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىئان دىنى قاتارلىق دىنلار مەۋجۇت بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىمۇ رەڭگارەڭ تۈس ئېلىپ، كەڭ بىر مەزمۇننى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلغانلىقتىن، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەر، تەزكىرىلەر، خاتىرىلەر (بۇلار ئاساسەن يوقالغان)، ئاسترونومىيە ـ كالېندارچىلىققا ئائىت ئەسەرلەر، لۇغەت ۋە سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر، تىبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر، شېئىرلار، درامىلار «ئوغۇزنامە»گە ئوخشاش مەشھۇر داستانلارنىڭ يازما نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ دەۋردە يەنە ئۇيغۇر بۇددا ئالىملىرى، ئەدىب ـ تەرجىمانلىرى تەرىپىدىن قەدىمكى سانسكرىت (قەدىمكى ئەنەتكەك — ھىندى تىلى)، توخار (توخرى)، خەنزۇ، تىبەت تىللىرىدىكى بىرمۇنچە بۇددا نوملىرى، مانى دىنى، خرىستىئان دىنى مەزمۇنىدىكى داڭلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقىلىش بىلەن بىللە، ئۇ ئەسەرلەرمۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر مەدە-

لىيتىنىڭ ــ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىدە ئايلانغانىدى.
تۆۋەندە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن ھەرخىل مەزمۇندىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئاز بىر قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:
«ئوغۇزنامە» قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.
«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى، قىممەتلىك قول يازمىسى XIII ئەسىردە ئىدىقۇت (تۇرپان) تا كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا (بۇ قول يازما نۇسخا جەمئىي 42 بەت، ھەر بېتىگە توققۇز قۇردىن جەمئىي 378 قۇر خەت يېزىلغان، ئاخىرقى ئىككى قۇرى ئۆچۈپ كەتكەن).
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» ــ ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئۇزاق ئۆتمۈشتە يارىتىلغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى داستان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، شۇنداقلا ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىدا ئېغىزدىن ــ ئېغىزغا كۆچۈپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، بېيىغان ۋە بەدىئىي جەھەتتىن پىشقان. داستاندىكى قەدىمكى مىفلارغا، كۆك بۆرە رىۋايىتى (توتېمى) گە، شامان (قامان) دىنى ئادەتلىرىگە، قەبىلە نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋە باشقىلارغا ئائىت بايانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئۆرپ ــ ئادەتلىرى ۋە دۇنيا قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، داستان مەيدانغا

گېلىشتىن بۇرۇنقى ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريانىنى كۆرسەتسە، داستاننىڭ قەھرىمانلىق قىسمىدىكى ئوغۇزخاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۇنىڭ فېئوداللىق ئىمپېرىيە قۇرۇش يولىدا كۆر-سەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، ئوغۇزخاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىرىنىڭ تۆھپىلىرى، جۈملىدىن تارىختىكى تۈركىي قەبىلە-لەرنىڭ بىرلىشىش تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانى گەرچە نەسرىي ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش قاپىيىلىك جۈملىلەر ۋە شېئىرىي پار-چىلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ قىسسە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئېتنوگرافىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىق بىر-مۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ داستان مەزمۇنىنىڭ بايلىقى، سۇژېتىنىڭ ئىخچام ۋە ھەرىكەتچانلىقى، تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە رەڭ-دار ئوبرازلىقلىقى، بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن خېلى بۇرۇنلا دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدە زور قىزىقىش قوزغىغانىدى. گېرمانىيىلىك ئالىم دېتمىس 1915 - يىلى تۇنجى قېتىم بۇ داستاندىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، تا ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ بىباھا يازما يادىكارلىقنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى تەرجىمىلىرى ئېلان قىلىندى ۋە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلدى.

## قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا پۈتۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر - قوشاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قوچۇ-ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرى تەرىپىدىن

ئىجاد قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمى قول يازما ھالەتتە، بەزىلىرى ياغاچ ئويما ـ باسما شەكلىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىر ـ قوشاقلار پۈتۈلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى 1902 — 1914 — يىللاردا تۇرپان ۋادىسىدا قىدىرىش ئېلىپ بارغان گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن: چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بۇ ئەدەبىي مىراسلىرىمىز نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىپ نەشىر قىلىنىپ، فرانسۇز، ئىنگلىز، رۇس، تۈرك تىللىرىدا چىقىدىغان مەجمۇئە ۋە ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنماقتا.

قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر ـ قوشاقلىرى ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغاچقا، ئاياغ قاپىيە ۋە بوغۇملار ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان.

شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋردە يېزىلغاچقا، ئۇلاردا شۇ دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشى، روھىي دۇنياسى، دىنىي قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دىن بىلەن باغلىق بولغان ئەقىدىلەر پەقەت بىر رامكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ شېئىر ـ قوشاقلاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى يەنىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەختىمىزگە يارىشا ساقلىنىپ قالغان بۇ بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى كەڭ، ھېسسىياتى چوڭقۇر، بەدىئىي شەكلى بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، ئۇ، ئۆز زامانىسىدىكى ئومۇمىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېلى زور دەرىجىدە يۈكسەلگەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ

شېئىر ــ قوشاقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ۋە بەزى تارىخىي پاكىتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان پىكرىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن، تۆۋەندە ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرقانچىسىنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتىمەن:

ئاپرىنچور تېكىن ــ ئۇنىڭ مانى دىنى مۇھىتىدا يازغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىدىن «مەرسىيە»، «نەزم» قاتارلىق شېئىرلىرى تېپىلغان؛

چىسۇيا تۇتۇڭ ــ شائىرنىڭ بۇددا دىنى مۇھىتىدا ئىجاد قىلغان، 16 تۆتلۈكتىن ئىبارەت 60 مىسرا شېئىرى بېرلىندا چىقىدىغان «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن مەجمۇئەدە تونۇشتۇرۇلغان؛

پراتيا ياشىرى ــ شائىرنىڭ ھازىرچە بىزگە جەمئىي 293 مىسرادىن تەركىب تاپقان ھەر خىل مەزمۇندىكى توققۇز شېئىرى ۋە «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» ناملىق ئۇزۇن شېئىرى مەلۇم. شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىر ئۇسلۇبى ــ باش قاپىيە ئۇسلۇبىدا يېزىلغان؛

كى كى ــ بۇ شائىرنىڭ بۇددا دىنى مۇھىتىدا يازغان يەتتە شېئىرى (240 مىسرا) ۋە تەڭرىگە بېغىشلاپ يازغان ئىككى شېئىرى (20 مىسرا) تېپىلغان؛

قالىم كەيشى ــ شائىرنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت «قۇت قولماق» (بەخت تىلىمەك) دېگەن 116 مىسرا شېئىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، شېئىر باش قاپىيە ۋە ئاياغ قاپىيە ئۇسلۇبىدا يېزىلغان؛

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىمىز ئىچىدە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم قىس-

مىنى ئۆز زامانىسىدىكى بۇددا رىۋايەتلىرى - قىسسىلىرىگە
ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ قايتا ئىشلەنگەن ياكى تەرجىمە قىلىن-
غان نەسرىي ئەسەرلەر ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر
قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان، مۇكەممەل، مەشھۇر نۇسخى-
لىرىدىن بىرقانچىنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

«ئالتۇن يارۇق» — ئەسلىدە بۇ بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا
مەزھىپىگە ئائىت چوڭ ھەجىملىك نوم بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا
دىنىنىڭ مەشھۇر ھېكايىلىرى، يارىلىش قىسسىلىرى ۋە ئەقى-
دىلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى
تولۇق نامى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالترىقلىغ قوپتا كۆترۈل-
مىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ» [ئالتۇن رەڭلىك نۇر-
لۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوملار ئىلىگى
ئاتلىق نوم پۈتۈك] دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق»نى قوچۇ — ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە
ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى ۋە ئەدىب سىڭقۇ سەلى
خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.
بۇ نۇقتىنى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ خاتىمىسىگە يېزىلغان جۈم-
لىلەر تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدا: «[يەمە قۇتلۇغ ئۆگ-
تىن ئۇلۇغ تابغاچ ئېلىنتە تايىسىڭ سۈۋدىشىڭ ئالقۇ شاستىر-
لارىغ قاماغ نوملارىغ قالىسىز ئۆتكۈرمىش بودىستۋ گىنتسۇ
سامتسۇ ئاتلىغ ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن تابغاچ تىلىنچە
ئەۋىرمىش. يانا بۇ بىش چوبىك كەلىۈك بولغانىيۇق ياۋىز
ئۆدتە قۇلۇتا كىنكى بوشغۇتالۇغ بىشبالىقلىغ سىڭقۇ سەلى
تۇتۇڭ تابغاچ تىلىنتىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۈ
ئەۋىرمىش ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالترىقلىغ قوپتا كۆترۈلمىش
نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم توكەدى.] يەنى («قۇتلۇق شەرقتىكى
ئۇلۇق تابغاچ ئېلىدە ماھايانا ھىنايانا (مەزھىپىنىڭ) بار-
لىق شاستىرلىرىنى، بارلىق نوملىرىنى قالدۇرماي ئۆزلەشتۈ-

گەن، بۇدسا تۋا گىتىسۇ سامتىسۇ ئاچارى (مەشھۇر راھىب شۇەن-
زاڭنىڭ ھۆرمەت نامى — ئا) ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىن تابغاچ
(خەنزۇ) تىلىغا تەرجىمە قىلغان، يەنە بۇ بەش تۇرلۇك مەي-
نەتچىلىك بىلەن بولغانىغان ياۋۇز زاماندا، كېيىن بىلىملىك
بولغان بېشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تابغاچ تىلىدىن
تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالتۇن رەڭلىك نۇر-
لۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم ئىلىكى
ئاتلىق نوم پۈتۈك تاماملاندى») دېيىلگەن.

«ئالتۇن يارۇق»تا بۇددا دىنىغا ئائىت ئەقىدىلەر، رىۋا-
يەت ۋە يارالمىش قىسسىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى
جانلىق، راۋان تەرجىمە قىلىنغانىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭدىكى
شېئىردى مەرسىيەلەر يەتتە بوغۇملۇق قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرى-
يىتى ئۇسلۇبىدا ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئىجادىي تەرجىمە
قىلىنغان، بۇ ئەھۋال ئەينى زاماندىكى تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ
يۇقىرى ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيا-
تىنىڭمۇ يۇقىرى بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈر-
گەنلىكىنى، جۈملىدىن نەسرىي ژانىرىنىڭ شۇ دەۋر ئەدەبىيات
تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
ئەڭ تولۇق نۇسخىسىنى روسىيىلىك س. ئې. مالوف 1909 —
1911 - يىللاردا ھازىرقى جيۇچۈەن ناھىيىسى ئەتراپىدىكى
سېرىق ئۇيغۇرلاردىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. ئۇنىڭدىن باشقا
نۇسخىلىرىنىڭ پارچە ۋاراقلىرىنى 1913 — 1914 - يىللى-
لىرى گېرمانىيىنىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى» تۇرپان
ۋادىسىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن تاپقان. بۇ ھەقتە ئېلىپ
بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ مۇھىملىرى:

روسىيىلىك س. ئې. مالوف بىلەن رادلوفلار 1913 —،

1917 - يىللاردا «ئالتۇن يارۇق»نىڭ مىنخ مەتبەئە نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان؛

گېرمانىيىلىك ۋ. ك مۇللېر 1918 - يىلى «Uigurica» (ئۇيغۇرىكا — ئۇيغۇرشۇناسلىق) نىڭ I تومىدا ۋە APAW (پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)دا ئۆزىنىڭ «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان؛

تۈركىيىلىك ئالىم سائادەت چاغاتايى 1945 - يىلى ئەنقەرەدە «ئالتۇن يارۇقتىن ئىككى پارچە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان؛

گېرمانىيىلىك ئالىم ئا. فون. گابائىن خانىم 1950 - يىلى «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» دېگەن كىتابىنىڭ 270 — 285 - بەتلىرىدە بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان؛

س. ئې. مالوف 1951 - يىلى «قەدىمكى تۈركىي تىلى يازما ھۆججەتلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 145 — 199 - بەتلىرىدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

«چاستانى ئىلىگ بەگ» رىۋايىتى — نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچە ۋاراقلىرىنى 1914 - يىلى «گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى» تۇرپاندىن تاپقان بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ بەزى ۋاراقلىرى تىتىلىپ بۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئانچە تەسىر يەتمىگەن. بۇددا دىنىغا ئائىت بۇ مەشھۇر رىۋايەت ئەسلىدە «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەۋرىدە قەدىمكى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەسەردە «ئۇ چايان بالىق» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردىكى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى يېڭىش يولىدا بۇددىستۋا نەسلىدىن بولغان چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ

باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ بارلىق ھۇجۇملىرىنى يېڭىپ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. ئەسەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى سەلبىي كۈچلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ياۋۇز قىياپىتىنى ناھايىتى مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«چاستانى ئىلىك بەگ» رىۋايىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقاتنى 1931 - يىلى گېرمانىيىلىك مۇللېر (K·W·F· Müller) ئېلان قىلغان.

«مايتىرى سىمىت»

«مايتىرى سىمىت» — قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى، 1959 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىدىكى تۆمۈرتى كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار ئارىسىدىن تېپىلغان. بۇ نۇسخا جەمئىي 293 ۋاراق (586 بەت)، ھەر بىر ۋاراقنىڭ چوڭلۇقى 47.5 × 21.7 بولۇپ، ئۇنىڭ قەغىزى قېلىن، قارامتۇل سېرىق رەڭلىك. ئەسەرنىڭ ھەر بىر بېتىگە قارا سىياھ بىلەن سولدىن - ئوڭغا، تىك شەكىلدە چىرايلىق ۋە رەتلىك قىلىپ، ئۆز زامانىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆسن خەت بىلەن بەزى بەتلىرىگە 30 قۇر، بەزىلىرىگە 31 قۇر خەت يېزىلغان.

«مايتىرى سىمىت»نىڭ 3 - بۆلۈمىدە ئەسەرنى كىم، قايسى تىلدىن تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان: «[...بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان. ۋائىباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارىيا چانتىرى بۇدساتۋا

ئاچارى (ئۇستاز) ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىن توخرى تىلىچە ياراتقان؛ پرتاراكشىت... كرماياژنىڭ توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا ئۆرىگەن مايتىرى سىمىت نوم پۈتۈكتە ئانىرۇتى ئارخا-نىتنىڭ ئاۋدانى (تەمسىلى) ئاتلىق ئۈچىنچى ئۈلۈش تۈگىدى].

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، «مايتىرى سىمىت»نىڭ ئەنەتكەك (ھىندى — سانسكرىت) تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۇنى دەسلەپىدە ئاتاقلىق بۇددىست — ئۇستاز ئارياچانتىرى توخرى تىلى (قەدىمكى قاراشەھەر تىلى) غا ئىجادىي تەرجىمە قىلغان؛ كېيىن ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر-لاردىن چىققان بۇددىست، ئەدىب ۋە ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس پىرتانىراكشىتى توخرى تىلىدىكى ئىجادىي نۇسخىغا ئاساسەن، تۈرك «قەدىمكى ئۇيغۇر» تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

چەت ئەل ئالىملىرى «مايترى سىمىت» نىڭ سانسكرىت ۋە توخرى تىلىدىكى نۇسخىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۇنى «27 پەر-دىلىك چوڭ تىپتىكى دراماتەسەر» دەپ قارىغان. چۈنكى، ئەسەرنىڭ توخرى تىلى نۇسخىسىدا ئۇنىڭ نامى «مايترىيا سامىتى ناتاكا — Maitreya Samiti Nataka» دەپ يېزىلغان بولۇپ، سان-سكرىتچە «ناتاكا — Nataka» سۆزى «دراما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ نۇسخىدا يەنە ھەربىر بۆلۈم (پەردە) نىڭ ئالدىدا، ئورۇن، سەھنىگە چىققۇچى قەھرىمانلار بىلەن ئورۇن-لانغۇچى كۈيلەر كۆرسىتىلگەن، لېكىن ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن «قۇمۇل نۇسخىسى» دا كۈي ۋە سەھ-نىگە چىققۇچى قەھرىمانلار ئايرىم كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، مەيدان (ئورۇن) ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇرچە «قۇمۇل نۇسخى-سى»دا ئۇنىڭ يەنىلا قويۇق دراما تۈسىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە گېرمانىيە ئالىمى گاباتىن خانىم ئۆزىنىڭ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇنى «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىل-

لىنىشى دېيىش مۇمكىن» دەپ كۆرسىتىدۇ.

«مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ بۇرھان بىلەن ئۇچرىشىشى) بۇددا دىنىدىكى ھىنايا مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن مايترى — [Maitreya] «مېھرىبان، شەپقەتلىك» دېگەن مەنىدىكى خاس ئىسمنى بىلدۈرىدۇ. «مايترى» بارلىق بۇددىستلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇددا (بۇرھان) ۋە بارلىق بۇددىزم مۇرىتلىرى تەلمۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى تەڭرى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت» تېكىستىدە جانلىق ئۇسلۇب ۋە تەسىرلىك ئەدەبىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مايترىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ياخشى ئالامەتلىرى، دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار (ئىنسانىيەت، ھايۋانات، ئۇچار قانات ... قاتارلىقلار) نى ئازابتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا يەنە بۇددىزم پەلسەپىسى، ئېتىقادلىرى شەرھلەنگەندىن تاشقىرى، نۇرغۇنلىغان تەمسىللەر قوللىنىلغان. دىئالوگلاردا پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئەسەرنىڭ توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەسىلىسىدە، «مىلادى VIII — IX ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان» دېگەن كۆز قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرماقتا. جۈملىدىن، «قۇمۇل نۇسخىسى» نىڭ تىل - يېزىق ئالاھىدىلىكلىرى ئەسەرنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر جانلىقى (مىلادى 850—1250 - يىللار) دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئا. ق. لېكوك باشچىلىقىدىكى «گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى» تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ۋە سىڭگىم غوللىرىغا جايلاشقان بۇددا خارابىلىرىدىن «مايترى

سىمىت»نىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. گابائىن خانىم 1957 – ۋە 1961 – يىللىرى تۇرپاندىن تېپىلغان پارچە ۋاراقلارنىڭ فوتو سۈرىتىنى ئېلان قىلغان. پروفېسسور فېڭجياشېڭ 1962 – يىلى خەنزۇچە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىدا ئەسەرنىڭ (قۇمۇل نۇسخىسى) 2 – ئۇلۇش (پەردە) 6 – ۋارىقى (ئىككى بەت) نىڭ تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا (1979 – يىل 2 – سانى) ئەسەرنىڭ كىرىش قىسمىنىڭ بىر بېتىنى ئېلان قىلدى.

1980 – يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى تەتقىقاتچى خادىملاردىن ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، دولقۇن قەمبىرىلەر ئەسەرنىڭ قۇمۇلدىن تېپىلغان ئەسلى نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭ «يۈكۈنچ» بۆلۈم (كىرىش قىسمى) ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى بۆلۈم (پەردە) قاتارلىق بەش بۆلۈمى جەمئىي 63 ۋاراق (126 بەت) نى تەتقىق قىلىپ چىقتى. «مايترى سىمىت» تەتقىقاتى I تومى 1988 – يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى چەت ئەل ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئەكەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھازىرغىچە داۋاملىق تەتقىق قىلىنىپ، ئېلان قىلىنماقتا. ئېلان قىلىنغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئەسىرىمىزدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت يوق. مەسىلەن، گېرمانىيىدىلا «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن نام بىلەن ئۆز ۋاقتىدا گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئەكەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەردىن ئون نەچچە توم نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن تاشقىرى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيى، كۇتۇپخانىلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي

ئوقۇش يۇرتلىرى جۈملىدىن ئېلىمىزدىكى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان سانسىزلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلىرىمىز رەتلىنىش، تەتقىق قىلىنىش — نەشر قىلىنىشنى كۈتمەكتە.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»، «ئابىدارما كۇشاۋاردى شاستىر»، «سەككىز يۈكمەك»، «ئاۋاتامساكا سۇترا»، «ئامىتابا سۇترا»، «كىمقوقى»، «ئامىتا يوس سۇترا»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تووۋا نامىسى»، «نېستورىيان دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىق پارچىلىرى»، «تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن پارچىلار»، «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادقا ئائىت ھۆججەتلەر» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قول يازما، ھۆججەت-ۋەسىقىلەرنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان (بەزىلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى، تىزىملىكى بېرىلگەن) لىقتىن، بۇ ئەسىرىمدە ئۇلار توغرۇلۇق ئايرىم توختالمىدىم.

## قارا خانىلار سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى نادىر ئۈلگىلەر

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدە شەھەر ۋە دۆلەتلەر ئارا بولغان ئىقتىسادىي - سودا مۇناسى-

ۋەتلەر، ئىجتىمائىي ئالاقىلەر تېخىمۇ راۋاجلاندى. قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەندكە ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ يېڭى بىر يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەسەرنىڭ 1 - قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنى ۋە پەلسەپىسىنىڭ رامكىسى ھەمدە ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم ئىجابىي تەسىرى بىلەن بۇ سۇلالە دائىرىسىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى.

بۇ دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان نۇرغۇنلىغان ئالىم، پەيلاسوپ، تىلشۇناس، تارىخچى، ئەدىبلەر ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەننىڭ ھەرقايسى ساھەسىگە ئائىت ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭى ئىقىم ياراتقان ئەبۇ ناسىر فارابى، جامال قارشى، ئابدۇجاپپار بىن ھۈسەيىن ئالمايى، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى، ئەھمەد يۈكنەكىلەر دۇنياغا مەشھۇردۇر.

قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىرقانچە يىرىك ئەسەر ۋە ئەدەبىي مىراسلارنىڭ بىر قىسمى نەشر قىلىنىپ كەڭ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى، بۇ توغرۇلۇق كۆپلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەردە بۇ ھەقتە يەنە ئايرىم توختالمىدىم. پەقەت ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە، تەسىرى چوڭ، زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بەزى يازما يادىكارلىقلارنى قىسقىچە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلەندىم خالاس.

ھازىرغىچە ئېنىقلانغان تارىخىي مەلۇماتلاردىن مەلۇمكى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) بىرىنچى نۇسخىسىنى ھىجرى 464 — 466 - (مىلادى 1072 — 1074 -) يېزىپ، تەھرىرلەپ بولۇپ، ھىجرى 467 - (مىلادى 1075 -) يىلىدا قايتا تولۇقلاپ چىققان. ئاندىن بۇ ئەسەرنى ئاببasىيلار خەلىپىلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچىسى خەلىپىسى مۇھەممەد ئوغلى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلغان.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دا ناھايىتى مول تىل ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) نىڭ ھەربىرىنى، ھەرپلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەرەبچە ھىجا ئۇسۇلىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىپ، سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىلىرىنى تولۇق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىخچام جۈملىلەرنى تۈزگەن؛ كاھىدا بىر سۆزلەمگە ئائىت ھېكمەتلىك سۆز، قاپىيىلىك نەسىر، تەمسىل، قوشاق - بېيىت، شېئىرغا ئوخشاش ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلانغان.

«دىۋان»دا تۈركىي خەلقلەر (جۈملىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە باشقا تۈركىي قەبىلە، ئۇرۇقلار) تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

«دىۋان»غا تۈرلۈك تېمىدىكى 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە، 200 دىن ئارتۇق ھېكمەتلىك سۆز ۋە ماقال - تەمسىللەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە، تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن پارچىلار، ئەمگەك

ۋە ئوۋ قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى
(باھار، ياز...) قوشاقلىرى، ئۆرپ - ئادەت، بايرام - مۇرا-
سىم، ئەدەب - ئەخلاق، مۇھەببەت، مىللىي ئەنئەنە توغرىسى-
دىكى قوشاقلار ۋە دىداكتىك شېئىرىي پارچىلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

«دىۋان»دا يەنە يېزا ئىگىلىكىگە (زىرائەتلەر، گۈل -
گىياھ، دەل - دەرەخلەر)، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، تې-
بابەتچىلىككە دائىر سۆزلەر، ئەنئەنىۋى تەجرىبە - ساۋاقلارغا
ئائىت مەلۇماتلار، ھايۋانات - ئۇچار قاناتلارنىڭ ناملىرى ۋە
خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ھاكىمىيەت
قۇرۇلۇشىغا دائىر قەدىمكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتالغۇلار،
شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقى-
لىرى ۋە ئۇنۋانلىرى، ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكىغا ئائىت
بىرمۇنچە سۆز - ئاتالغۇلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغاندىن
باشقا، كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار ئـ
يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركىي خەلقلەر
ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى
رىۋايەتلەرنىمۇ بىزگە يېزىپ قالدۇرغان.

يۇقىرىدىكى ساھەلەرگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلاردىن
باشقا، «دىۋان»نىڭ يەنە بىر ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى،
مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرىدە ئۇيغۇر ۋە
باشقا تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ فونېتىكىلىق، گىراماتىكى-
لىق قانۇنىيەتلىرىنى (كىتابىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە
زۆرۈر بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە) ناھايىتى ئىخچام ۋە
راۋان چۈشەندۈرگەن. شۇڭا، ياۋروپادا تۈركىي تىللار تەتقى-
قاتى كەڭ قانات يايغاندىن بۇيان، مۇجەممەل بولۇپ كەلگەن
نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تېپى-

لىشى بىلەن ئايدىڭلاشقان.
قىسقىسى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر ۋە باشقا
تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ قىياپى-
تىنى لۇغەتشۇناسلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئېنسىكلوپېدىيە جۈملىدىن
ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلى-
نىڭ مۇجەسسەمى دەپ ئاتايمىز.

ھازىر ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋانۇ
لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بىردىنبىر نۇسخىسىنى ئوسمانلى ئىمپې-
رىيەسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ بېينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن
بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن
كىتابپۇرۇش ئارقىلىق مىلادى 1914 - يىلى دىيار بەكىرلىك
ئەلى ئەمىرگە ساتقان؛ ئاخىر مەتبۇئاتچىلاردىن كىلىسلى رىف-
ئەت ھىجرى 1333 — 1335 - (مىلادى 1914 — 1917 -)
يىللىرى مىخ مەتبەئەدە تىزدۇرۇپ باستۇرغان، شۇنىڭ بىلەن
بۇ بىباھا ئەسەر دۇنياغا مەلۇم بولغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مىخ مەتبەئە نۇسخىسى
دۇنياغا تونۇلغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى-
دىكى تىلشۇناس، تۈركولوگ ئالىملار ھەر خىل تىللار (نېمىس-
چە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ۋېنگىرچە، تۈركچە) دا كىتاب ۋە
ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. گېرمانىيەدە «دىۋان»
تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم سامى تىللىرى
مۇتەخەسسىسى كارل بروككېلمان 1928 - يىلى «دىۋانۇ لۇ-
غاتىت تۈرك» نىڭ نېمىسچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئىشلەپ
چىققان ئىندېكسىنى ئېلان قىلدى.

تۈركىيىلىك ئالىم بېسىم ئاتالاي ناھايىتى كۆپ ئىزدى-
نىش ۋە تەتقىق ئارقىلىق 1939 - يىلدىن 1941 - يىلى-
غىچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئۈچ جىلد ۋە بىر

ئىندېكسىنى (تۈركىيە تۈركچىسى بىلەن) نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، ئەسەرنىڭ فوتو نۇسخىسى (فاكسىملى) نىمۇ نەشر قىلدۇرغان.

تاشكەنتتە، 1960 - يىلدىن ئېتىبارەن «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» نىڭ سالىھ مۇتەللىپوۋ تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

1955 - يىلى، قەشقەردە ئاكا - ئۇكا مۇھەممەد پەيزى بىلەن مەرھۇم ئەھمەد زىيائى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان بىرىنچى تەرجىمە ئورىگىنالى قولدىن چىققان. 1963 — 1966 - يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىككىنچى تەرجىمە نۇسخىسى ئىشلەنگەن. لېكىن سولچىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇ تەرجىمە نۇسخىلىرى نەشر قىلىنماي، ئاخىر نابۇت بولۇپ كەتكەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش دۆلەتنىڭ مۇددەم نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، دامۇللا ئابدۇلھېمىت ھاجى يۈسۈفى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىبراھىم مۇتىئى (مەسئۇل مۇھەررىر)، ئىمىن تۇرسۇن (مۇدەررىر)، ئابدۇسالام ئابباس، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، سابىت روزى قاتارلىق ئۇيغۇر تىلشۇناس، ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، جاپالىق ئىشلەپ، «دىۋان» قول يازمىسىنىڭ 1941 - يىلى بىسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان فوتو نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۇنى نەشرگە تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى...

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان مۇكەممەل نۇسخىسى ئاخىر دۇنياغا كەلدى. 1981 -

يىلى ئۇنىڭ بىرىنچى جىلدى (تومى)، 1983 - يىلى ئىككىنچى جىلدى، 1984 - يىلى ئۈچىنچى جىلدى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنىپ كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

«قۇتادغۇبىلىك»

مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئالىم ۋە پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قىممەتلىك ئۈنچىلەر بىلەن تولغان ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى (مىلادى 1069 — 1070 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ) قەشقەردە يېزىلغان. مۇئەللىپىنىڭ ئۆزى بالاساغۇندا تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1018 — 1019 - يىللىرى تۇغۇلغان بولۇپ، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. ئاپتور «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى 18 ئايدا تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قاراخانىلار ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن.

داستاننىڭ ئەسلى قوليازمىسى تېخىچە تېپىلغىنى يوق. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە (ياكى نەمەنگان) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ۋېنا نۇسخىسى مىلادى 1439 - يىلى ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ھىرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ بۇ نۇسخا ئەسلى مىلادى 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن، كېيىن ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر پورگىشتال تەرىپىدىن ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرۈلۈپ ھازىرغىچە شۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقاچقا «ۋېنا نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان.

قاھىرە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 5400 بېيىت پۈتۈلگەن. بۇ نۇسخا قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانچقا. «قاھىرە نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇنى 1896 - يىلى نېمىس ئالىمى مورىتىز دۇنياغا تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان.

پەرغانە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭغا 6·095 بېيىت پۈتۈلگەن. بۇ نۇسخىنى تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى 1914 - يىلى پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىكى مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلغان، 1924 - يىلى ئۆزبېك ئالىمى پىترەت بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن بۇ نۇسخا ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلغان.

تۈركىيە ئالىمى رەشىد رەھمەتى ئارات يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش بىلەن 1947 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تولۇق تېكستىنى تۇرغۇزۇپ چىققان. شۇ تېكست بويىچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى 85 باب، 6·645 بېيىت، 13·290 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

داستانىنىڭ ئەڭ دەسلەپ قايسى خىل يېزىقتا يېزىلغانلىقى توغرىسىدا س.ي.مالىوف: «مۇئەللىپ ئەڭ ئاۋۋال ئەرەب ھەرپى بىلەن يازغان»، دەيدۇ. مەسىلەن، 1953 - بېيىتتا:

بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىغ ئېرۇر،
بىلىگ لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر.

(بەگ ئاتى بىلىك بىلەن باغلىق بولۇر، بىلىك «لامى» كەتسە بەگ ئاتى قالۇر) دەپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، شائىر-

نىڭ بۇ بېيىتتە كۆرسەتكەن سۆز ئويۇنى ئەرەب ھەرپىگىلا خاس. ئەرەب ھەرپى بىلەنلا ئويناشقا بولىدىغان بۇ سۆز ئويۇنىنىڭ شائىر قەلىمى بىلەن ئەسەردە كۆرۈلۈشى، ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

داستان ئايرىم تۆتلىكلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا جەمئىي 68 مىڭغا يېقىن سۆز ـ ئىبارە ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەن تۇرۇقلۇق بۇ ئەسىرىدە باشقا تىللاردىن پەقەت 300 گە يېقىن ئىبارە ئالغان. بۇ شائىرىمىزنىڭ ئالىيجاناپ خۇسۇسىيىتىنى ۋە تىل ساپلىقىنى نامايان قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى، مەزمۇنى، غايىسى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئىنسانىيەتكە پايدىسى ۋە كۈچلۈك شېئىري تۈسى بىلەن دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى، ھەممە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. بۇ ئەسەر خەلقارادا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى. ھەر قايسى مەملىكەت ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن «قۇتاد غۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە، ھەممىدىن كۆپ تەتقىق قىلىنىدىغان ئەسەرگە ئايلاندى. ئېلىمىزدە بۇ بىباھا يادىكارلىقنى تەتقىق قىلىش ئىشى 1980 ـ يىللاردىن تارتىپ دۆلەتنىڭ مۇھىم تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ تەتقىق قىلىندى ۋە «قۇتادغۇبىلىك ئىلمىي تەتقىقات جەمئى‑

يتى» قاتارلىق مەخسۇس جەمئىيەتلەر تەسىس قىلىندى.

«قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە 1823 - يىلى فرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئامېدى تۇنجى بولۇپ مەتبۇئاتتا خەۋەر ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىن بەزى نەمۇنىلەرنى نەشر قىلدۇرغان. 1870 - يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى گىرمان. ۋامبېرى شۇ نۇسخا بويىچە ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.

مەشھۇر رۇس ئالىمى رادلوف ئەسەرنىڭ ۋېنا نۇسخىسى بىلەن قاھىرە نۇسخىسىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، 1910 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نېمىسچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان. 1943 - يىلى قاھىرە نۇسخىسىنىڭ فاكسىملى تۈركىيىدە كەلتۈرۈلۈپ قايتا بېسىلىپ چىققان.

1928 - يىلى، ئۆزبېك ئالىمى پىترەت پەرغانە نۇسخىسىنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىنى زۆرۈر ئىزاھلار بىلەن ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلدۇرغان. 1952 - يىلى، رەشىدرەھمەتى ئارات ئۆزى رەتلىگەن تولۇق تېكىستىگە ئاساسەن ئەسەرنىڭ تۈركچە نەسرىي تەرجىمىسىنى ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇرغان. 1972 - يىلى، ئۆزبېك ئالىمى قەييۇم كەرىموۋ داستانىنىڭ پەرغانە نۇسخىسى بويىچە ئۆزبېك تىلىغا قىلىنغان نەسرىي تەۋسىپىنى تاشكەنتتە نەشر قىلدۇرغان.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى ھەم نەسرىي يەشمىسى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسى، ئاخىرىدا ئىندېكس (سۆزلۈك) قىسمىنى نەشرگە تەييارلاش 1980 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەھبەرلىك ھامۇت ئىمىنوپ مەسئۇللۇقىدا بىر تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قارار قىلىندى. شۇ قارارغا ئاساسەن، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمى يەشمىسى ئابدۇرېھىم

ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى، مەمتىمىن يۇسۇپلەر تەرىپىدىن نەشىرگە تەييارلىنىپ، 1984 - يىلى 5 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنى 1 - قېتىم نەشر قىلدى. 1986 - يىلى ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان نەسرىي يەشمىسى ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قادىر ئەكبەرلەر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1991 - يىل 11 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىنغان.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق»

قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت بوسۇغىسى) داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەر 14 باب، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا، جەمئىي 512 مىسرا بولىدۇ. ئەسەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ يادىكارلىقنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئۇنى XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەنئەنىسى داۋاملاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭدا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ خېلى كۈچلۈك تەسىرى بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

داستاندا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى بىر خىل ئوبرازلىق شائىرانە تىل بىلەن

بايان قىلىدۇ ۋە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتىنى، تىلغا پىششىق بولۇشنىڭ پايدىسى، ئادىللىق، پاكلىق، مەردلىك، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ؛ بىلىمسىزلىك، جاھىللىق، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ.

داستاننىڭ تىلى توغرىسىدا، ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن يېزىلىپ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاۋە قىلىنغان بىر شېئىردا: «ئەسەر قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان» دەپ ئېنىق ئەسكەرتىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قەشقەر تىلى بىلەن مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن «خاقانىيە تۈرك تىلى» ئەمەلىيەتتە بىر تىل بولۇپ، ھەر ئىككىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرى بىلەن قىسمەن ئەرەب، پارس ئاتالغۇلىرىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلغانلىقى، ئەسەر تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا كۆچۈۋاتقان ئۆتكۈنچى تىل باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى بار: بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (A نۇسخا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، ئۇ مىلادى 1444 - يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان، بەخت، ھۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەندتە كۆچۈرۈلگەن. ھازىر بۇ قول يازما ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفيا (Ayasofya) كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇقۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (B نۇسخا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، 1480 - يىلى ئابدۇلرەززاق قاتارلىقلار

تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىمۇ ئاياسوفىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا؛ ئۈچىنچىسى، يالغۇز ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا (C نۇسخا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، بۇ نۇسخىمۇ ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن، لېكىن ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ نۇسخا ھازىر ئىستانبۇلدىكى توپكاپى - سارايى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

داستاننىڭ ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى تۈركىيە ئالىمى رەشىد رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن رەتلەنگەندىن كېيىن، تۈركىيە ئاتەش نەشرىياتى ئۇنى 1951 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلغان. پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ۋە دوتسېنت تۇرسۇن ئايۇپلار ئەسەرنىڭ تۈركىيە ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ 1980 - يىلى 11 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

تۆۋەندە چاغاتاي دەۋرىگە ئائىت ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىم نۇسخىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

چاغاتاي دەۋرى ۋە «چاغاتاي تىلى» ھەققىدە ماقالىمىزنىڭ بېشىدا خېلى تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. «چاغاتاي تىلى»، ئەمەلىيەتتە، قوچۇ، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرى تەسىرىگە ئۇچرىغان يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى ئىدى.

چاغاتاي دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم، ئەدىب، ئاسترونوم، پەيلاسوپ، ئەمچى، تارىخچى، تىلشۇناس، تەرجىمانلار ھەر خىل تېمىلاردا نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئەسەرلەرنى يارىتىپ، بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

ئۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. بۇ خىلدىكى يازما يادىكارلىقلارنى يىغىش - توپلاش خىزمىتى شىنجاڭدا 1953 - يىلدىن ئارتىپ باشلاندى. 1954 - يىلى سابىق شىنجاڭ يەرلىك مۇزېيغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىدىكى بىر قىسىم كەسپىي خادىملار بۇ خىزمەتكە رەسمىي كىرىشىپ، 1955 -، 1956 - يىللىرى غۇلجا، ئۈرۈمچى، قۇمۇل شەھەرلىرىدە؛ 1957 —، 1959 - يىللىرى قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار، ئاتۇش قاتارلىق يەرلەردە بىرقەدەر كەڭرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جايلاردىكى مۆتىۋەر دىنىي زاتلار، پېشقەدەم زىيالىيلار ۋە خەلق قولىدىن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك قول يازمىلارنىڭ نادىر نۇسخىلىرىنى يىغىپ توپلىدى. 50 - يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ داشۆ، 80 - يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش رەتلەش، نەشىر قىلىش ئىشخانىسى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى تارماقلىرى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ نۇرغۇنلىغان يازما يادىكارلىقلارنى يىغدى. 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدىن ئارتىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى چاغاتاي دەۋرىگە ئائىت نادىر قول يازما نۇسخىلار كەينى - كەينىدىن نەشىر قىلىنىپ، خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئومۇمەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى چاغاتاي دەۋرىگە ئائىت قىسمى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، شۇنداقلا، ئۇنىڭ پەقەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان مۇھىم نۇسخىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمۇ خېلى سەھىپىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ئەسىرىمدە چاغاتاي دەۋرىگە ئائىت ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىن ئاپتونوم رايونلۇق

مۇزىبى (باشقا جايلاردا ساقلىنىۋاتقان قىسمەن يازما يادىكارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا ساقلىنىۋاتقان. يېقىنقى يىللاردا نەشىر قىلىنغان ئادىر نۇسخىلارنى ئاساس (قالغانلىرىنى قوشۇمچە) قىلىپ، تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەندىم.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا»

چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى ناسىرىددىن بۇرھانۇددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ياكى (قىسسەئى رابغۇزى) دېگەن ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئەسەر خارەزىمدىكى رابات ئوغۇز دېگەن جاينىڭ قازىسى بۇرھانۇددىن ئوغلى ناسىرىددىن تەرىپىدىن ھىجرى 709 - يىلى (مىلادى 1309 — 1310 -) يىلى يېزىلغان.

رابغۇزى ئۆز ئەسىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان ئەۋلىيا - ئەنبىيا، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى رىۋايەت - ئەپسانىلەرنى ئاساس قىلىپ، نەسرىي ئۇسۇلدا يازغان.

ئەسەردە بەزى قىسقا - قىسقا رىۋايەت ۋە مەشھۇر ھېكمەتلەر بىر - بىرىگە باغلىنىپ، ئۇلاردا بىر خىل بەدىئىي تۈس ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، يەنە بەزى مەدھىيىلەر، لىرىك كەچۈرمىش، تەبىئەت تەسۋىرلىرى قاتارلىقلار شېئىرىي ئۇسلۇبىدا بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋال ئەسەرنىڭ ئەينى زامانىدىكى ئالاھىدە بىر ئەدەبىي ئۇسلۇبقا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

ئەسەردە بايان قىلىنغان «توپان قىسسىسى»، لوقمان ھەكىمگە باغلىق تەسىرلىك ھېكايەتلەر بولۇپمۇ شەرق خەلقلىرى ھەمدە ئەينى زامانىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، مەلۇم دەرىجىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈسىنى ئالغان، يۇسۇپ - زۇلەيخا-

قا ئوخشاش مۇھەببەت ۋەقەلىرى رابغۇزى تەرىپىدىن يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇلغان. رابغۇزى ئۇلارنى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى ئاساسىدا يېزىش بىلەن ئەينى زامان يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قىسسە ژانىرىنى ياراتقان.

ئەسەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قول يازما نۇسخىسى XV ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئەنە شۇ نۇسخىنىڭ فاكسىمىلى مەشھۇر تېكىستشۇناس ك. گرانبېك تەرىپىدىن 1948 - يىلى كوپېنھاگېندا نەشر قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ھازىر لېنىنگراد (سانتى پېتربورگ)-تا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر قول يازما نۇسخىسى (نومۇرى 245 — C) XV ياكى XVI ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن دەپ تەخمىن قىلىنماقتا.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا»نىڭ باشقا نۇسخىلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە ئىلگىرى - كېيىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ لېكسىكىسى ۋاقىت تەقەززاسى بويىچە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

ئەسەرنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى ھىجرى 1109 - (مىلادى 1697 — 1698 - ) يىلى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىدىن بىرقانچە ۋاراق يوقالغانلىقى ئۈچۈن تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس. بۇ يازما يادىكارلىق 1957 - يىلى قەشقەردىن يىغىۋېلىنغان.

ھەجمى: بويى 33، ئېنى $18\frac{1}{2}$، قېلىنلىقى 6 س. م، 277 ۋاراق.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ يادىكارلىق تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدە بىر-نەچچە قېتىم چاپ قىلىنغان. ئەسەرنىڭ خېلى كۆپ تېكىستلىرى رۇس تۈركولوگى ن. ئى. ئىلمىنىسكىي تەرىپىدىن 1859 -

يىلى قازان شەھىرىدە ئېلان قىلىنغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نىڭ ئايرىم پارچىلىرى رۇسچە تەرجىمىسى ۋە بەزى ئىزاھلىرى بىلەن س. ئى. مالوۋ، ن. پ كاتانوۋ، ن. ف. ئوستروموۋ قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان.

ئەسەردىكى «ئادەم ئەلەيھىسسالام»، «نۇھ ئەلەيھىسسالام»، «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام» قاتارلىق قىسسەلەر «بۇلاق»، مەجمۇئەسىنىڭ 1988 — 1989 - يىلدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىندى.

ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسى برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان (XV ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن) نۇسخىغا ئاساسەن، ئابدۇللا يونۇسوۋ، ھەمدۇللا دادابايېۋلار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، ئۇنى 1990 - يىلى تاشكەنت «يازۇچى» نەشرىياتى نەشر قىلدى.

XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر مەزگىلدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق بۈيۈك يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ شائىرلارنىڭ ئەينى زاماندا ئۆز ئانا تىلىدا ياراتقان لىرىك غەزەللىرى، قەسىدە ۋە داستانلىرى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى بېيىتىپ، ئۇنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەنىدى.

بۇ ساھەدە تېخىمۇ زور تۆھپە ياراتقان شائىر لۇتفى مۇتەپەككۇر ئەدىب نەۋائىي ئېيتقاندەك تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ كامالەتكە يەتكەن، نەپىس تىللىق بىر پېشىۋاسى بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدا تۈركچە ۋە پارسچە غەزەللىرى بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى. شائىرنىڭ ئىجادىي مىراسلىرىدىن بىزگىچە 280 غەزەل، ئىككى قەسىدە، 18 قىتئە ۋە بىرمۇنچە تۇيۇق-

لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىۋانى، «گۈل ۋە نەۋرۇز» نامىلىق داستانى يېتىپ كەلگەن.

«مەشھۇنۇلھەقايىق» نىڭ نەسردى نۇسخىسى

ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە لۇتفىنىڭ «مەشھۇنۇلھەقايىق» دېگەن ئەسرىنى يەكەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەت مۇسەيىن بەگ ئوغلى تاجى مۇھەممەد ھىدى بەگ ھىجرى 1239 - (مىلادى 1823 — 1824 -) يىللىرى شېئىرىي نۇسخىدىن نەسرىي ئۇسلۇبتا قايتا شەرھلەپ يېزىپ چىققان ۋە بۇ نەسرىي نۇسخىنى «دەخۇلۇلجەنان ۋە ئەبۋا بۇلجەنان» دەپ ئاتىغان. ئەسەر تولۇق، ئېنىس يىپەك تەغىزىگە چىرايلىق خەت پارسى بىلەن يېزىلغان.

ھەجمى: 4 × 18 × 28 سانتىمېتر، 257 ۋاراق، ياخشى ساقلانغان بولۇپ، 1957 - يىلى قەشقەردىن يىغىۋېلىنغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

«چاھار دىۋان»

چاغاتاي دەۋرى (XV ئەسىر) دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن، پۈتۈن مەركىزىي — ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ، بىر يۈكسەك تەرەققىيات پەللىسى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىي تۆھپىسى ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلانغانىدى.

نەۋائىي ئۆز ھاياتىدا شۇنچە مول ئەدەبىي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەنكى، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئۆز زاماندا شلىرى ياكى كېيىنكىلەردىن ھېچكىم تەڭلىشەلمەيدۇ.

نەۋائىي ئىجادىنىڭ ئەڭ يىرىك نەمۇنىلىرى — «چاھار دىۋان» (تۆت توملۇق شېئىرلار توپلىمى يەنى «خەزائىنۇل

مەئانىي» مەنىلەر خەزىنىسى دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە بەش يىرىك داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەمسە» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

XV ئەسىردىن باشلاپ تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر تۈركىي تىلىدا كىتابەت قىلىنغان مەنبەلەرنىڭ يېرىمىغا تەڭ قىسمىنى نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرى چاپى قىلغانلىرى بەش ئەسىر داۋامىدا جاھاننىڭ ھەرقايسى يەرلىرىگە تارقالغان.

«ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ئەلىشىر ناۋائىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن يۈكسەك ۋە پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە، نەۋائىيدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى - ئۇستازى دەپ بىلىپ، ئۆز ئىجادىي ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالدى؛ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدرىسە مەكتەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇلدى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا - نەغمە قامۇسى بولغان ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تولىسى نەۋائىي تېكىستلىرى (غەزەللىرى) بىلەن ياڭرايدۇ. نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىل قول يازمىلىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ۋە كەڭ تارقالغان.»*

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «چاھار دىۋان» («خەزائىنۇل مەئانىي») نىڭ قولyazma نۇسخىسى — ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغان ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ئېسىل نادىر نۇسخىلاردىن

* تېيىپجان ئېلىيوپ نەشرگە تەييارلىغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «غەزەللەر»گە يېزىلغان كىرىش سۆزىدىن. 1982 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خەزائىنۇل مەئانىي» نىڭ بۇ تولۇق نۇسخىسى غەزەل، مۇستەھزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىئبەند، تەركىبەند، مەسنەۋى، قەسىدە، ساقىنامە، قىتئە، رۇبائىي، مۇئەممىا، چىستان، تۇيۇق، فەرد قاتارلىق 16 خىل ژانىردا يېزىلغان بولۇپ، 3132 شېئىردىن تەركىب تاپقان. قول يازمىدىكى بىرىنچى دىۋانغا «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (بالىلىق غارايىباتلىرى)، ئىككىنچى دىۋانغا «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (يىگىتلىك نادىر-لىقلىرى)، ئۈچىنچى دىۋانغا «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) تۆتىنچى دىۋانغا «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دەپ نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ مۇن-دەرىجىسى كىلاسسىك دىۋانلار ئەنئەنىسى بويىچە، قاپىيە ياكى رادىپ ئاخىرىدىكى ھەرپلەر تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن.

بۇ قىسمەتلىك قوليازما ئەسەرنىڭ يارىتىلىشىدا قەغەز، سىياھ، تۈرلۈك بوياقلار، مۇقاۋا ئۈچۈن چەم ـ مەغىز (كار-تون قەغەز)، ماتا قاتارلىق ماددىي ئەشيالار، جەدۋەلكەش، لەۋۋاھ، مۇزەھھىب، مۇسەۋۋىر، سەھھاف كەبى ھۈنەرۋەن ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئەمگىكى بىر پۈتۈن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قول يازما باشتىن ئاياغ ئالتۇن ھەل ۋە باشقا تۈر-لۈك بوياقلار، گېئومېترىك نەقىشلەر بىلەن بېزىتىلگەندىن تاشقىرى ئۇنىڭ چەمبەردىن ئالاھىدە ياسالغان مۇقاۋىسىغا ئالتۇن ھەل بىلەن قەدىمكى ئويما نەقىش ئۆرنەكلىرى چۈشۈ-رۈلگەن. قول يازما ئەسەر نەپىس خەت ۋە بەدىئىي بېزەكلەرگە باي بولۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا يەنە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ماسلىشىدىغان 21 پارچە رەڭلىك رەسىم (مىنىئاتيۇرا) لەر ئىشلەنگەن.

ھەجمى: 5 × 21 × 32 س. م. 416 ۋاراق.
«خەزائىنۇل ـ مەئانىي» (چاھار دىۋان) نىڭ بۇ قول-يازما نۇسخىسى كۆچۈرۈلۈپ، كىتابەت قىلىنغاندىن كېيىن قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، 1809 - يىلىغا كەلگەندە، قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەن. 1935 - يىلى ئۇرۇمچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇكېرىم ئىمامنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئابدۇكېرىم ئىمامنىڭ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشىچە، بۇ ئەسەر ھىجرى965 - يىلى (مىلادى 1557 — 1558 - يىللىرى) كۈچادا كۆچۈرۈلگەنىكەن. ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلگەن يىل دەۋرى يېزىلغان يېرىگە قومۇل ۋاڭىنىڭ تامغىسى بېسىلغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇكېرىم ئىمام ئەندىشە قىلىپ، ئەنە شۇ تامغا بېسىلغان يەرنى 1937 - يىلى كېسىپ ئېلىۋەتكەنىكەن.

ئەلىشىر نەۋائى 1490 - يىللارنىڭ بېشىدا پۈتۈن ئۆمرىدە يازغان شېئىرلىرىنى توپلەپ تۆت دىۋاندىن ئىبارەت «خەزائىنۇل ـ مەئانىي»نى تۈزۈشكە كىرىشكەن.

«خەمسە»نىڭ قول يازمىسى

بەش مۇكەممەل داستاننى بىر پۈتۈن توپلام قىلىش ـ «خەمسە» چىلىك شەرق خەلق ئەدەبىيا تىدىكى بىر ئەنئەنە بولۇپ، ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجەۋى، ھىندى شائىرى خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلار پارس تىلىدا خەمسە يازغان بولسىمۇ، تارىختا تۈركىي تىلىدا خەمسە يارىتىشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئەلىشىر ناۋائى ئۆتىگەن.

نەۋائىنىڭ «خەمسە» ئەسىرى «ھەيراتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر»دىن ئىبارەت بەش چوڭ داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەۋائى «خەمسە»نى 1483 — 1485 - يىلى

لىرى يېزىپ تۈگەتكەن.

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا «خەمسە»نىڭ بىرنەچچە خىل قول يازما نۇسخىلىرى ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1768 - يىلى قەشقەردە خوجا سەئىد ئىسمىلىك كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگىنى تولۇق ۋە ياخشى ساقلانغان. بۇ قول يازما خوتەن قەغىزىگە ئۇششاق ۋە چىرايلىق نەستەئلىق خەت ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈلگەن.

ھەجمى: 6 × 21 × 33 س.م 394 ۋاراق.

«خەمسە»نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان بىرنەچچە خىل قوليازما نۇسخىلىرى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «فەرھاد - شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان ترانسكرىپسىيىلىك يەشمىسى (قوشۇمچە سۆزلۈكلەرمۇ بار) 1991 - يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىندى.

«جاھاننامە»

XVI ئەسىردە قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەكەن، قەشقەرنى مەركەز قىلغان يېڭى گۈللىنىش دەۋرى ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بۇ دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىم، يازغۇچى، شائىرلىرى ئىچىدە ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى»، ئاياز شىكەستىنىڭ «جاھاننامە»، مەلىكە ئامانىساخاننىڭ «دىۋانى نەفىس»، «ئەخلاقى جەمىلىيە»، «شەرھىل قۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەينى زامان مەدەنىي ھاياتىدا خېلى چوڭ رول ئوينىغانىدى.

ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «جاھاننامە» داستانىنىڭ

قول يازما نۇسخىسى 56 ۋاراق (112 بەت) بولۇپ، ئەسەر خوتەننىڭ پاتلىق قەغەزگە نەستەئلىق خەت نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر شائىرى ئاياز شىكەستى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ دەۋرى سەئىدخان ۋاپات بولۇپ (1533 - يىلى) ئابدۇرەشىتخان تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ.

«جاھاننامە» داستانىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرى خېلى كۆپ ساقلانغان بولۇپ، بۇ XVI ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

قول يازما ئابدۇشۈكۈر تۇردى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ 1985 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىندى.

«چىڭگىزنامە»

ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مىرسالىھ قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «چىڭگىزنامە» دېگەن بۇ ئەسەرنىڭ قول يازما نۇسخىسى 1981 - يىلى قەشقەردىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قول يازما فوندىدا ساقلانماقتا (نومۇرى 00679).

قول يازما ئەسەر جەمئىي 262 بەت، خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغەزگە ھەر بىر بېتىگە 13 قۇردىن خەت يېزىلغان. قول يازمىدا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىل خۇسۇسىيىتى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەسەرنىڭ XVIII ئەسىردە يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىشتا «تارىخى رەشىدى»، «تارىخى

رەۋزە تۇسسەفا»، «تارىخى جاھانكۈشاي» قاتارلىق مەشھۇر
تارىخنامىلەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

موللا مىرسالىھ كەشقەرى بۇ ئەسىرىدە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر-نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى. ئوغۇزخان توغ-رىسىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تارىخى، چىڭگىز خاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى ۋە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى، «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى» ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن سوپى - ئىشان، خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى قاتار-لىق زور تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغان.

قوليازما 1985 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەش-رىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى (ھاجى نۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان).

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»

سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىن تاكى XVII ئەسىرنىڭ باش-لىرىغىچە دىنىي خۇراپاتلىق تەسەۋۋۇپ ۋە تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتلىرى تۈپەيلىدىن بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر مەزگىل ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە دۇچ كەلدى.

بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت ۋە «چېكىنىش» لەرگە تاقەت قىلالماي تۇرالمىغان كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى، ئىلغار پىكىر ئېقىمىدىكىلەر بىر قىسىم «جاھالەت پىرلىرى»غا قارشى جىددىي كۈرەشلەرنى قانات يايدۇردى. ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ كۈرەش ئەينى زاماندىكى ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ

تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. نەتىجىدە ئىلغار يازغۇچى ئالىملار ۋە ئۇلار ياراتقان نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە باسقۇچى شەكىللەندى. بۇ باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلغۇچى كەۋدىلىك ئەسەرلەردىن بىرى — مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ئوغلى خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ «دىۋانى» (لىرىك غەزەللەر، «سەپەرنامە»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىپ» ۋە «تەزكىرەئى چىلتەن» قاتارلىق داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، لىرىك شائىر نەۋبەتىنىڭ «دىۋانى»، موللا ئەھلەم شەھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» قاتارلىق داستانلىرى ۋە باشقا بىرمۇنچە ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلگەنىدى.

ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ئوغلى خىرقەتى تەخمىنەن 1634 - يىلى قەشقەر يېڭى شەھەرنىڭ تازغۇن يېزا باغچى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ نەچچە يىللىق ئوقۇش ھاياتىدا مەدرىستە ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەنمۇ خېلى ئەتراپلىق تونۇشقان. 30 يېشىدا ئاتىسى خوجامقۇلى بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەن. شائىر 1724 - يىلى 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىنىڭ قول يازمىسى 99 ۋاراق، 3216 مىسرا بېيىت بولۇپ، 47 بابتىن قۇرۇلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ باب ئەسەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن، خاتىمىسىنى، 20 باب پەيغەمبەرلەرگە مەدھىيە مۇراجىئەتنى، 24 باب يەنى داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان گۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن بابلارنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
قول يازمىنىڭ ھەجمى: 3 × 11 × 18 س. م.
شائىر ھىرقەتنى ئاپپاق خوجىنىڭ تەمۇر قەپىسى ئىچىدىكى سوپى ـ ئىشانلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ئەركىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا كۈيلەش مۇمكىن بولمىغان قاباھەتلىك شارائىتتا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، «خەلقنىڭ شائىرى ـ خەلقنىڭ تىلى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەركىن، چىن مۇھەببەتنى، ئىنسانىي خىسلەت ۋە ئىنسانىي گۈزەللىكنى، ۋاپادارلىقنى مەدھىيىلەيدۇ.
شائىر ئۆز داستانىدا بۇلبۇلنى ـ ئاشىق، گۈلنى ـ يار، سابا (شامال) نى ـ خەۋەرچى، تىكەننى رەقىب سۈپىتىدە ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ، كىتابخانلاردا نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ.
داستان قول يازمىسىنىڭ گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن ئاساسىي بۆلىكىدىن 1806 مىسرانى يولداش رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلاپ (ئايرىم كىتابچە)، 1982-يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلدۇردى.
«دىۋان زەلىلى»
ئۇيغۇر لىرىك شائىرى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىكى بايانلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئۇنىڭ تەخمىنەن ھىجرى 1087-ياكى 1091 ـ (مىلادى 1676 ـ ياكى 1680 ـ ) يىللىرى يەكەندە تۇغۇلۇپ، ھىجرى 1156 ـ (مىلادى 1743—1744-) يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.
شائىر زەلىلى ئۆمرىدە خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى بىر قەدەر تولۇق ئەسەر «دىۋانى زەلىلى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بۇ قول يازمىنىڭ ھەجمى: 5 × 12 × 19 س·م بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر بەتكە 11 قۇر (ھەر قۇردا ئىككى مىسرا) خەت پۈتۈلگەن. جەمئىي 246 ۋاراق، بۇنىڭ ئىچىدە زەلىلىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى 183 ۋاراق (366 بەت) بىلەن تۈگەيدۇ.

بۇ توپلامدا زەلىلى يازغان ئەسەرلەردىن: «تەزكىرەئى چىھىل تەن» (قىرىق چىلتەن دېمەك ئاتىلىدۇ)، «تەزكىرەئى خوجە مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار»، «سەفەرنامە»، 156 غەزەل، 13 رۇبائىي، 18 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزاد، ئىككى قەسىدە، ئىككى ساقىنامە، ئۈچ پارچە ھەمد، نەئىت ۋە مۇنقەبەت، پارىسچە 56 غەزەل بار. زەلىلى ئەسەرلىرىدىن كېيىن، مۇنىس خوجا دېگەن كاتىپ ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئەبۇشەھمىم توغرىسىدىكى رىۋايەتنى داستان قىلىپ يېزىپ تويغان. ئۇنىڭ داۋامىغا موللا قابىل ۋە مۇھەممەد مىراد قاتارلىق كاتىپلار «تەزكىرەئى ھەفت مۇھەممەدان»، «تەزكىرەئى زۇبدەتۇل - ئارىفەين»، «دەر بەيان ئىسمى زەينۇل ئابىدىن»، «دەربەيان روزى قىيامەت پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم»، «دەربەيان ھەزرەتى بىبى فاتىمە»، «ئەلقىسسە ئەل ئىبلىس ئەلەيھىل لەئنە»، «دەربەيان شەيخ ئەبدۇرەھمان ۋە شەيخ غىياسىدىن» قاتارلىق نەسرىي بايانلار كۆچۈرۈپ قويۇلغان.

زەلىلى ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ «قەسىدە» ۋە «تەزكىرە»لەر ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئىجادىي ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغان.

زەلىلى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئۆز غەزەللىرىدە ھەزەج، رەجەز، رەمەل، مۇتەقارىب، مۇنسەرىھ،

تەۋىل، ھەقىقى بەھرىلىرىنى ئىشلەتكەن. زەلىلىنىڭ قولىمىزدىكى ئەسەرلىرى بولسا، غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇستەھزاد، قەسىدە، ساقىنامە، تەزكىرە ياكى داستان، سەفەرنامە قاتارلىق سەككىز خىل ژانىردىن تەركىب تاپقان.

زەلىلى غەزەل ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە تۇغۇلغان يۇرتى يەكەننى، سۈيىنى ئىچكەن ۋە تۇزىنى يېگەن خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى قىزغىن مۇھەببەت، ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئىزھار قىلىدۇ.

زەلىلى شېئىرلىرىدا، ئىستىئارە - رەمزىلىك تەسۋىرلەر بولۇپمۇ ئوخشىتىش ئاساسىدىكى ئۆتكۈر ئىستىئارىلىك تەسۋىرىي ئىبارىلەرنى كەڭ قوللانغان. شۇڭا، زەلىلى تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوخشىتىشلىرىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقان شائىر.

«دىۋان زەلىلى»نىڭ قول يازما نۇسخىسى ئەدىب، تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1985 - يىلى 11 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنى 1 - قېتىم نەشر قىلدى.

زەلىلى ياشىغان دەۋر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇرغۇزۇلغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلار، ئالىم تارىخچىلار، سەنئەت پېشىۋالىرى چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇخىل تېمىلاردىكى نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى، كۆپ خىل ژانىر، باي مەزمۇنلۇق ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئەدەبىياتىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئالىمى تالانتلىق شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (1638—1733 -) ھاياتىدا 13 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىر يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى تەشكىلىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى يىللاردا «كۇللىيات مەسنە-

ۋى خاراباتى» دېگەن نام بىلەن دىۋان قىلىپ كۆچۈرۈلۈپ ئەل ئىچىگە تارقالغان، ھەتتا چەت ئەللەردە (قازان، تاشكەنت) «مەسنەۋى خاراباتى»، «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن نامدا مەتبەئەدە بېسىپ تارقىتىلغان؛ «مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ 1811 - يىلى كۆچۈرۈلگەن (113 ۋاراق) قول يازمىسى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

خوتەنلىك ئۇيغۇر شائىرى نۆبىتى (نەۋبەتى، شائىرنىڭ ئەسلى نامى، تەرجىمھالى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس) نىڭ مىلادى 1740 - يىللىرى يازغان شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن بىر كىچىك توپلام 1954 - يىلى كۇچادىن تېپىلغانىدى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئەسەر جەمئىي 55 ۋاراق، ھەجمى 2 × 11 × 14 س.م، ئۇنىڭغا 107 مۇسەددەس، 31 رۇبائىي كۆچۈرۈلگەن. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە، شائىرنىڭ مۇپەسسەل بىر كىتابىنىڭ بارلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئەسەر تېخى تېپىلمىدى.

ئۇيغۇر شائىرى موللا ئەلەم «شەھيارىي» نىڭ 1761 - يىلى يېزىلغان «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق پوئېمىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى 1955 - يىلى كۇچادىن تېپىلغانىدى. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان بۇ قول يازما نۇسخا جەمئىي 48 ۋاراق (ئەسىر تولۇق ئەمەس. باش ۋە ئوتتۇرىلىرىدا بەزى ۋاراقلىرى يوقالغان)، ھەجمى: $1\frac{1}{2}$ × 13 × 19 س.م، ئۇنىڭغا 2112 مىسرا بېيىت پۈتۈلگەن.

شائىر «گۇل ۋە بۇلبۇل» پوئېمىسىنى ھىرقەتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىغا تەقلىد قىلىپ يازغانلىقى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تىلىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئەسەرنىڭ سۈژىتىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر بار.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»

ئۇيغۇر ئالىمى ۋە ئەدىب مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (قەشقەرى) تەرىپىدىن مىلادى 1770 — 1771 - يىللىرى يېزىلغان بۇ تارىخىي ئەسەرنى ئاپتور شۇ دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئانىسى رەھىم ئاغىچانىڭ تەكلىپى بويىچە قەلەمگە ئالغان.

ئەسەرنىڭ 1825 - يىلى قەشقەردە موللا مۇھەممەد سۇلتان دېگەن كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن (1955 - يىلى قەشقەردىن تېپىلغان) بۇ نۇسخىسى تولۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى 4 × 22 × 31 س.م، 166 ۋاراق.

ئەسەر خېلى كەڭ ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق خاتىرىلەرگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مەخدۇم ئەزەمنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، ئاپپاق خوجا دەۋرى، جۇڭغار خانلىقى بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ بىرلەشمە دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بەزى مەسىلىلەر ئاپتور تەرىپىدىن كەسكىن تەنقىد قىلىنىدۇ. بۇنى ئاپپاق خوجا دەۋرىنىڭ مۇپەسسەل تارىخى دېيىشكە بولىدۇ.

«سىندىقنامە»*

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد سىددىق بەرشىدى تەرىپىدىن 1780 - يىللىرى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى ئىران ئالىمى قابۇسنىڭ 1035 - يىلى يازغان «قابۇسنامە» سىگە تەقلىد قىلغان. مەزمۇنى سىياسەت، قانۇن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، دىن، تۇرمۇش توغرىسىدىكى پەندى - نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 44 بابقا بۆلۈنۈپ يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ قوليازما نۇسخىسى 1800 - يىللاردىن تارتىپ يەكەن تەۋەسىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

---

* ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى مەلۇم ئەمەس. مەزمۇنىغا ئاساسەن «سىندىقنامە» دەپ ئاتالدى.

ئەسەر 106 ۋاراق، (ئابىخىدا ھىجرى بىرقانچە ۋارىقى يوقال-
غان) ھەجمى: 3 × 20 × 33 سم.

«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»

«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (ئەۋلىيالار تەزكىرىسى) نىڭ
ئەسلى ئاپتورى شەيخ ئەتتار (ۋاپاتى 1230 – يىلى) بولۇپ،
ئۇنى ئالىم موللا سىدىق بەرشىدى (ئاتۇش) يەكەن ھاكىمى
خوتەنلىك كىيپەك بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھىجرى 1190–
(مىلادى 1776 – 1777–) يىللىرى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلغان. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ
ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەۋلىيالارنىڭ
تەرجىمھالى بىلەن «كارامەتلىرى» بەدىئىي ئۇسلۇبتا تەسۋىر-
لىنىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان
قولىيازما نۇسخا ھىجرى 1246 – (مىلادى 1830 –) يىلى
خەتتات موللا خوجا مىنيار كاشغەرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن.
قولىيازما 203 ۋاراق، ھەجمى: 5 × 30 × 43 سم.

«يۈسۈپ — زۈلەيخا»

ئۇيغۇر شائىرى موللا يۇنۇس يەركەندى بۇ داستاننى
مەۋلانە ئابدۇرەھمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «يۈسۈپ
زۈلەيخا» ناملىق داستانىغا تەقلىد قىلىپ، 1791 – يىلى
ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. ئەسەر جامىنىڭ كىتابىدىن
ئەدەبىي تىلى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، مۇستەقىل سۇژېتى
بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئەسەر 72 ماۋزۇدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە
14 ى كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، مۇھەببەت، ئىلىم، تىل
ھەققىدە، قالغانلىرى «يۈسۈپ – زۈلەيخا»نىڭ قىسسىلىرىنى
بايان قىلىدۇ. بۇ قولىيازما نۇسخىدا جەمئىي 162 ۋاراق،
9048 مىسرا بېيىت. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساق-

لىنىۋاتقان بۇ ئەسەر 1955 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدىن تېپىلغان.

«شاھنامەئى تۈركىي»

«شاھنامە» مەشھۇر پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادى 940 — 1025 - يىللار) نىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بۈيۈك ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى ۋە شان - شۆھرىتىمۇ مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلمەي ساقلىنىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بۇ ئەسەر تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى قىسسىلەر خەلقىمىز ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، ئۇيغۇر فولكلورى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

«شاھنامە» XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر ھۆكۈمدارلاردىن خوجا جاھان ئەرشى (مىلادى 1685 — 1756) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارسچە نەزمىي تېكىستتىن تۈركىي تىلىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىنىشقا باشلانغان. بۇ ئىش تالانتلىق ئەدىب ۋە تەرجىمان شاھ مۇھەممەد ئىمىنخوجا (تەخەللۇسى: شاھ ھىجران) ئىبنى خوجا نىزامىددىنغا تاپشۇرۇلغان. شاھ ھىجران زور تىرىشچانلىق بىلەن يەكەن شەھىرىدە «شاھنامە»نىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بولغان ۋە بۇ «شاھنامەئى تۈركىي» ئەتراپقا تونۇلۇپ، شۆھرەت قازىنىۋاتقان بىر چاغدا، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى يۈز بېرىپ، بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان. شاھ ھىجرانمۇ ئاشۇ ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

ھىجرىيە 1194 - (مىلادى 1780 -) يىلىغا كەلگەندە، ئەمىر مەھدىيارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەدىب پازىل موللا خامۇشئاخۇن يەركەندە شاھ ھىجراننىڭ تەرجىمىسىنى

رەتلەش ۋە كەم قىلىمىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. نە-
تىجىدە، خامۇشئاخۇن يەركەندى شاھ ھىجران ئىشلىگەن
تەرجىمىلەرنى رەتلەپ بىر كىتاب، ئۆزىنىڭ تەرجىمىلىرىنى
يەنە بىر كىتاب قىلغان. ئەدىب پازىل موللا خامۇشئاخۇن
يەركەندى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى «بىجەن نەۋجۇۋان» داستانىدىن
باشلاپ «ئىسكەندەر نامە»نىڭ ئاخىرىغىچە تەرجىمە قىلغان-
لىقىنى ئېنىق يازغان. ئۇ ئۆز تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە
قىلغان بىر شېئىردا ئىككىنچى كىتابىنىڭ تەرجىمىسى ھىجرىيە
1211 - يىلى (مايمۇن يىلى) مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 - (جۈمە)
كۈنى تامام بولغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ يازغان.
بۇ ۋاقىت مىلادى 1796 — 1797 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.
دېمەك، خامۇشئاخۇن «شاھنامەئىي تۈركىي»نىڭ ئىككىنچى
كىتابىنى 16 يىل ئەتراپىدا تاماملىغان. يۇقىرىقى ئىككى
نەپەر تالانتلىق ئەدىبنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىلمىي
ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە «شاھنامەئىي تۈركىي» ناملىق بۇ
زور ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن.

«شاھنامەئىي تۈركىي» نىڭ پازىل موللا خامۇشئاخۇن —— ن
يەركەندى تەرىپىدىن يېزىلغان ئىككىنچى كىتابىنىڭ قول يازما
نۇسخىسى 1957 - يىلى يەكەندىكى ھېمىتخان دېگەن كى-
شىدىن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا سېتىۋېلىنغان (ھازىرمۇ
ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا).

ئەسەرنىڭ باش ۋە ئاخىرىدىن ئۈچ ۋاراق كەم. خېتى
ناھايىتى ئوچۇق يېزىلغان. كىتاب جەمئىي 214 ۋاراق بو-
لۇپ، ھەجمى: 5 × 27 × 41 س.م كېلىدۇ. «شاھنامەئىي تۈركىي»
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەسرچىلىك ۋە ئەدەبىي
تەرجىمە ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن بىر زور نامايەندە.
ئەسەرنىڭ بىرنەچچە خىل قول يازما نۇسخىلىرى ئاساسىدا
«شاھنامەئىي تۈركىي»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا

قىلىنغان نەسرىي يەشمىسى نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ.

## «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىنبەگ»

ئەدىب موللا سىدىق يەركەندى ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسىرى
«نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىنبەگ»نى نەۋائىنىڭ
داستانلار سىكىلى «خەمسە» گە ئاساسەن ھېكايىلەشتۈرۈپ،
ئۇنى نەسرىي شەكىلدە تۈزۈپ چىققان. بۇ ئەسىنى ئۇنىڭغا
ئەينى زاماندىكى يەكەن ھۆكۈمدارى مىرزا مۇھەممەد ھۈسۈ-
يىنبەگ تاپشۇرغاچقا، ئۇ ئەسەرگە «نەسرىي مىرزامۇھەم-
مەد ھۈسەيىنبەگ» دەپ نام بەرگەن. ئەسەرنىڭ يېزىلغان دەۋ-
رىنى قوليازمىنىڭ ئۆزىدىن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. موللا سىدىق
يەركەندى ئۆز ئەسىرىدە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن-
بەگ» دېگەن نامىنىڭ ئۆزىدىن ئەبجەد ھېسابى چىقىدىغان-
لىقىنى ۋە بۇ سانىنىڭ ئەسەر يېزىلغان يىلنى كۆرسىتىدىغان-
لىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. شۇ بويىچە ئەسەرنىڭ نا-
مىنى تەشكىل قىلغان ھەرپلەرنى سانغا ئايلاندۇرغاندا:
ن — 50، ت — 500، ر — 200، م — 40، ى — 10،
ر — 200، ز — 7، ئا — 1، م — 40، ح — 8، م — 40،
د — 4، ح — 8، س — 60، ى — 10، ن — 50 بولۇپ،
بۇ سانلارنىڭ ھەممىسىنى قوشساق 1228 بولىدۇ. دېمەك، ئەسەر
ھىجرى 1228 – (مىلادى 1813 – ) يىلى يېزىلغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋائىي چاغاتاي ئەدەبىي
تىلىدا «خەمسە»نى يارىتىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ناما-
يەندە تىكلىگەندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئەدىبلەر نەۋائىنى
ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىي يولىنى ئۈرنەك قىلىپ، كۆپ-
لىگەن نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى. لېكىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ
مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا شېئىرىي (نەزمىي) ئۇسۇل بىلەن يې-
زىلغانىدى. ئەدىب موللا سىدىق يەركەندى باش-
قىچە يول تۇتۇپ، زامانىسىدىكى ئەدىبلەر ۋە كەڭ-

ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى چۈشىنىشلىك، راۋان تىل بىلەن ھېكايىلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا يەنە بىر پۇراقلىق گۈل ئېچىلدۇردى.

موللا سىدىق يەركەندى «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۆسەينبەگ» نى ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئىجادىي رەۋىشتە تۈزۈپ چىققان. ئۇ «خەمسە» دىن «بەھرام»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنى تاللاپ، «سەبئەئى سەييار» داستانى ئورنىغا بىرلىسا، نەۋائىينىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى نەسرىيلەشتۈرگەن.

ئەسەرنىڭ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسى 1861 ـ يىلى يەكەن شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، قول يازما 1930 ـ يىلدىن تارتىپ يەكەندىكى «ئالتۇن دەرۋازا» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئابدۇۋەلى خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن (قول يازما ئۇ كىشىگە ئاتىسىدىن قالغانىكەن). 1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىنغان.

قول يازما 431 ۋاراق (861 بەت)، كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان. باش ـ ئايىغى تولۇق، خەتلىرى ئېنىق ۋە ئوبدان ساقلانغان بولۇپ، ھەجمى 8 × 25 × 34.5 س.م كېلىدۇ.

ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ بىر مۇنچە ئاتالغۇلار بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ خېلى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا ئەسەر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جانلىق ۋە

پۈچۈك رومان تىلى، ئۆتكۈر كىنايە ۋە گۈزەل تەسۋىرلەر، چوڭقۇر مەنىلىك جۈملىلەر بىلەن تۈزۈلگەن بۇ ئەسەر ئۆز دەۋرىدىكى (ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى) ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئەدىبنىڭ بىرقانچە ساقىنامە ۋە غەزەللىرى قوشۇمچە قىلىنغان.

«نىزارى داستانلىرى»

هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «نىزارى داستانلىرى» نىڭ قوليازمىسى 1956 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئوسمان ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قولىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ كىشى بۇ قول يازمىنى 1875 - يىلدىن بۇيان ساقلاپ كەلگەنىكەن. قول يازما تىزىملانغان مەزگىلدە «مۇھەببەت توغرىسىدا داستانلار» دېگەن ۋاقىتلىق «نام» بىلەن تىزىمغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى يىللاردا بۇ قول يازما («مۇھەببەت توغرىسىدا داستانلار») داۋاملىق شۇ نام بىلەن ئاتىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىكى بارلىق ئەسەرلەر ئابدۇرېھىم نىزارىغا تەۋە دەپ قارالدى ۋە بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەردىمۇ شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىلدى.

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1985 - يىلىنىڭ فېۋرال ئايلىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، بۇ قول يازما تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئىسرائىل يۈسۈپ، مۇھەممەد تۇرسۇن باھاۋىدىن قاتارلىق خادىملار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلاندى. شۇ جەرياندا «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتالغان بۇ قول يازما ئەسەرنىڭ ئەسلىدە ئۈچ شائىرغا ـ ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ ھەمنەپەسى زامانداشلىرىدىن بولغان نورۇزئاخۇن كاتىپ زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غەرىبلەرگە مەنسۇپ

ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. قول يازما ئىچىدىكى ئەسەرلەردىن: «مۇقەددىمە»*، «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «مەھزۇن - گۇلنىسا»، «رابىئە - سەئىدىن» داستانلىرى - نىزارىنىڭ، «چاھار دەرۋىش»،داستانى نىزارى بىلەن زىيائىينىڭ، «مەسئۇد - دىلئارا»، «ۋامۇق - ئۇزرا» داستانلىرى زىيائىينىڭ، «بەھرام - دىلئارام» داستانى غەرىبىنىڭ ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن قول يازما تەركىبىدىكى ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆزى مۇستەقىل يازغان بەش داستان ئايرىم «نىزارى داستانلىرى» دېگەن نام بىلەن 1985 - يىلى 9 - ئايدا بىرىنچى قېتىم مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىندى.

يۇقىرىقىدىن باشقا نىزارى ئەسەرلىرىنىڭ تېخىمۇ تولۇق نۇسخىسى بولغان «نىزارى كۇللىياتى» نىڭ قوليازمىسى ھازىر لېنىنگرادتا ساقلانغان بولۇپ، ئۇ قوليازما تولپام 1910 - يىلى قەشقەردىن روسىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن. ئۇنىڭ فورماتى 24 × 32 س. م. قوليازمىنىڭ باش - ئاخىرى تولۇق ۋە ياخشى ساقلانغان.

بۇ تولۇق توپلام تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن نىزارىنىڭ «زادۇن - نەجات» (دەھرۇن - نەجات دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسىرىنىڭ ھاشىيەسىگە شائىرنىڭ 35 پارچە مۇخەممىسى (290 كۇپلېت، 1450 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆچۈرۈلگەن.

ئۆزىنىڭ مول ئىجادىي مىراسلىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس شۆھرەتلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئابدۇرېھىم نىزارى تەخمىنەن 1776 - يىلى

---

* قول يازمىدا «مۇقەددىمە» دېيىلمىگەن. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلاشتا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن «مۇقەددىمە» دەپ ئاتالغان.

قەشقەر كونا شەھىرىنىڭ بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، 1850 - يىللاردا ۋاپات بولغان.

«نىزارى داستانلىرى» قول يازمىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، نىزارىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى ئەينى يىللاردىكى قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ ئالاھىدە قوللىشىغا ئېرىشكەن. شائىر 1835 - يىللىرىدىن باشلاپ زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ ھوزۇرىدا ئوردا خادىمى (كاتىپ) لىق قىلغان. 1840 - يىلدىن باشلاپ قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دە مۇدەررىسلىك قىلغان. زوھۇرىددىن ھېكىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىرقانچە يىرىك داستانلارنى ياراتقان.

نىزارى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا شەرق كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشقاندىن تاشقىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنى ئۇستاز تۇتۇپ، نەۋائىنىڭ «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ئىسىل نەمۇنىلەرنى ياراتتى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى گۈلشىنىدە ئاجايىپ رەڭدار، خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

نىزارى ئەسەر تىلىنىڭ راۋانلىقىغا، جۈملىلەرنىڭ ئىخچام، مەنىسىنىڭ چوڭقۇر بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش بىلەن بىللە بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن — مەجاز، مۇبالىغە، ئىستىئارە، كىنايىلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ، يېڭى ئوبرازلار ئارقىلىق پوئېزىيە دۇنياسىنى بېيىتىشقا تىرىشقان. خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۇرۇۋەتكەن.

شۇڭا ئادالەتنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى كۈيلىگۈچى ئىلغار پىكىرلىك تالانتلىق شائىر نىزارىنىڭ ئەسەرلىرى - داستان-

لىرى ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

«غەزەلىيات»

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن مول ئەدەبىي مىراس قالدۇرغان تالانتلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ نازىمى «غەزەلىيات»نى ھىجرى 1265 — (مىلادى 1848 — 1849) - يىلى 27 ياش مەزگىلدە تاماملىغان.

شائىر ياشلىقىنىڭ قىران چاغلىرىدا يازغان غەزەللىرى-نى توپلىغان بۇ «غەزەلىيات»نىڭ قايتا كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسىدا 136 غەزەل، تۆت مۇخەممەس، ئۈچ مۇسەد-دەس، ئىككى مۇستەھزات ۋە نازىمىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بار.

موللا بىلال نازىمى ھىجرى 1238 - (مىلادى 1822 — 1823 -) يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە موللا يۈسۈپ ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسى-دە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان موللا بىلال ئاكىسى جالالىدىننىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇشى بىلەن قورغاس مازار (تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى) يېنىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىدە 11 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بۇ جەرياندا ئەرەب، پارس تىللىرى، شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، مول بىلىمگە ئىگە بولغان.

بۇ تالانتلىق شائىر بىزگە «غەزەلىيات»تىن باشقا، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق داستانى (1875 - يىللىرى يېزىلغان)، «چاڭ-مورا يۈسۈپخان» ناملىق ساتىرىك داستانى (1881 - يىلى يېزىلغان)، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا رىئالىزمنىڭ يىلتىزىنى چوڭقۇر تىلرتقۇزغان، تېما، مەزمۇن جەھەتتە يېڭىلىق ئېچىپ

كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەسىرى ـ «نوزۇگۇم» قىسسىسى (1882 ـ يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ ھىجرى 1318 ـ (مىلادى 1900 ـ 1901) ـ يىللىرى 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. موللا بىلالنىڭ بۇ ئەسەرلىرى تېما، ھېسسىيات، تىل جەھەتتىن خەلق تۇرمۇشىغا، خەلق ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن يېقىن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلققە بولغان دىلكەشلىك ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق ئۇلۇغلانغان «غەزەلىيات»تىكى غەزەللىرى خەلق ئىچىگە تېز تارقىلىپ، خەلق فولكلورىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بەزى غەزەللىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىغا ئايلانغان.

«غەزەلىيات»نىڭ ئاپتور قەلىمى بىلەن يېزىلىپ تۈپلەنگەن قول يازما نۇسخىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان: نازىمى ياش ـ قۇرامىغا يەتكەندە بىر ساھىبجامال قىزغا ئاشىق ـ بىقارار بولغان. بىراق قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى موللا بىلالنى «كەمبەغەل» ساناپ، قىزنىڭ رايىغا باقماي، باشقا بىرىگە ياتلىق قىلىۋەتكەن. بۇ ئىش نازىمغا قاتتىق تەسىر قىلغان، شۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ، ساھىبجامال ھەققىدە يازغان غەزەللىرىنى رەتلەپ، تۈپلەپ، بىر يېشىل تاۋار جىلىدقا ئېلىپ، يوشۇرۇنچە مەشۇقى ساھىبجامالغا تەقدىم قىلغان. باشقىلارغا ياتلىق بولۇپ كەتسىمۇ، نازىمنى قەلبىدە پۈككەن ساھىبجامال بۇ قىممەتلىك سوۋغاتنى ئەتىۋارلاپ ساندۇقتا ساقلاپ كەلگەن.

ئۇ ئايال ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، «غەزەلىيات»نىڭ قول يازمىسى ئۇنىڭ ئوغلى ھاشىر مەخسۇمغا مىراس بولۇپ قالغان. بۇ مەرگىلدە «غەزەلىيات»نىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئىزلەپ يۈرگەن مۆتىۋەرلەردىن ئابدۇمۇتائالى خەلپەم (1867 ـ 1960) «غەزەلىيات»نىڭ قول يازمىسىنى ھاشىر

مەخسۇمدىن سوراپ ئۆز ئۆيىدە ساقلىغان. ھاشىر مەخسۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇمىجىت بىر مەزگىل ئابدۇمۇتائالى خەلپەمنىڭ يېنىدا تۇرغان. ئابدۇمىجىت 40 - يىللاردا ئىلىدىن كەتمەكچى بولغاندا، ئابدۇمۇتائالى خەلپەم «غەزەلىيات» نىڭ قوليازمىسىنى ئابدۇمىجىتنىڭ ۋارىسلىق ھەققى ھېسابلاپ، شاگىرتى تېيىپزات خەلپەمگە كۆچۈرگۈزۈۋېلىپ، قول يازمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئابدۇمىجىتكە بېرىۋەتكەن.

شائىر موللا بىلال نازىمى بىلەن تالاي قېتىم سۆھبەتتە بولغان، شائىرغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ساقلىغان ئابدۇمۇتائالى خەلپەم نازىمنىڭ يەركەنتتە ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى خاتىرىگە ئالغان. موللا بىلال نازىمنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش يولىدا خېلى جاپالىق ئىزدەنگەن. موللا بىلال نازىمى ئۈچۈن «تەرجىمەئى بىلال شائىر مەشھۇر» دېگەن شېئىرلەۋھىدە تەرجىمىھال تۇرغۇزغان.

«غەزەلىيات»نىڭ ئابدۇمۇتائالى خەلپەم تېپىپ، قايتا كۆچۈرگۈزۈپ ساقلىغان نۇسخىسى كېيىن مەرھۇمنىڭ ئوغلى مۇھەممەتخان مەخسۇم كامالىغا مىراس بولۇپ قالغان. بۇ نۇسخىنى مۇھەممەتخان مەخسۇم كامالى بىلەن تۇرسۇن زېرىدىنلار 1987 - يىلى نەشر قىلدۇرغان.

مەن 1990 - يىلى غۇلجىغا خىزمەت بىلەن بېرىپ، «غەزەلىيات»نىڭ بۇ نۇسخىسىنى مۇھەممەتخان مەخسۇم كامالىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخماندىن مۇزېي ئىختىيارىدا ساقلاش ئۈچۈن تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ قول يازما شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) رىسالىسى

خوتەن شەھىرىدە ئۆتكەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمە-
تۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنرەك
كۆچۈرۈلۈپ ساقلىنىپ قالغان قول يازما نۇسخىسى ھازىر جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستى-
تۇتىدا ساقلانماقتا. قول يازما نومۇرى 909.217/149 بولۇپ،
خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغەزگە ئېنىق ۋە راۋان خەتتى
نەستەئلىقتە پۈتۈلگەن. ئەسەر جەمئىي 39 بەت، ھەر بېتىگە
15 قۇردىن خەت يېزىلغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا قىزىل
سىياھدا كونىچە «١٢٧١ سىنە» (ھىجرى 1271 - يىلى،
مىلادى 1854—1855 - يىللىغا توغرا كېلىدۇ) دېگەن يىل
نامە يېزىلغان.

قول يازمىنىڭ ئىملاسىغا ئاساسەن، ئەسەرنىڭ باشقىلار
تەرىپىدىن كېيىنكى يىللاردا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا
بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە خەتتات
توغرۇلۇق ئېنىق مەلۇمات يوق. قول يازمىنىڭ باش بېتىگە
«ئۇشبۇ تەۋارىخى مۇسىقىيۇن كىتابىنى پۈتتۈرگەن ئەلىشىر ھېكىم
بېگىمگە يۈز رەھمەت، پۈتكۈچى موللا ئىسمەتۇللا مۇئجىزگە
ئىلاھىم مىڭ رەھمەت قىلغاي، ماڭا بۇ رىسالەنى دۆۋەل
ئەزىمشاھ بېگىم تەقدىم قىلدى، دەپ مۆھۈر باسقۇچى مۇفتى
مۇھەممەد ئىمىن ئىبنى باقىدۇر، ١٣٣٧ سىنە» دېگەن
سۆزلەر يېزىلىپ، مۇفتى مۇھەممەد ئىمىننىڭ مۆھۈرى بېسىل-
غان. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ قول يازمىنىڭ ئەڭ كېيىن بولغان
تەقدىرىمۇ ھىجرى 1338 - (مىلادى 1919 — 1920 -)
يىلىدىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمە-
تۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۇئجىزنىڭ ھاياتى توغرى-
سىدا ھازىرچە ئۆز ئەسىرىگە يېزىلغان بايانلاردىن باشقا
مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، بىراق، ئەسەردىكى ماتېرىياللارنىڭ

ئۆزىمۇ بىزنىڭ مۇئجىزى ئوبرازىنى خېلى روشەن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

مۇئجىزى ئۆز رىسالىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ رىسالىنى يېزىش ئۈچۈن «تارىخىي رەشىدى»، «تەۋارىخى تەبىرى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇس - سەفا» (ساپا ئىنىق باغ تارىخى)، «تەۋارىخى ھۆكەما» (دانىشمەنلەر تارىخى)، «تەۋارىخى ئەجەم»، «تەۋارىخى ئەرەب» قاتارلىق ئەتىۋارلىق ئەسەرلەر-دىن پايدىلانغانلىقىنى ھەم زور ئالىم، مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن فىسا غورۇس، فارابى، پەھلىۋان مۇھەممەد كۈشتىنگىر، ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق پىر - ئۇستازلارنىڭ بۇ پەن ھەققىدە يازغان كىتاب ۋە رىسالىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز قۇدرىتى، قابىلىيىتىگە مۇۋاپىق بۇ رىسالىنى يېزىپ، ئالەم خەلقىگە سوۋغات قىلغانلىقىنى، بۇ رىسالىگە «تەۋارىخى مۇسى-قىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) دەپ ئات قويغانلىقىنى ناھا-يىتى ئېنىق قىلىپ بايان قىلىدۇ. بىز بۇ بايانلاردىن ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن مەلۇماتلىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزنى بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخىمىز بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم ماتېرىياللار بى-لەن تەمىنلەيدىغان ياخشى ئەسەر.

موجىزى ئۆز ئەسىرىدە تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرى ئىچىدە ئۇنىڭ قىدىرخان يەركەندى بىلەن ئامانىساخان نەفىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

موجىزى قىدىرخان يەركەندىنى: «بۇ پەننىڭ ئون تۆ-چىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىز-

دەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئىدى. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئۆمرىنى يازمىدىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرى- نى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. تالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خوش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستامبۇل، كەش- مىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ۋە ھەش- تىتار (سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ) نى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلىدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى، «دىۋان قەدىرى»، (قىدىرخان شېئىرلىرى توپلىمى) بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. جەندە - كولا كىيىپ يۈ- رەتتى، داڭلىق سۇلتان ئابدۇرەشىدخان غەزادىمۇ، يېتىپ - قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئايرىلمايتتى. قىدىرخان ۋىسال نام- لىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرەشىدخان پادىشاھدىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى» دەپ يازىدۇ.

موجىزىنىڭ فېئودالىق - دىنىي چەكلىمىلەر بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىكنىڭ چەكلىمىلىرى تۈپەيلى تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان شائىرە ۋە كومپوزىتور ئامانىساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، زور ھۆرمەت بىلەن خەلققە تونۇشتۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدە- نىيەت تارىخىغا قوشقان يەنە بىر زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

موجىزى ئۆز ئەسىرىدە ئامانىساخان نەفىسىنى: «ئۇن يەتتىنچى پىرى ھەزرەتكەئى ئامانىسا خېنىم ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، «دىۋان نەفىسى» ناملىق شېئىرىي

بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەتكە ئىگە ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى... بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، «دىۋان نەفىسى» نى يازدى، خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، «شورۇھۇلقۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى، شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى... بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان...» دەپ يازىدۇ.

موجىزى ئۆز ئەسىرىدە يەنە «راك»، «ئۇششاق»، «ئۆزھال»، «چۆل ئىراق»، «ئەجەم»، «ناۋا»، «ۋىسال»، «چاھارزەرب»، «چاھارگاھ»، «دۇگاھ»، «پەنجىگاھ»، «مۇشاۋرەك»، «بەيادەك»، «سىگاھ»، «بايات»، «ئىشرەت ئەنگىز» دىن ئىبارەت 16 مۇقامنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ بايانلار ئۇيغۇر خەلق مۇقامىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ*.

بۇ قول يازما ئەسەر 1982 - يىلى 6 - ئايدا ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىلەر تەرىپىدىن 1 - قېتىم بېيجىڭدا نەشرگە تەييارلىنىپ ئېلان قىلىندى.

«تارىخى ئەمنىيە»

---

* «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ھەققىدىكى بۇ چۈشەندۈرۈش ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىلەر نەشرگە تەييارلىغان شۇ ناملىق كىتابنىڭ «كىرىش سۆزى» دىن پايدىلىنىلىپ تەييارلاندى. — ئا.

XIX ئەسىر ئىچىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۆزئۆزىغا سوزۇلغان ئىچىنىشلىق تارىخىي باسقۇچ ۋە زور ئىجتىمائىي داۋالغۇش دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. بىرقانچە ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە تارىخچىلىرى بۇ ئىچىنىشلىق تارىخ ۋە زور ئىجتىمائىي داۋالغۇشلارنى ئەسلەپ، خۇلاسىلەپ كۆپلىگەن تارىخنامە، رىسالە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازدى. ئەنە شۇ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە موللا مۇسا سايرامى تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە ئۇنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخىي ھەمىدى» مۇھىم تارىخنامىلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور بۇ ئەسەردە بايان قىلغان كۆپلىگەن تارىخىي ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتناشقان ۋە كېيىنچە بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە جاپالىق تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش - رەتلەش، ئەتراپلىق - تەپسىلىي تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان بۇ تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان.

«تارىخى ئەمىنىيە» ھىجرى 1321 - يىلى ماھى زۇلھەججەنىڭ 11 - كۈنى يەنى مىلادىنىڭ 1903 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يېزىلىپ بولغان. ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن پۈتۈلگەن بۇ بىردىنبىر قىممەتلىك قوليازما ئەبەر 1957 - يىلى قەشقەردىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. ئەسەر تولۇق، 166 ۋاراق (331 بەت). ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدە تۆت بەت، ئاخىرىدا يەتتە بەت قوشۇمچە يېزىلغان نەزىم (شېئىرلار) بار. ھەجمى 2 × 17 × 21 س.م بولۇپ، ھەر بىر بەتكە 17 — 18 قۇردىن خەت (ماۋزۇلىرى قىزىل،

پايانلىرى قارا سىياھتا) يېزىلغان.

موللا مۇسا سايرامى ئەسەرىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبنى: «...بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت ۋە پاراكەندىچىلىكلەر تۈگەپ، بۇ موغۇلىستان ئۆلكىسى تىنچلىق ۋە ئەمنىيەتلىك بىرلە بەرقاراردۇرلەر. بۇ ئىككى مۇناسىۋەتتىن بۇ تارىخچەغە «تارىخىي ئەمنىيە» دەپ ئاتىدىم، بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان ۋە بىر خاتىمە بىرلە تەمامىغە يەتكۈزدۇم» دەپ ئىزاھلايدۇ.

«ئاپتور ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى بىلىملەر، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى بولۇپمۇ ئاپتور ئۆزى بىۋاستە كۆزەتكەن ياكى ئاڭلاپ تەھقىقلىگەن ئىسپاتلىق ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېزىلغان بۇ ئەسەرلەردە: موغۇلىستان (يەتتە شەھەر ياكى جەنۇبىي شىنجاڭ) نىڭ ئەھۋالى، بۇ جايدا تارىختا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر؛ بۇ يۇرتقا كىملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ۋە موغۇلىيە دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى؛ بولۇپمۇ چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخى؛ ھەرقايسى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىچكى نىزا، يېغىلىقلار؛ جاھالەت پىرلىرى ـ خوجا، ئىشان ـ سوپىلارنىڭ خەلقنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن پاجىئەلىك قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى؛ ھەرقايسى جايلاردا مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ۋە يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا قارشى پارتلىغان خەلق قوزغىلاڭلىرى؛

ياقۇپبەگ (بەدۆلەت، ئاتالىق غازى) نىڭ يەتتە شەھەر ئەھلىنى ئىستىبلا قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرى»* قاتارلىقلار ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

مولla مۇسا سايرامىنىڭ ئۆز مەلۇماتلىرى ۋە ئەزىز داموللىنىڭ «نەسەبنامەئى موللا مۇسا» دېگەن قولىيازمىسى قاتارلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تالانتلىق ئالىم، تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ھىجرى 1252 - يىل جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 10 - كۈنى (مىلادى 1836 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسى توغايلا مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سايرامىنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجابىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئوغلى مۇسانى يەتتە يېشىدىن باشلاپلا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان سايرام مەدرىسىدە، ھىجرى 1263 — (مىلادى 1847 - ) يىلىدىن تارتىپ كۇچادىكى مەشھۇر «ساقساق» مەدرىسىدە ئوقۇتقان. موللا مۇسا ئۇ يەردە دىنىي بىلىملەردىن باشقا تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم، ئىلمىي نۇجۇم، جۇغراپىيە، ناباتات (ئاگروبىئولوگىيە)، ئەرەب ۋە پارس تىللىرى قاتارلىقلارنى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېزلا «موللا مۇسا»، «بالا موللا»، «موللا ئەبجەدخان» (كالىندارشۇناس) دېگەنناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان. ھىجرى 1270 - (مىلادى 1854 - ) يىلى ئۇ «ساقساق» مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ئۆز ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسىگە كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلغان.

موللا مۇسا سايرامى كېيىنكى يىللاردىكى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى يەنى ھىجرى 1284 - (مىلادى 1867 )

---

* ۋەلى «موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق كىتابى توغرىسىدا» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 - يىلى 2 - سان.

يىلدىن تاكى ھىجرى 1294 - (مىلادى 1877 -) يىلغىچە ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابېك ھىسارىنىڭ مىرزا (كاتىپ) لىق ۋەزىپىسىدە بولىدۇ. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تارىخىي ئەسەر يېزىش مەقسىتىدە غەربتە قەشقەر، شەرقتە تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى بىرقانچە يىل ئايلىنىپ، مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلاپ، ئاخىر ئاقسۇغا كېلىپ، يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا تۇرغان 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، پېقىرلىق - نامراتلىقتا تولغان يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھارماي - تالماي ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، بىرقانچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (ھىجرى 1302 -، مىلادى 1885 - يىلى)، «دەربايان ئەنسابۇل كەھەب» (ھىجرى 1316 -، مىلادى 1898 - يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ئەمىنىيە»، «دىۋان مەسنەۋى» (ھىجرى 1325 -، مىلادى 1907 - يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ھەمىدى» (ھىجرى 1326 -، مىلادى 1908 - يىلى يېزىلغان)، «سالامنامە» (ھىجرى 1334 -، مىلادى 1916 - يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ئەسەرلەر بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرىدۇر.

ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى، تارىخ ئەھلىنىڭ مەشئەل — چىرىغى بولغان موللا مۇسا سايرامى ھاياتىدا شۇنچە كۆپ يىرىك ئەسەر — قىممەتلىك يازما يادىكارلىق مىراسلارنى قالدۇرۇپ، ھىجرى 1335 - يىلى ماھى جامادىيەلئاخىردا (مىلادى 1917 - يىلى) مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى يازغان شۇنچە كۆپ كىتابلىرى ئىچىدىن پەقەت ئۇنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» ناملىق يىرىك تارىخىي ئەسىرى مىلادى 1904 - يىلى روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىكى «مەدرىسەئىي ئۇلۇم» مەتبەئەسىدە رەسمىي

نەشىر قىلىنغاندىن باشقا، قالغان ئەسەرلىرى ئاپتورنىڭ ئۆز قول يازمىسى ياكى باشقا خەتتاتلارنىڭ كۆچۈرمىسى ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن.

«تارىخىي ئەمنىيە» نىڭ 1904 - يىلى بېسىلغان قازان نۇسخىسىغا ئاساسەن مەرھۇم مۇھەممەت زۇنۇن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆزگەرتىپ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا 1988 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئومۇمەن، كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغان دەۋرىدىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زامانغىچە بولغان 12 ئەسىردىن كۆپرەك بىر ئۇزۇن جەرياندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ناھايىتى زور مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى بايلىقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ يادىكارلىقلاردا ئىجابىي ئامىللار يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەنلىكتىن، ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر ۋە دەۋر چەكلىمىلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلاردا ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق پاسسىپ ئامىللارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا بىز يازما يادىكارلىق مىراسلىرىمىزنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىمىزدا ئۇلارغا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا يەنى تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرى بويىچە توغرا باھا بېرىپ، ئۇلارنىڭ شاكىلى بىلەن مېغىزىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ھەمدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

责任编辑：魏力　艾尼瓦尔·达吾提
[illegible]依汗古丽
责任校对：阿达来提·木塔里甫
封面设计：刘培勤

**西域与古老文化**（维吾尔文）
克尤木·霍加　著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　12.5印张　6插页
1995年4月第1版　1995年4月第1次印刷
印数：1——2060

ISBN7—228—02695—0/K·280　定价：7.20元